دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# بۈيۈك برودۇ

(ھىندىستان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

شىرمەت باتۇر كېبىر شاھ

مىللىي قەھرىمان ماناس

رامەنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى

ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدىكى كەچۈرمىشلىرى

ئىستېلاچى ئانېئاس

بۈيۈك بىرودۇ

نىبلۇڭىن پاجىئەسى

بېئوۋۇلفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى

ترويادىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش

باتۇر شاھ جاڭغىر

ISBN 7-228-09499-9

9 787228 094998 >

ISBN 7 - 228 - 09499 - 9

(民文) 单价:11.00 全套定价:110.00元

15
1351. 22
2

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# بۈيۈك بىروۋ

ئەسلى ئاپتورى : ئەۋلىيا ۋياسا (ھىندىستان )

تەرجىمە قىلغۇچىلار : ئوسمانجان مۇھەممەت
تۇرسۇن ھېزىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1994 ـ يىلى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据吉林摄影出版社 1994 年 4 月第 1 版,1994 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: رەيھانگۈل قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل كېرىم
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس
بۈيۈك برودۇ
ئەسلىي ئاپتورى: ئەۋلىياۋ ياسا[ھىندىستان]
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئوسمانجان مۇھەممەت
تۇرسۇنجان ھېزىم
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ لۇڭيىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
850×1168 مم، 32 فورمات، باسما تاۋىقى: 7.75
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—4000
ISBN7—228—09499—9
يەككە باھاسى: 11.00 يۈەن (ئومۇمىي باھاسى 110.00 يۈەن)

图书在版编目(CIP)数据

伟大的婆罗多/(印度) 广搏仙人著：奥斯曼江·买买提，吐尔逊·赫孜木译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005.7
ISBN 7-228-09499-9

Ⅰ.伟… Ⅱ.①广… ②奥… ③吐… Ⅲ.史诗—印度—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I351.22

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 082962 号

责任编辑：热依汗古丽·库尔班
责任校对：阿孜古丽·克力木
出版策划：艾尔肯·伊不拉音·飞达

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆隆益达印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 7.75 印张
2005 年 7 月第 1 版 2005 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—4000

ISBN 7-228-09499-9
单价：11.00 元（总定价：110.00 元）

# قىسقىچە مەزمۇنى

گانگى دەرياسى سىكۇنت - سىكۇنتلاپ ماڭاتتى، مىنۇت - مىنۇتلاپ ئاقاتتى. كۈنلەپ - كۈنلەپ ھەرىكەت قىلاتتى. يىللاپ - يىللاپ ئۆزگىرەتتى...

ئەسىر - ئەسىرلەر سىرلىق گانگى دەرياسىنىڭ سۈيىدە غايىب بولغانىدى. ئەمما، بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل مۇقەددەم بۇ يەردە قانداق ھىندى ئەر - ئاياللار تۇرغان، ئۇلار ھازىرقى ھىندىلارغا ئوخشامدۇ - ئوخشىمامدۇ، ئۇلار بۇ تۇپراقتا لەزىز كۈيلەردەك كېلىپ، يەنە بۇ تۇپراقتىن لەرزان ئۇسسۇلدەك كەتكەنمۇ، بۇنى كىم بىلسۇن؟ بۇ قەدىمىي، سىرلىق، مەشھۇر ئېپوس «بۈيۈك ماخاپخاراتا» سىزگە 2000—3000 يىل ئىلگىرىكى گانگى دەرياسى بويىدىكى قەدىمىي ھىندىستاندا يۈز بەرگەن جىمى ئەھۋاللارنى — گۈزەل بىر خىيالىي دۇنيانى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسىم ۋىسۋەكەرمەن: گانگى دەرياسى ئىلا-
ھىسىنىڭ سەككىزىنچى ئوغلى ···1

ئىككىنچى قىسىم سىھىرلىك «بالا تىلەش ئەپسۇنى»:
باندۇنىڭ بەش ئوغلى ۋە كارنانىڭ تە-
ۋەللۇت بولۇشى ················· 9

ئۈچىنچى قىسىم قىزىل قارا ئاق: پىل شەھىرىنىڭ
شاھزادىلىرى ················· 14

تۆتىنچى قىسىم شاھ ئوردىسى: بەندۇ قەبىلىسىنىڭ
ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشى ··········· 21

بەشىنچى قىسىم ئوپچا توي: بەش قېرىنداشنىڭ قارا
مەلىكىنى ئورتاق خوتۇنلۇققا ئالغان-
لىقى ························· 31

ئالتىنچى قىسىم ھەيران قېلىش: مەلئۇن بىلەن قىمار
ئوينىغانلىقى ·················· 44

يەتتىنچى قىسىم سەرسانلىقتىكى يىللار: ئاسماندىن
زېمىنغىچە ····················· 57

سەككىزىنچى قىسىم تىنچلىق چۈشى: ھىندىنىڭ تىنچلىق
چۈشىگە ئىنتىلگەن ئادەم ······ 94

توققۇزىنچى قىسىم جۇلۇ چوڭ جېڭى: مەھرەم
كۈنى························· 105

ئونىنچى قىسسە — كىم تەسەللى بېرەلەيدۇ؟ پەل شە-
ھەرى ھالاكەت شەھەرىگە ئاي-
لاندى ........................ 234

بىرىنچى قىسسە

## ۋىسۋەكەرمە: گانگى دەريا ئىلاھەسىنىڭ سەككىزىنچى ئوغلى

— مەيلى كەم بول ماڭا خوتۇن بولىسەن، — دېدى بۈيۈك برودو قەبىلىسىنىڭ ئاتا - بوۋىسى بەخت شاھى گانگى دەريا ئىلاھەسىگە. ئۇ چاغدا گانگى دەريا ئىلاھەسى گۈزەل ھىندى قىزى سىياقىدا ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. پادىشاھ قىزنىڭ سەرۋى قامىتىدىن مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ كەتكەندى.

— ئالىيلىرى، مەن سىلىگە خوتۇن بولاي، ئەمما بىر شەر-تىم بار، ئۇنى سىلىگە ئېيتاي، سىلى ئۇ شەرتىمگە ماقۇل بولغاي-لا: سىلى ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ مېنىڭ كىملىكىمە-نى، نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمنى ھەرگىز سورىماسلىقى، ئىشلىرىمغا ئارىلاشماسلىقى؛ ھەرقانداق ئىش روي بەرسىمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا خاپا بولماسلىقى، مېنى خاپا قىلىدىغان گەپلەرنى قىلماسلىقى كېرەك. مۇبادا سىلى بۇ ئەھدى - پەيمانغا خىلاپلىق قىلسىلا، مەن سىلىنى تاشلاپ كېتىمەن. بۇ شەرتىمگە قوشۇلامىلا ئالىيلىرى؟

قىزنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىدە پۇچىلىنىۋاتقان پادىشاھ قىزغا قوشۇلىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن گانگى دەرياسى ئىلاھەسى پادىشاھىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى - رەپىقىسى بولدى. گانگى دەريا ئىلاھەسى نۇرغۇن پەرزەنت كۆردى. ئەمما ئۇ بالىنى تۇغۇپلا گانگى دەرياسىغا تاشلىۋېتەتتى ۋە كېيىن خۇش

تەبەسسۇم بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلەتتى.

بەخت شاھى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران قالدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى زىنھار چۈشەنمىدى. ئەمما ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئويلاپ، بۇ ئىشقا سۈكۈت ئىلكىدە چىداپ تۇردى. پادىشاھ ئۇنىڭ كىملىكىدىن، قەيەردىن كەلگەنلىكىدىن، ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇمپەن ئايال داخانغا ئوخشاش قىلىپ يۈرۈيدىغاندۇ، دەپ گۇمانلانسىمۇ، ئەمما ئەھدى - پەيمان يۈگىنى ئۇنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ پادىشاھ ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەچكە ئۇنى ئازراقمۇ ئەيىبلىمەيتتى، ئۇنىڭدىن نارازى بولمايتتى. ئۇنىڭغا بۇنداق قىلماڭ، دەپ نەسىھەتمۇ قىلمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەتتە بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. سەككىزىنچى بالىسىنى تۇغقاندا ئۇنىمۇ گانگى دەرياسىغا تاشلىۋەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بەخت شاھىنىڭ سەۋرى قاچىسى توشتى.

— توختا، توختا، — دەپ خىتاب قىلدى بەخت شاھى، — نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، تەگرى يولىغا مۇخالىپ ئىش بۇ! سەن نېمىشقا بۇنداق تاش يۈرەكلىك قىلىسەن! باغرىڭنى يېرىپ چىققان بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولىسەن؟

بەخت شاھى ئۇنى توستى.

— ئالىيلىرى، سىلى ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ سىلىنىڭ خىياللىرى مەندە ئەمەس، بالىدا ئىكەن. خوش، مەن كېتىمەن. بۇ بالىنىڭ جېنىغىمۇ زامىن بولمايمەن. ئەمما سىلى ماڭا پەتىۋا چىقىرىشلىرىدىن ئاۋۋال، مېنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلىسىلا: مەن ئادەملەر بىلەن ئىلاھ ئوخشاشلا ھۆرمەت قىلىدىغان گانگى دەريا ئىلاھەسى، مەن پەقەت جەننەت پەرىشتىسىنىڭ ئەپسۇنى تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدىم. جەننەت پەرىشتىسى سەككىز پەرىشتىنىڭ پانىي ئالەمگە ئاپىرىدە بولۇشىنى قارغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا يالۋۇرۇپ ئۆتۈندى، مەن ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇش، يېلىنىشلىرىدىن قاتتىق تەسىر-

لىنىپ، ئۇلارنىڭ ئانىسىغا ماقۇل بولدۇم. بىز ئىككىمىزنىڭ ئۇ پەرزەنتلەرنى كۆرگەنلىكىمىزنىڭ سىلىگىمۇ پايدىسى بار. ئالىيلىرى، چۈنكى سىلى سەككىز پەرىشتىگە تۆھپە قوشتىلا. سىلى كەلگۈسىدە جەننەتكە كىرىلا. ئەمدى مەن سىلىنىڭ بۇ كىچىك ئوغۇللىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغاندىن كېيىن، سىلىگە سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىمەن.

گانگى دەريا ئىلاھەسى شۇنداق دېدى - دە، بالىنى ئېلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ سەككىزىنچى بالا كېيىن مەشھۇر ۋىسۋەكەرمە بولدى.

ئۇ ئايال بەخت شاھىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، شاھ جىمى راھەت - پاراغەت، ئەيش - ئىشرەتنى تەرك ئەيلەپ، تەڭرى يولىنى تۇتۇپ، ئادىللىق بىلەن جاھان سوراپ، ئەل - مەملىكەتنى ئىدارە قىلدى. بىر كۈنى شاھ غەمكىنلىك بىلەن سەيىر ئېتىپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا ئىلاھە ئىنتىدرەدەك گۈزەل قامەتلىك بىر بالىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بالا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان گانگى دەرياسىغا ئوقيا ئېتىپ ئويناۋاتاتتى. بالا تولىمۇ شوخ ئىدى، ئۇ خۇددى ئاپىسى بىلەن ئەركىلەپ ئويناۋاتقاندەك گانگى دەرياسى بىلەن ئويىنىشىۋاتاتتى. بەخت شاھى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. دەل شۇ ئەسنادا، بىردىنلا گانگى دەريا ئىلاھەسى ھازىر بولدى ۋە شاھقا ئۇ سىلىنىڭ بالىلىرى بولىدۇ، — دېدى.

— ئاھ، ئالىيلىرى، — دېدى گانگى دەريا ئىلاھەسى، — بۇ مەن سىلىگە تۇغۇپ بەرگەن سەككىزىنچى ئوغۇل، ئۇنىڭ ئىسمى ئىلاھىي ۋەدە. ئۇ خۇددى پادىچى لومەگە ئوخشاش جەڭ ماھارىتىدە كامالەتكە يەتكەن، ئۇ جەننەت پەرىشتىلىرىدىن «ۋېدە» بىلەن «ۋېدانده»نى ئۆگەنگەن، ئۇ ئاقتاغ پەرىشتىسى تەرغىب قىلغان جىمى ئىلىم - ھېكمەتنى تامام ئۆزلەشتۈرگەن. بۇ كارامەت بالا بولدى، بۇ بالىنى ئېلىپ كەتسىلە.

ئۇ شۇنداق دەپ بالىنى ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن غايىب بولدى.

قاتتىق خۇشال بولغان شاھ شۇ زامانلا بالىنى ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلىدى.

ئارىدىن ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى شاھ جۇمۇنا دەرياسى بويىدا سەيىر ئېتىپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا پانىي ئالەمدە كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل خۇشبۇي ھىد شاھنىڭ بۇرنىغا پۇرىدى. شۇنىڭ بىلەن شاھ خۇشبۇي ھىد كەلگەن سىيانىنى بويلاپ يۈردى ۋە ئاخىر پەرى سۈپەت بىر نازىنىن



قىزنى ئۇچراتتى. بۇ قىز بىر پەرىشتىنىڭ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇنىڭ سەرۋى قامىتىدىن مۇيەسسەر بولغانىدى، ئۇ-نىڭ سەرۋى قامىتىدىن ئىپار ھىدى كېلىپ تۇراتتى. پۈتۈن ئورمانلىقنى قىزنىڭ بويىدىن كەلگەن خۇشبۇي پۇراق قاپلىغانىدى. گانگا دەريا ئىلاھەسى كەتكەندىن كېيىن بەخت شاھى ئىشق - مۇھەببىتىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئەمما ئۇ بۇ ئىپار قىزنى كۆرگەندىن كېيىن ھېسسىيات دولقۇنىنىڭ چۇلغۇۋېلىشىغا تۇتالماي قالدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن سۆيگۈ فونتانلىرى ئېتىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئىپار قىزنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى.

— مەن بېلىقچىلار باشلىقىنىڭ قىزى، — دېدى قىز شاھقا، — سىلى ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ، مېنى سورىسىلا. ئاتامنىڭ قوشۇلۇشىنى ئۆتۈنسىلە.

قىزنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك لەزىز ئاۋازى ئايدەك چىرايىغا ئوخشاش يېقىملىق ئىدى.

قىزنىڭ ئاتىسى شاھقا: قىزىم تۇغقان بالا خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى شەرت دەپ شەرت قويىدى.

شاھ ئىپار قىزنىڭ مۇھەببىتىگە مەپتۇن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ شەرتكە قوشۇلسا بولمايتتى، چۈنكى گانگى دەريا ئىلاھەسى تۇغۇپ بەرگەن كەنجى ئوغلىنى ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلەپ بولغانىدى. شۇڭا، شاھ خىجالەتچىلىكتە قالدى. شاھ پىل شەھىرىگە قايتىپ كەلدى، ئارمانىغا يېتەلمەي ھەسرەت چەكتى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈردى، بۇ ئىشنى ئىنس - جىنغا تىنمىدى.

— ئاتا، — دەپ سورىدى بىر كۈنى ئىلاھىي ۋەدە، — سىلىنىڭ توققۇزلىرى تەل تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ھەسرەت چېكىدىلا؟ سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە پەرىشانلىق ئوقى تەگكەندەك قىلىدۇ.

— توغرا دېدىڭ ئوغلۇم، بىر ئىش مېنى پەرىشان قىلىۋاتىدۇ. سەن مېنىڭ تىكەندەك بىرلا ئوغلۇم، سېنىڭ ئەلەم جامبازلىققا رايىڭ تارتىپ قالدى. بۇ دۇنيا ئادەمگە ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇرۇش - يىغىلىق بولۇپ تۇرىدۇ، ساڭا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالسا بىزنىڭ نەسەبىمىز تۈگىشىدۇ. سەن يۈز ئوغۇلغا بەرگۈسىز بالا بولساڭمۇ، مۇقەددەس كىتابلارنى ۋايىغا يەتكۈچە مۇتىئالە قىلغان ئادەملەر ئۈچۈن، بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا بىر بالا بالىسى يوق بولغانغا ئوخشاش. بىر ئادەم بىلەن نەسەبىمىزنى داۋام ئەتتۈرۈپ بولماس. ئەۋلادىمنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى مېنىڭ جىمى ئارمانلىرىمدىن ئۈستۈن ئەمەس. مەن شۇ ۋەجىدىن پەرىشان بولۇۋاتىمەن.

پادىشاھ مەتۇلۇك بىلەن پۈتۈن ھېكايىنى ئوغلىغا دېيەلمەي قالدى.

زىرەك بالا ئاتىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى ۋە ھارۋىكەشتىن ئاتىسىنىڭ جۇمۇنا دەرياسى تەرەپتە نېمە ئىشلارغا يولۇققانلىقىنى سورىدى. ھارۋىكەش جۇمۇنا دەرياسى بويىدا شاھنىڭ ئىپار قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن بالا بېلىقچىلار باشلىقىنىڭ ھۇزۇرىغا ئاتىسى ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ باردى.

— قىزىم پادىشاھ ئالىيلىرىغا لايىق كەلگەنىكەن، ئۇ تۇغقان بالا ۋەلىئەھد بولۇشقا لايىق كەلمەمدىكەن؟ — دېدى بېلىقچىلار باشلىقى بالىغا، — ئەمما سىز ۋەلىئەھد بولۇپ بوپسىز، كەلگۈسىدە خانلىق ئورنىغا سىز ۋارىسلىق قىلىسىز. مۇشۇ ئىش بۇ تويغا كاشىلا بولۇۋاتىدۇ.

— قىزلىرى تۇغقان بالا خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلسۇن، — دېدى بالا كەسكىنلىك بىلەن، — مەن خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقۇمدىن ۋاز كېچىپ، قىزلىرى تۇغقان بالىغا ئۆتۈنۈپ بېرەي.

— سىز برودو نەسەبدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەم ئىكەنسىز ! — دېدى بېلىقچى، — ھازىرغا قەدەر ھەرقانداق بىر خان نەسەبىدە بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان. سىز ئاجايىپ قەھرىمان بالا ئىكەنسىز، مەن رازىلىق بەردىم. قىزىمنى خان ئاتىڭىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىڭ، ئەمما، مەن قىزىمنىڭ ئاتىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بەزى گەپلەرنى دېمىسەم بولمايدۇ، سەۋرىچانلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ. مەن سىزنىڭ ۋەدىڭىزدە تۇرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئەمما، سىزنىڭ كېيىنكى ئەۋ-



لادلىرىڭىز بۇ ھوقۇق ـ ئىمتىيازدىن ۋاز كېچەرمۇ؟ سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز ئۆزىڭىزدەك باھادىر ـ پالۋان بولۇپ يېتىلىپ، خانلىق ئورۇننى تالاشسا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەس بولىدۇ. مەن مۇشۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن.

بالا ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، قىزنىڭ ئاتىسى دېگەن بۇ قىيىن مەسىلە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قۇربان بېرىدىغانلىقىنى دېدى.

— مەن ئۆمۈر بويى توي قىلمايمەن. بۇ دۇنيادىن پاكلىقىمنى ساقلاپ تەنها ئۆتۈپ كېتىمەن، — دەپ بېلىقچىغا ئەھدى ـ پەيمان قىلدى.

تەڭرى بالىنىڭ بۇ ۋەدىسىنى ئاڭلاپ، بالىنىڭ بېشىغا گۈل چاچتى. ھاۋايى ـ مۇئەللەقتە «ۋىسۋەكەرمەن، ۋىسۋەكەرمەن» دېگەن سادا ياڭرىدى. «ۋېدە» قورقۇنچلۇق ئارزۇلاردىن ئاداققىچە ۋاز كەچمەيدىغان ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ «ۋېدە» ئىلاھىي ۋەدىنىڭ مەشھۇر نامى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ گانگى ئوغلانى ئىپپەتلىك ئىپار قىزنى ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويدى.

ئىپار قىز شاھقا خوچول، چىۋول دېگەن ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. چىۋول شاھ چىگو، باندۇ دېگەن ئىككى ئوغۇل كۆردى. چىگو خانىش ئەنبىكادىن، باندۇ خانىش ئەنبولكادىن تۇغۇلغاندى. چىگو تۇغۇلمىشىدىنلا ئەما تۇغۇلغان بولسىمۇ، يۈز پەرزەنت كۆردى، شۇڭا ئۇ يۈز پەرزەنتى بار چىگو دەپ؛ بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بولغاچقا، بەش ئوغلى بار بەندۇ دەپ ئاتالدى.

شۇنىڭ بىلەن گانگى ئوغلانى ۋىسۋەكەرمەن پۈتۈن نەسەب ھۆرمەتلەيدىغان ئاقساقال بولۇپ قالدى.



## ئىككىنچى قىسىم

# سېھىرلىك «بالا تىلەش ئەپسۇنى»: بەندۇنىڭ بەش ئوغلى ۋە كارنانىڭ تەۋەللۇت بولۇشى

هىندىلارنىڭ ئۈچ چوڭ ئىلاھى بار. بۇ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرسى ئەرشتىن زېمىنغا چۈشكەندىن كېيىن قارا ئىلاھ بولدى. قارا ئىلاھنىڭ بوۋىسى سولو يادۇ نەسەبىنىڭ ئەجدادى ئىدى، ئۇ ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ قىزى پولتا گۈزەل، ئەخلاق-لىق قىز ئىدى، كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى، سولو بىر نەۋرە قېرىندىشى گونتىنىڭ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ئارزۇلۇق قىزىنى ئۇنىڭغا بالا قى-لىپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ چولتا ئۆگەي ئاتىسى بىلەن بىرگە تۇردى، ئۆگەي ئاتىسى ئۇنى گۇڭدى دەپ ئاتىدى.

گۇڭدى سەبىي چاغلىرى ئىدى، پىيىل پەرىشتە ئۇنىڭ ئۆيى-گە مېھمان بولۇپ كەلدى، سۆيۈملۈك گۇڭدى ئۇ پەرىشتىنى نەق ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋالدى. پەرىشتە بۇ قىز بالىغا ئامراق بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا سېھىرلىك ئەپسۇن ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويدى.

— بۇ ئەپسۇننى ئۆگىنىۋالساڭ، — دېدى پەرىشتە، — قايسى ئىلاھنى چۈش دېسەڭ، شۇ ئىلاھ چۈشۈپ، كۆز ئالدىڭدا ھازىر بولىدۇ. ساڭا ئۆزۈڭگە ئوخشاش ئۇلۇغ پەرزەنت ئاتا قىلى-دۇ.

پەرىشتە بۇ قىز ياتلىق بولغاندا ئېرىنىڭ قارا قىسمەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ، بۇ قىزغا مۇشۇنداق شەپقەت ئىنايەت قىلدى.

پەرىشتىلەر ھىندىلارنىڭ ئېتىقادىدا ناھايىتى ئۇلۇغ ھېساب-لىنىدۇ. ئۇلار تۇرلۇك ئىستىقامەت يوللىرى ئارقىلىق چەكسىز دەرمە - قۇدرەت يېتىلدۇرىدۇ. دەرمە - قۇدرەت يېتىلدۇرگەن



ئۇلۇغ پەرىشتىلەردىن ئىلاھلار ۋە ئىنسانلار دېگۇدەكلا تەپ تارتى-دۇ.
كىچىك گۈڭدى ئەپسۇننى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن تەخىر-سىزلىنىپ، ئەپسۇننىڭ سېھرىي كۈچىنى سىنىماقچى بولدى. ئۇ ئاسمان قەھرىدىكى چوغدەك قىزىل قۇياشقا قاراپ ئەپسۇننى ياد-لىدى، زېمىنغا ئىللىقلىق ۋە نۇر ئاتا قىلغان قۇياش ئىلاھىنى چاقىردى. شۇ زامان ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى، جاھان قاراڭغۇلاشتى. قۇياش ئىلاھى قارا بۇلۇت ئىچىدىن يېرىپ چى-قىپ، گۈزەل گۈڭدىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ۋە ئوتلۇق كۆزلى-رىنى چىرايلىق گۈڭدىغا تىكتى. گۈڭدى بۇ سۇباتلىق ئىلاھنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكىنى كۆردى ۋە تەئەججۇپلەنگىنىچە:
— ئاھ، تەڭرىم! ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ — دەپ سورىدى.
— سۆيۈملۈك قىزىم، مەن قۇياش بولىمەن. مېنى بايا سىز ئوقۇغان بالا تىلەش ئەپسۇنى چاقىرىپ چۈشتى، — دېدى قۇياش ئىلاھى.
گۈڭدى قاتتىق قورقۇپ كەتتى ۋە جىددىي تەلەپپۇز بىلەن:
— مەن تېخى ياتلىق بولمىغان تۇرسام، قانداق ئانا بولى-مەن؟ يەنە كېلىپ مېنىڭ ئانا بولغۇم يوق. مەن پەقەت پېيىل پەرىشتىنىڭ ماڭا قىلغان شەپقىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈنلا ئەپسۇن ئوقۇغانىدىم. گۇدەكلىكىمدىن نادان ئىش قىلىپ قويغاند-لىقىمنى كەچۈرسىلە، تېز قايتىپ كەتسىلە.
ئەمما، قۇياش ئىلاھى بۇ ئەپسۇننىڭ سېھرىي كۈچى تۈپەيلى-دىن مۇنداقلا قايتىپ كېتەلمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا قۇياش ئىلاھى:
— قورقما قىزىم، سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە قىز ھالىتىڭگە كېلىسەن، — دېدى.
گۈڭدى پۈتۈن دۇنياغا يورۇقلۇق ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلغان قۇياش ئىلاھىدىن قورساق كۆتۈردى، ئۇ قورساق كۆتۈرۈش بى-

لەنلا تۇغدى، ئۇ ئىنسانلاردەك ئون ئالىلاپ قورساق كۆتۈرمىدى، تولغاق ئازابىنى يېمىدى.
گۆڭدى كارناننى تۇغدى. ئۇ تولىمۇ جازبىدار، تەڭداشسىز بالا بولدى، بەئەينى كىچىك قۇياش ئىلاھىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇش بىلەنلا، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىق، قولاقلىرى ساپاقلىق تۇغۇلدى. گۆڭدى بۇ بالىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمىدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر بالا تۇغۇپ قويغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كىچىك ئىلاھنى قۇتا ئىچىگە سېلىپ دەرياغا ئېقىتىۋەتتى. بالىسى يوق بىر هارۋىكەش بۇ قۇتىنى دەريادىن سۈزۈۋالدى ۋە قۇتىنى ئېچىپ قارىۋىدى، قۇتا ئىچىدە ئىنتايىن چىرايلىق بىر بالىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى كارنا بۇ هارۋىكەشنىڭ ئوغلى بولۇپ قالدى.
يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۆڭدى رەسىدە بولدى. گونتى شاھ كۇيئوغۇل تاللاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەلىكە قامەتلىك بەندۇ شاھىنى تاللىدى ۋە ئېرى بىلەن پىل شەھىرىگە كەتتى. كېيىن بەندۇ شاھى ئاقساقال ۋىسۋەكەرمەننىڭ نەسىھىتى ۋە شۇ چاغدىكى رەسىم - يوسۇن بويىچە، يەنە مودېل شاھىنىڭ سىڭلىسى مادېرىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. بىر كۈنى بەندۇ دالاغا شىكارغا چىقتى. دەل شۇ ئەسنادا بىر پەرىشتە ئۆزىنىڭ بۇغا سىياقىغا كىرگەن خوتۇنى بىلەن ئورمانلىقتا ئويناۋاتاتتى. بەندۇ شاھ بۇ بۇغىنىڭ پەرىشتە قىياپىتىگە كىرگەنلىكىنى بىلمەي، بۇغىغا ئوق ئاتتى. پەرىشتە يارىلىنىپ ئۆلدى ۋە ئۆلۈش ئالدىدا بەندۇ شاھىنى قارغاپ تۇرۇپ:
— ھەي، گۇناھكار ئادەم! سەن كەلگۈسىدە راھەتنىڭ تەمىنى تارتىش بىلەنلا ئۆلۈپ كېتىسەن، — دېدى. بەندۇ شاھ بۇ قارغاشلارنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەسرەتلەندى، دۆلەت ئىشلىرىنى ۋىسۋەكەرمەن بىلەن ۋىردولغا تاپشۇرۇپ، ئىككى خوتۇنىنى ئې-

لىپ، ئـورمـانلىقتـا مـاكـان ئـەيلـدى. ئەيش - ئىشرەت-لىك، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن تەرك ئەيلىدى. گۇڭدى بەندۇ شاھنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما پەرىشتىنىڭ قارغىشى تۇتقاچقا بەندۇ پەرزەنت كۆرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن پىيىل پەرىشتە ئۆزىگە بالا تىلەش ئەپسۇننى ئۆگىتىپ قويغانلىقىنى دەپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بەندۇ ئىككى خانىشى — گۇڭدى بىلەن مادىرىغا ئەپسۇن ئوقۇشنى بۇيرىدى. ئۇلارنىڭ ئەپسۇنى ئەرش ئىلاھ-لىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئىككى خانىش بەندۇغا بەش پەرزەنت تۇغۇپ بەردى. گۇڭدى جەنجەن، بۇجۇن ۋە ئاجۇنانى؛ مادىرى ۋوچۇن، شىتەننى تۇغۇپ بەردى. بەندۇنىڭ بۇ بەش ئوغلى ئور-مانلىقتا تۇغۇلۇپ، راھىبلار ئارىسىدا چوڭ بولدى.

قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان بىر باھار كۈنى بەندۇ شاھ بىلـەن مـادىرى خـانىش ئـورمانلىقىدىكى گۈل - گىياھ، قۇرۇت - قوڭغۇز، ئۇچار قۇش ۋە باشقا جانلىقلارنى كۆرۈپ، غەملىرىنى ئۇنتۇدى. كۆڭۈل گۈلىستانىدا شادلىق بۇلبۇللىرى خەندان ئۇردى. مادىرى خانىش بەندۇ شاھنىڭ تەلىپىنى قايتا - قايتا رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شاھ ئۆزىنى تۇتالمىدى. شۇ-نىڭ بىلەن پەرىشتىنىڭ ئەپسۇنى ئۈك كېلىپ، بەندۇ شاھ شۇ زامان لەھەت يولىغا سەپەر قىلدى. مادىرى قاتتىق ئازابلاندى. ئىككى يۈرەك پارىسىنى گۇڭدىغا تاپشۇردى ۋە بۇ ئىككى يېتىمگە ئانا بولۇڭ دەپ، ئۆتۈنگەندىن كېيىن ئۆزىنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋات-قان ئوتقا تاشلىدى، بۇ ئوتتا شاھ بەندۇ كۆيۈۋاتاتتى.

ئورمانلىقتىكى راھىب ۋۇجۇدىغا غەمكىنلىك ئوقلىرى تەگ-كەن گۇڭدى بەندۇنىڭ بەش ئوغلىنى پىل شەھىرىگە ئېلىپ باردى ۋە ۋىسىۋەركەرمەنگە تاپشۇردى. شۇ چاغدا بەندۇ شاھنىڭ چوڭ ئوغلى جەنجەن ئون ئالتە ياشتا ئىدى.

### ئۈچىنچى قىسىم

# قىزىل قارا ئاق: پىل شەھىرىنىڭ شاھزادىلىرى

بەندۇ شاھ لەھەت يولىغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەما ئاكىسى چىگو ئەل ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، ھاكىمىيەت سۈردى.

بۇچۇن بەندۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، باتۇر ـ باھادىرلىقتا ھەممىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، ھەمىشە چىگونىڭ چوڭ ئوغلى نەندى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىلىرىنى بوزەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇراتتى. ئۇ سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئىدى. بەزىدە ئۇلار كۆلچەككە سۇغا چۈشۈپ ئوينايتتى، ئەمما سۇ ئۈزەلمەيدىغان ئۇلار سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالاتتى. ئۇلار دەرەخكە چىقىۋالسا بۇچۇن دەرەخنى ئىرغىتاتتى ـ دە، ئۇلار دەرەخ ئۈستىدىن خۇددى پوكان چۈشكەندەك چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالاتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسى ـ بەدەنلىرى يارا ـ چاقىدىن خالىي بولمايتتى.

شاھزادىلەر ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى، كىچىك چاغلىرىدىكى غەم ـ قايغۇ يەپ يۈرمىدى. نەندىنىڭ ۋۇجۇدىغا پەرىشانلىق نەشتىرى سانجىلدى، چىرايلىرىدىن غەمكىنلىك تۇمانلىرى ئۈچمىدى. چۈنكى ئاتىسى ئەما ئىدى، خانلىق ئورنىنى تاغىسى بەندۇ ئىگىلەپ تۇراتتى، بەندۇ ئۆلگەندىن كېيىن ۋەلىئەھد جەنجەن خانلىق تەختىگە چىقىش ئالدىدا تۇراتتى، نەندى ئاتام ئەما بولغاچقا

تولىمۇ زەبۇن هالدا تۇرۇۋاتىدۇ، جەنجەننىڭ خانلىق ئورنىغا
چىقىش ئىشىنى ئۆزۈم توسمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، بۇجۇن-
نى ئۆلتۈرۈۋەتسەم ئۇنىڭ نەسەبى پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ، دەپ
ئويلاپ، بۇجۇنغا زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىگە كەلدى. نەندى
قېرىنداشلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، بۇجۇننى گانگى دەر-
ياسىغا غەرق قىلىۋەتمەكچى بولدى. نەندى قېرىنداشلىرىنى باش-
لاپ، بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بىلەن گانگى دەرياسىدا سۇ ئۈزۈش-
تى. شاھزادىلەر هارغاندەك بولدى - دە، چېدىردا يېتىپلا ئۇيقۇغا
كېتىشتى. نەندى بۇ جۇننىڭ يېمەكلىكىگە زەهەر سېلىپ قويدى
ۋە قاش - قارايغاندا بۇجۇننى تال چىۋىقلار بىلەن باغلاپ گانگى
دەرياسىغا تاشلىۋەتتى. بۇجۇن دەريادا مىغقا سانجىلىپ ئۆلسۇن
دەپ، دەرياغا ئۇچلىرى ئۆتكۈر مىغ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

جەنجەن بۇجۇننى ئۇچراتمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇجۇن قەيەر-
گە كەتتى، دەپ سورۇشتە قىلىۋىدى. نەندى ئالاقزادە بولغىنىچە
بۇجۇن شەھەرگە كەتتى، دېدى. جەنجەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەن-
دى. ئۆيىگە كېلىپ ئاپىسىدىن بۇجۇن كەلدىمۇ دەپ سورىۋىدى،
ئاپىسى بۇجۇن كەلمىدى دېدى. شۇنىڭ بىلەن جەنجەن بۇجۇن
جەزمەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ، دەپ ئويلاپ، قېرىنداشلىرىنى
باشلاپ بۇجۇننى ئىزدىدى، ئەمما ئۇنى هېچيەردىن تاپالمىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار هەسرەت - نادامەتتە قايتىپ كېلىشتى.

خەيرىيەت، بۇجۇن ئۆلمىگەنىدى. ئۇنى تاشلىۋەتكەن يەردە
مىخ يوق ئىدى، سۇدا ئۇنى زەهەرلىك يىلان چېقىۋالغان بولسى-
مۇ، ئەمما يىلاننىڭ زەهىرى ئۇ يېگەن زەهەر بىلەن كۈچىنى
يوقاتقانىدى. ئۇ دەريا قىرغىقىغا ئېقىپ كەلگەندىن كېيىن هوشى-
غا كەلدى. ئۇ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.
گۇڭدى بىلەن جەنجەن ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ،
قەۋەت خۇش بولۇپ كەتتى ۋە يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ئۇنى
قۇچاقلىدى. زەهەردىن بۇجۇننىڭ بەدىنى ئىششىپ كەتكەنىدى.

ئەمما بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلىنىپ جىنار قامەت بولۇپ كەتكەنىدى.

يورغا يىللار ئۆتۈۋەردى. بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بىلەن چىـ-گوننىڭ يۇز ئوغلى مىنۇت - سېكۇنت ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتتى. مېھرىبان ئۇستازى مېرۇنادىن جانبازلىق ئۆگەندى. شۇ كۇنى مەيدان سانجاق - سانجاق ئادەم بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. تاماشىبىنلار شاھزادىلەرنىڭ ئويۇنىنى قىزىقىپ كۆرۈشتى. ئاجۇنا جانبازلىقتا كامالەتكە يەتكەنىدى، تاماشىبىنلار كۆزلىرىنى ئۇزۇشمەي ئۇلارغا بارىكاللا ئېيتىشتى، نەندى بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، ھەسەتتىن چىرايلىرى نىلدەك تاتىرىپ كەتتى.

قاش قارايغاندا مەيداننىڭ كىرىش ئېغىزىدا بىرسى شىردەك ھۆركىرىگىنىچە جەڭ ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جامائەت ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. كىشىلەر ئەرش ئىلاھىدەك بىر باھادىر يىگىتكە يول بەردى. يىگىت تولىمۇ جۇشقۇن ئىدى، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى، ئەتراپقا مەغرۇرانە نەزەر تاشلايتتى. ئۇستازى بىلەن دېروناغا تەبەسسۇم ئەيلىگىنىچە سالام قىلدى، چوڭ - چوڭ قەدەم بىلەن ئاجۇنانىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ گۇڭدى بىلەن قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى كارنا ئىدى — بەندۇنىڭ ئانا بىر ئاتا باشقا قېرىندىشى ئىدى.

— ئاجۇنا! — دېدى كارنا ئاجۇناغا، — سەن باياتىن قىلغان ئىشلارنى مەنمۇ قىلالايمەن، بەلكى سەندىنمۇ ياخشى قىلالايمەن. مانا قارا ماڭا!

ئۇ دېرونانىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي - تېنىمەي ئاجۇنا ئوينىغان ئويۇنلارنى باشتىن - ئاخىر ئويناپ بەردى. نەندى بۇ خۇشاللىقنى كۆرۈپ، قىزغىنلىق بىلەن بىلەك-لىرىنى كېرىگىنىچە كارنانى قۇچاقلىدى:

— مەرھابا، جانبازلىقتا كامالەتكە يېتىپسەن! سېنى تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، سېنى بىزگە تەڭرى يەتكۈزۈپتۇ. مەن جۇلۇ ئىككىمىز سېنىڭ يول كۆرسىتىشىڭگە بويسۇنىمىز.

— خان غوجام! رەھمەت سىزگە، — دېدى، — مەن ئىككى ئىشنى تەلەپ قىلىمەن: بىرىنچى ئىش، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز، يەنە بىر ئىش، ئاجۇنا بىلەن بەسلىشىپ كۆرۈش.

ئەندى يەنە كارنانى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن راھەت - پاراغەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز.

ئەندىنىڭ قەلبىدە قىزغىن مۇھەببەت پەيدا بولدى، ئەمما ئاجۇنا خورلۇق ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ كارناغا زەھەرخەندىلىك بىلەن:



— كارنا! مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم سەن دوزاخقا كىرد-
سەن، دوزاخ چاقىرىلمىغان، ۋالاقتەگكۈر ئادەملەر كىرىدىغان
يەر، — دېدى.

— ئاجۇنا، ھەي، ئاجۇنا، جانبازلىق مەيدانىغا ھەرقانداق
ئادەم كىرسە بولىدۇ، — دېدى كارنا قاقاقلاپ كۈلۈپ
تۇرۇپ، — ئۇ پەقەت سەن بىر ئادەملا كىرىدىغان جاي ئەمەس.
مۇبادا ھاكىمىيەت پەقەت كۈچ - قۇدرەتكە تايىنىپ بەلگىلىنىدى-
غان بولسا، قانۇن - ياساقلارمۇ كۈچ - قۇدرەتنى ئاساس قىلغان
بولاتتى. قۇرۇق گەپ ئاجىزلارنىڭ قورالى، شۇنداق ئىكەن گەپ
تالىشىپ يۈرۈش نەھاجەت، يەنىلا ئوقيا بىلەن ئېلىشقان تۈزۈك.

ئاجۇنا خىرىسنى قوبۇل قىلدى ۋە قېرىنداشلىرى
بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلاشقاندىن كېيىن، جەڭگە چىقىش
ئۈچۈن ھازىرلاندى. كارنامۇ جولۇ نەسەبىدىكى قېرىنداشلىرى
بىلەن خوشلىشىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، ئاجۇنانىڭ ئالدىغا
كېلىپ تۇردى.

شۇ ئەسنادا چاقماق ئىلاھى بىلەن چەكسىز نۇرغا ئىگە قۇياش
ئىلاھى بىرلا چاغدا ئاسمان قەھرىدە ھازىر بولدى. ئۇلار بۇ
ئىككى پالۋاننىڭ ئىلاھىي ئاتىسى ئىدى. ئۇلار ئوغۇللىرىنىڭ
جەڭ قىلىشىغا ئىلھام بەرگىلى ۋە بۇ ئېسىل جەڭنى كۆرۈش
ئۈچۈن كەلگەنىدى.

ئىككى پالۋان ئېلىشماقچى بولۇپ تۇرغاندا، جانبازلىقتىن
پىششىق خەۋىرى بار مېھرىبان ئۇستاز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىر-
ىپ، كارناغا دېدى:

— سەن بىلەن ئېلىشماقچى بولغان بۇ پالۋان جولۇ نەسەبى-
نىڭ ئەۋلادى، گۇڭدى خانىش بىلەن بەندۇ شاھىنىڭ ئوغلى،
ھەي، پالۋان! سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ خىيى نەسەبىدىن ئىكەنلىكىڭنى
ۋە ئاتا - ئاناڭنىڭ نام - شەرىپىنى ئۇقتۇر. ئاجۇنا سېنىڭ
كېلىپ چىقىشىڭنى بىلگەندىن كېيىن سەن بىلەن ئېلىشىدۇ،

شاھزادە نام ـ شەرىپىنى بىلمىگەن ئادەملەر بىلەن ئىلىشمايدۇ.
كارنا بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا بېشى چۈشۈپ كەتتى.
نەندى ئورنىدىن تۇردى ۋە دېدى:
— مۇبادا كارنا شاھزادە بولمىغانلىق سەۋەبىدىن بۇ ئېلىشىشقا لايىق كەلمىسە، ئىش ئاسان ھەل بولىدۇ. مەن شاھلىقنى بەخشەندە قىلىپ بېرىمەن.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋىسۇەكەرمەن بىلەن چىگو شاھنىڭ قوشۇلۇشىنى ئۆتۈنۈپ، زۆرۈر بولغان جىمى رەسمىيەت ـ مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ، كارناغا ئېلىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى، خانتاجى، گۆھەر ۋە باشقا شاھانە بەلگە ـ تەمتەكلەرنى بەردى. شۇ ئەسنادا ئىككى پالۋان ئېلىشىش ئۈچۈن ھازىرلىنىۋاتقاندا، كارنانىڭ بېقىۋالغان ئاتىسى — قېرى ھارۋىكەش ھەيۋەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ كەلدى. كارنا ياشىنىپ قالغان ئاتىسىنى كۆرۈپ، دەررۇ تەۋەززۇ بىلەن سالام بەجا كەلتۈردى. بوۋاي ئۇنى ئوغلۇم دېگىنىچە كارنانى قۇچاقلىدى، بوۋاينىڭ تارىشىدەك ئورۇق قوللىرى تىترەيتتى. بوۋاي شادلىقىدىن يىغلىۋەتتى.
بۇجۇن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە مەسخىرىلىك تەلەپپۇز بىلەن دېدى:
— ھە، سەن ئەسلىدە بىر قېرى ھارۋىكەشنىڭ ئوغلى ئىكەنسەنغۇ، سەن ھارۋىكەشلىك قىلساڭ بولغۇدەك. سەن ئاجۇنانىڭ قولىدا ئۆلۈشكە، ئېلىگىنىڭ شاھى بولۇشقىمۇ لايىق كەلمەيسەن.
كارنا بۇنداق ھاقارەتلىك گەپنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلەندى ۋە غەرب تامان باش قويۇۋاتقان قۇياشقا قارىغىنىچە ئۇھسىندى.
— بۇجۇن! — دېدى نەندى غەزەپ بىلەن، — سەن بۇنداق گەپلەرنى دېمە، پالۋان پالۋاندەك بولۇشى كېرەك. پالۋاننىڭ نەسەبى خۇددى سۇيى قۇرۇماس بۇلاققا ئوخشايدۇ. نۇرغۇن ئۇلۇغ ئادەملەر تۆۋەن نەسەبدىن كېلىپ چىققان، مەن بۇ توغرىدا ساڭا

نۇرغۇن مىسال كەلتۇرۇپ بېرەلەيمەن. ئۆزۈڭمۇ شۇنداق نەسەبـ
دىن كېلىپ چىققان بولۇشۇڭ مۇمكىن. قارا بۇ پالۋاننىڭ ئىلاھـ
دەك مەزمۇت تۇرغىنىغا، ئىلاھىي سۈپەت ھەرىكىتىگە، ئىلاھىي
ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىغا، قولىقىدىكى ھالقىسىغا، ئەلەم ماھارىتىـ
گە، سادىن شۇڭقار چۈشىدۇ دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بۇ پالۋانـ
نىڭ كېلىپ چىقىشىدا جەزمەن بىر سىر بار. سەن ئۇنى ئېلىگە
شاھ بولۇشقا لايىق كەلمەيدۇ دەمسەن؟ مەن ئۇنىڭ پۈتۈن جاھاننى
ئىدارە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

غەزەپلەنگەن نەندى كارنانى ھارۋىسىغا چىقىرىپ كەتكۈزۈـ
ۋەتتى.

كۈن ئولتۇردى، كىشىلەر پاتىپاراق بولۇشۇپ قايتىشتى.
بايا روي بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىشتى.
بەزىلەر ئاجۇنانى ماختاشسا، بەزىلەر كارنانى ماختاشتى، يەنە
بەزىلەر نەندىنى ماختاشتى.

## تۆتىنچى قىسىم

# شاھ ئوردىسى: بەندۇ جەمەتىنىڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشى

چىڭگونىڭ چوڭ ئوغلى نەندى بۇجۇننىڭ چىنارادەك قامەت-لىك، ئاجۇنانىڭ ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بارغان-سېرى يۈرىكىنى ھەسەت نەشتەرلىرى يارا قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تاغىسى ساھۇنى بىلەن كارنا ئىككىيلەن نەندىنىڭ زىيان-كەشلىككە ئۇچرىغان بەندۇ نەسەبىنىڭ مەشقاۋۇلى بولۇپ قالدى، ئۇ ھەمىشە جەنگە يامان چارە كۆرسىتەتتى. بىچارە چىڭگو پادىشاھ زېرەك ئادەم ئىدى، ئۇ جەنگە كۆيەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئىرادىسى ئاجىز ئىدى، بالىلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، بالىلىرى يولسىز ئىشلارنى قىلىسىمۇ يوللۇق دەپ قارايتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇلار خاتا قىلىسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ رايىغا باقاتتى.

نەندى بەندۇ نەسەبىنىڭ، يەنى پىل شەھىرىنىڭ ئاۋام - پۇقرالىرىنىڭ بەندۇ نەسەبىنى ئاشكارا ماختىشىنى ۋە جەنجەننىڭ پادىشاھ بولۇشقا مۇناسىپ دەپ تەرىپلىشىنى زادى ياقتۇرمايتتى. ئۇلار پات - پات بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ مۇھاكىمە قىلىشاتتى:

— چىڭگو تۇغما كور بولغاچقا ھەرگىز پادىشاھ بولالمايدۇ. ئۇ ھازىرمۇ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرالمايدۇ. ۋىسۋەكەرمە ھەقىق-قەتكە سادىق، ئۇ پادىشاھ بولمايمەن دىگەن ئەھدى - پەيمانىدا چىڭ تۇرىدۇ ۋە خانلىق ئورنىغىمۇ چىقمايدۇ. چۈنكى، جەنجەنلا پادىشاھ بولۇشقا مۇناسىپ، پەقەت ئۇلار جۇلۇ قۇۋمىدىكىلەر

بىلەن بۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدۇ.

بۇ گەپلەر نەندىنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلدى ـ دە، ئۇ ئاتىسىنى تېپىپ نارازى بولغىنىچە دېدى:

— ھەي ئاتا، ھازىر ئاۋام ـ پۇقرالار قالايمىقان گەپ قىلىپ، ۋىسۋەكەرمەن بىلەن سىزگىمۇ ھۆرمەت قىلمايۋاتىدۇ. ئۇلار جەنجەن پادشاھ بولۇپ، خانلىق تەختكە چىقسۇن دېيىشىۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇ تەختكە چىقسا بىزنى نەس ـ پالاكەت باسقىنى شۇ. سىز ئەما بولغاندىكىن ئەلۋەتتە سىزنىڭ ئىنىڭىز تەختتە ئولتۇرۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇ ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ خان بولسا بىز قانداق ئاقىۋەتكە قالارمىز؟ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەختى ـ ئىقبالى قانداق بولار؟ جەنجەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى پادشاھ بولىدۇ، ئاندىن ئوغلىنىڭ ئوغلى پادشاھ بولىدۇ، مەڭگۈ ئۇنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادلىرى خان ـ پادشاھ بولىدۇ. شۇنداق بولسا بىز ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىمىز، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۇنىڭغا بېقىندى بولۇپ قالىمىز. ھەي، ئۇنداق ياشىغاندىن كېيىن دوزاخقا كىرىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك!

چىگو پادشاھ دېدى:

— ئوغلۇم، دېگەنلىرىڭ راست. ئەمما جەنجەن ئەخلاقسىز ئەمەس، ئۇ ھەممە ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ جىمى گۈزەل ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. جامائەت ئۇنى تەرىپلىشىپ، ھىمايە قىلىدۇ. ھۆرمەتلىك ئەلەمدارلار، قەلەمدارلار، ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالارمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كىشىلەر بەندۇنىڭ نەسەبىگە مەبۇدقا چوقۇنغاندەك چوقۇنىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنىڭغا قارشى تۇرساق بولمايدۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرساق ئادىل ئىش قىلمىغان بولىمىز. ئاۋام ـ پۇقرالار بىزدىن يۈز ئۆرۈپ، بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ياكى بىزنى ۋەتەندىن قوغلىۋېتىدۇ، بىز قاتتىق خورلۇققا ئۇچرايمىز.

نەندى جاۋاب بەردى:

— بۇنداق قورقىشىڭىزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ۋىسۋە-كەرمە ھېچبولمىغاندا ئوتتۇرا مەيداندا تۇرۇشى مۇمكىن، سانغۇن مايون ماڭا سادىق ئادەم. بۇ ئۇنىڭ ئاتىسى دېرونا بىلەن تاغىسى مېھرىبان ئۇستازىنىڭمۇ بىز تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بې-رىدۇ. ۋەزىر ۋىدورومۇ بىزگە قارشى تۇرمايدۇ، شۇغىنىسى ئۇنىڭ كۈچى ئاجىز، باشقا جەھەتلەردە بولىدىغان ئادەم. سەن ھازىرلا بەندۇ نەسەبىنى پىل شەھىرىگە ئېلىپ بار، ساڭا راستىنى ئېيتسام مەن بەك ھېرىپ كەتتىم. ئەمدى چىداپ تۇرغۇدەك



هالىم قالمىدى، يۇرىكىمگە نەشتەر سانجىلغاندەك كېچىلىرى ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. ياشاش جىنايەتتەك تۇيۇلىۋاتىدۇ. سەن بەندۇ نەسەبىنى پىل شەھىرىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قوشۇندىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن ئويلاشساق بولىدۇ.

نەندى يەنە چىگو پادىشاھقا مۇرىتلارنى جەلپ قىلىش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەن پۇل خەجلەپ ھەرەمخانىدىكى مۇلازىملارنى سېتىۋالدىم، ۋەزىرلەرنىمۇ قولغا كەلتۇردۇم. سىز بەندۇنى پىل شەھىرىگە بېرىشقا كۆندۇرەلىسىڭىز، ئاستانە بىلەن پۈتۈن دۆلەت بىزگە تالىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە بىرمۇ دوستى يوق. مۇبادا بىز دۆلەتنى قولغا كىرگۈزسەك ئۇلار بىزگە تەھدىت سالالمايدۇ، ھەتتا ئۇ چاغدا ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلسەكمۇ بولىۋېرىدۇ، مەسىلە چوڭ بولمايدۇ. چىگو ئوغلىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر - ۋۇزۇرالار بەش ئوغلى بار بەندۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پىل شەھىرىنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلىدى، ئۇلۇغ ئىلاھ شىۋەنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى دېدى. بولۇپمۇ پادىشاھ چىگو ئۇلارنى كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا كاتتا سورۇننى كۆرۈشكە ئەرزىپ قالماستىن، بەلكى ئۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ ئۇلارنى كۆرۈشكە تەشنا ئىكەنلىكىنى دېدى. ئاخىر بەش قېرىنداش بۇ گەپلەردىن تەسىرلەندى، زىنھار شۈبھىلەنمىدى.

نەندى كۆرەڭلەپ كەتتى ۋە كارنا، ساھۇنى بىلەن پىل شەھىرىدە گۈڭدى ئاتا - بالىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن پىلان تۈزدى. ئۇلار بورۇداندا بەش ئوغلى بار بەندۇغا سەلتەنەتلىك بىر ساراي سېلىپ بېرىش ئۇچۇن ۋەزىرنى ئەۋەتتى. بۇ سارايىنىڭ ماتېرىياللىرىغا نۇرغۇن ئوت ئالىدىغان ماتېرىياللارنى ئىشلەتتى، ھەتتا تاملىرىغا سىزغان رەسىم - نەقىشلەرگە ئىشلەتكەن ماتېرىياللارمۇ ناھايىتى ئاسان ئوت ئالاتتى. ئۇ ناھايىتى ئۇستىلىق

بىلەن سارايغا بىر دۆۋە ئاسان ئوت ئالىدىغان قۇرۇق نەرسىنى دۆۋىلەپ قويدى. ئورۇندۇق بىلەن تۆشەكنىمۇ ئاسان ئوت ئالىدىغان يەرگە قويدى. ساراي پۈتۈشىدىن ئىلگىرى ئۇلارنى شەھەرگە خاتىرجەم ئورۇنلاشتۇردى. بەندۇنىڭ نەسەبى بۇ شام سارايغا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كېچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سارايغا ئوت قويۇۋەتمەكچى بولدى. ئۇلار بىز بەندۇنىڭ نەسەبىگە ناھايىتى ياخشى كۆيۈندۇق، شۇڭا بىز ئۇلارغا قەست قىلساقمۇ كىشىلەر بىزدىن گۇمانلانمايدۇ، بۇ تۇيۇقسىز بولغان ۋەقە ئىكەن دەپ بىلىدۇ، جۇلۇ نەسەبىنىڭ بۇ ئىشتا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ئويلىمايدۇ، دەپ قاراشتى.



بەندۇ ئاقساقال قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ پىل شە-
ھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خوشلىشىش ئالدىدا ۋىدورو پەقەت
جەنجەن چۈشىنىدىغان گەپلەر بىلەن جەنجەنگە ئاگاھلاندۇردى:

— پەقەت ھىيلىگەر دۈشمەننىڭ غەرىزىنى ئالدىن كۆرەلەي-
دىغان ئادەملەرلا خەتەردىن ئۆزىنى دالدىغا ئالالايدۇ، بەزى قورال-
لار پولاتتىنمۇ يامان، زېرەك ئادەم ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
بۇنداق قورالدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى بىلىشى كېرەك. زور ئوت
ئورماننى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالايدۇكى، ئەمما تۆشۈككە كىرىۋالغان
بىر چاشقانغا ياكى يەر ئاستىغا يوشۇرۇنىۋالغان بىرەر قۇرۇتقا
زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. مۇنەججىم ئادەم ئاسماندىكى
يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ نىشاننى پەرقلەندۈردۇ.

مۇنەججىم ۋىدورونى چوۋىننىڭ ئايالى ئانبولكاننىڭ دېدىكى
تۇغقاندى. ئۇ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەندى، ئۈچ دۇنيادا
ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئىلىمدە ئۇنىڭغا ھېچكىم يېتەلمەيتتى.
ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى جەنجەنگە بېشارەت بولۇپ تۇيۇلاتتى: ئۇ
نەندىنىڭ زەھەرلىك ھىيلە - مىكىرىدىن قانداق قۇتۇلۇش كې-
رەك، دەيتتى. جەنجيەن ھاياجانلانغىنىچە ۋىدوروغا مەن دېگەنلە-
رىڭىزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم، دەپ جاۋاب بېرەتتى. كېيىن
جەنجەن بۇ گەپلەرنى گۇڭدىغا دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولغا
چىققاندا خۇشال بولىسمۇ، ئەمما يول بويى يەنىلا غەمدىن قۇتۇلال-
مىدى. پىل شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى بەندۇنىڭ كەلگەنلىكىنى
ئاڭلاپ شەھىرىگە كېلىشىپ، ئۇنى خۇشال كۈتۈۋېلىشتى. شاھ
ئوردىسىغا جايلاشتۇرۇشتىن ئاۋۋال باشقا ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ
ياخشى كۈتۈۋالدى. كېيىن بورودان ئۇلارنى سارايغا باشلاپ كىر-
دى. جەنجەن ۋىدورونىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىگە ئېلىپ،
ئەتراپقا دىققەت بىلەن قارىدى، بۇ سارايغا ئاسان ئوت ئالىدىغان
ماتېرىياللار ئىشلىتىلمەپتۇ، دەپ جەزىملەشتۇردى. شۇنىڭ بى-
لەن جەنجەن بۇجۇنغا دېدى:

— بىز بۇ يەرنىڭ خەتەرلىكىنى بىلسەكمۇ، ئەمما بورودانغا ئۇنىڭ بىز سەزگەن سۇيىقەستىنى بىلدۈرمەيلى! بىز پەيت تاللاپ قېچىپ كېتەيلى، مۇبادا ئۇ بىزدىن گۇمانلىنىپ قالسا، بىز قېچىپ كەتسەكلا خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ ئۆيدە تۇردى، غەمسىز ھالەتكە كىرىۋالدى، بۇ چاغدا ۋىدورو مېنى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈ-شۇش ئۇچۇن بىر تېخنىكا ئادەمنى مەخپىي ئەۋەتتى، ئۇ ئادەم ئۇلارغا:

— مېنىڭ بۇ ئېغىزاكى پەرمانىم ۋىدورونىڭ سىلەرگە قىل-غان ئاگاھلاندۇرۇشى. ئۇ مېنى سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارنى قوغ-داشقا، سىلەرنىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇشۇڭلارغا ياردەم بېرىشكە ئە-ۋەتتى، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشچى بورودانىدىن يوشۇرۇنچە نۇرغۇن ئىشلارنى ئىشلىدى. ئۇ بىر مەخپىي چىقىش ئېغىزىنى كولىدى. بۇ ئېغىز شام سارىيىدىن بۇ رايوننى ئوراپ تۇرىدىغان خەندەكنىڭ سىرتىغىچە تۇتىشاتتى.

بورودان سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇردى. كېچىدە بەز-دۇنىڭ بەش ئوغلى تولۇق قوراللىنىپ، ھوشيار تۇردى. ئەمما كۇندۇزلىرى ئورمانلىققا بېرىپ ئوۋ ئوۋلايتتى. ئۇلار كۆرۈنۇشتە كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئورمانلىقدى-كى يول بىلەن تونۇشىۋاتاتتى. شۇ كۇنى گۇڭدى خانىش زىياپەت ھازىرلاپ مۇلازىملارنى كۇتۇۋالدى. ئۇلارنى كېچىدە ئويغىنالمى-غۇدەك دەرىجىدە غەرق مەست قىلىۋەتمەكچى بولدى.

يېرىم كېچە بولغاندا بۇجۇن سارايىنىڭ بىرقانچە يېرىگە ئوت تۇتاشتۇردى. گۇڭدى خانىش بىلەن بەندۇ قاراڭغۇدا مەخپىي يولدىن تىمىسقىلاپ چىقتى. ھايال ئۆتمەي ساراي ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. ساراي ئەتراپىدا ئادەملەر مىغىلداپ كەتتى، شەھەر ئاھالىلىرى قاتتىق ھەيران قېلىشتى. ئامالسىز قالغان كىشىلەر

ۋارقىراپ ـ جارقىراشتى: بەزى ئادەملەر قارىغۇلارچە ئالدىراش بولۇپ، ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇشقان بولسىمۇ، ئەمما ئوتنى ئۆچۈرەلمەي، بىكار ھەرەج تارتتى. كۆپچىلىك بىردەك ۋارقىراشتى:

— ھەي، بۇ ئىشنى جەزمەن نەندى قىلدى. ئۇ بىگۇناھ بەندۇنىڭ نەسەبىنى كۆيدۈرۈۋەتتى!

ساراي كۇلگە ئايلاندى. بورودانىنىڭ تۇرالغۇسىمۇ ئوت دېڭىزىدا تۇگەشتى. ئۇ قېچىشقا ئۇلگۇرەلمەي، ئاخىر ئۆزىنىڭ زەھىرىدە ئۆزى قۇربان بولدى. پىل شەھرىنىڭ پۇقرالىرى بۇ ۋەقەنى پىل شەھرىگە جاكارلىدى ۋە مۇنداق خەۋەر تارقالدى:

— بەندۇنىڭ نەسەبىدىكىلەر تۇرغان ساراي كۆيۈپ كەتتى، سارايدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قازاغا يولۇقتى، ساراي ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ ئامان قالمىدى، سارايدىن قېچىپ چىقالمىدى.

ئەۋلىيا ۋياسا گۇزەل تىل بىلەن ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى:

— خۇددى چوڭقۇر كۆلچەك، سۇنىڭ يۇزى ئىللىق، تەكتى سوغۇق بولمىغىنىدەك، چىگو پادىشاھ بىردە قىزغىن بولسا، يەنە بىردە ھەسرەتتىن سولغۇن بولدى.

چىگو پادىشاھ ئاتا ـ بالا بەندۇنىڭ نەسەبى كۆيۈپ كۇل بولۇپ كەتتى دەپ ئويلىدى، خۇددى ھەسرەت چەككەن تۇغقانلارغا ئوخشاش مۇسىبەت كىيىملىرىنى كىيىپ، دەريا قىرغىقىغا بېرىپ، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۇزدى. ئۇلار كۆرۈنۇشتە ماتەم مۇراسىمىنى ناھايىتى ئەتراپلىق ئۆتكۇزدى، بىر تۇرىنىمۇ كەم قالدۇرمىدى.

بەزىلەر ۋىدورونىڭ پەيلاسوپلارغا خاس تەمكىن، ھەسرەت چەكمەي تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلىشتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ بەندۇنىڭ نەسەبىدىكىلەرنىڭ بۇ خەتەرلىك يەردىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ

كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ بەزىدە بەندۇنىڭ سەرسان ـ سەرگەر-
دانچىلىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ غەم قىلاتتى، ئۇ ۋىسۋەكەرمەن-
نىڭ قاتتىق ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا يوشۇرۇن
تەسەللى بېرەتتى. بەندۇ بۇ يەردىن ئامان ـ ئېسەن قېچىپ
قۇتۇلدى، دەيتتى.

بۇجۇن ئاپىسى بىلەن ئىنىلىرىنىڭ كېچىچە ئۇيقۇدىن بىدار
بولۇپ، چارچىغانلىقىنى كۆردى، ئۇلار قاتتىق چارچاپ كەتكەن-
دى. ئۇ ئاپىسىنى يۇدۇپ، ۋۇجۇن بىلەن شېتيەننى قولتۇقىغا
قىستۇرۇپ، بىر قولىدا جىيەننى، بىر قولىدا ئاجۇنانى يېتى-
لەپ، توختىماي ئالغا يۈردى. ئۇ زېمىنىسگە ئېغىر يۈكنى ئالغان
بولسىمۇ، خۇددى ھەيۋەتلىك پىلدەك قىلچىمۇ ھارغىنلىق سەز-
مەي ئورمانلىقنى بۆسۈپ ئۆتتى، گانگى دەرياسى بويىغا كەلدى،
بىر كېمە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدى، كېمىچى ئۇلارنىڭ قېچىپ
كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار زۇلمەت كېچىدە دەريادىن ئۆتۈپ
يەنە بىر غول ئورمانلىققا كىردى، كېچىدە تىنىش چىقارماي يول
يۈردى، تۇن ئۇلارنى ئۆز پاناھىغا ئالغانىدى، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ
قاباھەتلىك ھۆركىرىگەن، قاۋىغان ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى
بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇلار قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەچكە ئۇلتۇرۇپ
دېمىنى ئالدى، ئۇسسۇزلۇق يەتتى، ھېرىپ كەتكەچكە ئۇيقۇغا
كەتتى. گۇڭدى خانىش دېدى:

— مەن بىر ئۇخلىۋالاي، چىگونىڭ ئوغلى مېنى بۇ يەردە
تۇتۇۋالسىمۇ مەيلى!

خانىش شۇنداق دېدى ـ دە، ئېغىر ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق
بولدى. بۇجۇن قويۇق ئورمانلىقتا تىمىسقىلىغىنىچە سۇ ئىزدە-
دى، ئاخىر بىر كۆلچەكنى تاپتى، ئۇ كىيىملىرىنى سۇغا چىلى-
دى، يالپۇزدىن قاچا ياساپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالاي دېگەن
ئاپىسى بىلەن قېرىنداشلىرىغا سۇ ئېلىپ باردى. ئۇلار شېرىن
ئۇيقۇدىن ھەممە ئاسارەتنى ئۇنتۇشقانىدى، بۇ چاغدا بۇجۇن سە-

گەك ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى:

«ئورمانلىقتىكى دەرەخ بىلەن ھەشقىپىچەكلەر بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئورتاق ياشايدىكەنغۇ؟ چىگو بىلەن نەندى نىمە ئۈچۈن بىزگە مۇشۇنداق زەھەرخەندىلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلـ- ماقچى بولىدۇ؟» ئۇنىڭ پاك قەلبىنى ئۇلار چۈشەنمىگەنىدى، شۇڭا ئۇ قاتتىق ھەسرەتلەندى.

بەندۇ نەسەبىدىكىلەر مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ يول يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار بەزىدە تېز - تېز يۈردى، ئاپىسىنى يۈدۈپ مېڭىشتى. قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەن چاغلاردا توختاپ دېمىنى ئېلىشتى؛ يەنە بەزىدە تېخى بۇ پالۋانلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغاچقا يۈگۈرۈپ مۇسابىقىلەشتى.

ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا ئەۋلىيا ۋياسانى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا سالام بەجا كەلتۈردى. ئۇ ئەۋلىيا ۋياسانىڭ ئىلھامىغا ۋە دانا نەسىھەتلىرىگە مۇيەسسەر بولدى. گۇڭدى خانىش ئۆزلىرىنىڭ تارتقان جەۋرى - جاپالىرىنى ئەۋلىيا ۋياساغا بايان ئەيلىدى. ئەۋلىيا ياساغا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئەخلاقلىق، ھۆرمەتلىك ئادەم مەڭگۈ گۇناھ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدۇ، ئېغىر گۇناھقا پېتىپ قالغان ئادەملەرمۇ مەڭگۈ گۇناھدىن قۇتۇلالماي قالمايدۇ. كىشىلىك ھايات ناھايىتى مۇ- رەككەپ، بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەملەر يا ياخشى ئىش قىلىدۇ، يا ئەسكى ئىش قىلىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىغا مەككەل بولىـ- دۇ، نىيەت - ئىقبالىغا يارىشا جاۋابقا ئېرىشىدۇ، سىلەر ھەسرەت چەكمەڭلار، — دېدى.

ئۇلار ئۇ ئەۋلىيا ۋياسانىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، براھمانلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، دورۇن شەھىرىگە بېرىپ، بىر براھماننىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇردى. ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشتى.

## بەشىنچى قىسسە

# ئوپچە ىسكاھ ئادىتى: بەش قېرىنداشىنىڭ قارا مەلىكىنى ئورتاق خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى

بەندۇنىڭ بەش ئوغلى براھمان بولغاندىن كېيىن دورۇندو شەھىرىدە تۇردى. بۇ چاغلاردا مۇنداق بىر خەۋەرلەر تارقالدى: بەنچېرونىڭ پادىشاھى موجۇنىڭ قارا مەلىكە ئاتلىق بىر قېزى بار ئىدى، پادىشاھ كوراگان تاللاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. گۈڭدى ئانلىق نەزەرى بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ قارا مەلىكىنى ئورتاق خوتۇنلۇققا ئېلىشنى كۆزەتتى ۋە جەنجەنگە دېدى:

— بىز بۇ شەھەردە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتۇق. ئەمدى باشقا بىر جايغا بېرىپ تۇرايلى، بۇ ئېگىز تاغلاردىن، تىرەن جىلغىلاردىنمۇ زېرىكتۇق. بىز ئېرىشىدىغان سەدىقىلەرمۇ بارغانسېرى ئازايدى. ياخشى كۈنلەر كەلگەندە ئاندىن ماڭىمىز دەپ ساقلاپ تۇرغىنىمىز نېمىسى؟ بىز مۇجۇ پادىشاھلىقىغا بارايلى. ئاڭلىسام ئۇ مەمۇرچىلىق بىر ئەل ئىكەن.

نۇرغۇن براھمانلار تويغا داخىل بولدى. براھمان سىياقىغا كىرىۋالغان بەندۇنىڭ بەش ئوغلى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئارىلىشىپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، جۇمۇ پادىشاھلىقىنىڭ گۈزەل دىيارىغا يېتىپ كېلىپ، نامسىز براھمانلىق سالاھىيىتى بىلەن بىر كۇلالچىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى.

نۇرغۇن پالۋان شاھزادىلەر ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلى-

-رىدىن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. چىگو پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىمۇ كەلگەنىدى، يەنە كارنا، قارا ئىلاھ كوشنە، تونخۇ، ياۋلەن، سالىيلەرمۇ كەلگەنىدى. كوراگان بولۇش ئۇچۇن كەلگەنلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن تاماشىبىنلار، ئەزىز مېھمانلارمۇ بار ئىدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەنىدى، ئاجايىپ كۈي - نەغمىلەر ياڭرىدى، مىنگان ئاتلىق ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى، ئۇنىڭ سىڭلىسى قارا مەلىكە پىلغا مىنىپ ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدا ماڭدى. مەلىكە پەرد-دەك ياسىنىۋالغانىدى، ئالىپتە كىيىنىۋالغان قامىتى سەرۋىگە



ئوخشايتتى، چىرايلىرىدىن قۇياشتەك نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ
سارايغا كىرىشى بىلەنلا ساراي ئاپتاپ چۈشكەندەك يورۇپ كەتتى.
ئۇ قولىدا گۈل تۇتقىنىچە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان شاھزادى-
لەرگە خىجىللىق نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى ــ دە، نەزىر ــ
چىراغ مېھرابىغا چىقتى. بۇ چاغدا براھمانلار ئادىتى بويىچە نوم
ئوقۇپ نەزىرلىك بۇيۇملىرىنى ئوتقا تاشلىدى. نوم ئوقۇش ئاياغ-
لىشىش بىلەن تەڭ نەغمە ــ ناۋالارمۇ ئاياغلاشتى. مىنگان مەلىكى-
نى يېتىلەپ سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكەلدى ۋە ياڭراق ئاۋاز
بىلەن خىتاب قىلدى:

— ھەي، مۆھتەرەم شاھزادىلەر، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ-
لار. قايسىڭلار بۇ ئوقيا بىلەن ئالدىمىزدىكى نىشاننى، يەنى
نىشاندىكى تۆشۈككە ئارقا ــ ئارقىدىن بەش تال ئوقنى تەگكۈزەلى-
سە، ساق، بېجىرىم، ئېسىلزادە نەسەبدىن كېلىپ چىققان بول-
سا، سىڭلىمنى خوتۇنلۇققا ئالسا بولىدۇ. ئۇ شۇنداق دېگەندىن
كېيىن ئۇ مەلىكىگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان بىر يىگىتنىڭ
نامىشەرىپىنى، نەسەب ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

ئـۇرغـۇن مۆتىۋەر ئـائىلىدىن كېلىپ چىققان شاھزادىلەر
بىر ــ بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئوق ئاتماقچى بولۇش-
تى، ئەمما يا بەك ئېغىر ھەم قاتتىق بولغاچقا ئارقا ــ ئارقىدىن
مەغلۇپ بولۇشۇپ، خىجىل بولۇشقىنىچە ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئول-
تۇرۇشتى. تونخۇ، ياۋلەن، سالىيە ۋە نەندىلەرمۇ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنالمىدى.

كارنا كەلدى، كىشىلەر ئۇ جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ
دېيىشتى. ئەمما بىر ئوقنى زايە قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئوقيا-
نىڭ كىرىچىدىن چۈشۈپ كەتتى، يا خۇددى جېنى بار دەك ئۇنىڭ
قولىدا تاقلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتا غۇلغۇلا پەيدا بول-
دى. كىشىلەر قاتتىق غەزەپلەندى. ھەتتا بەزىلەر بۇ ئادەمنىڭ
قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، شاھزادىلەرنى يەرگە قارىتىش

ئۇچۇن قىلىنغان ئىش، دەپ قاراشتى. شاۋقۇن - سۈرەن بىردىنلا بېسىقتى. براھمانلارنىڭ ئارىسىدا بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى - دە، تۆمۈر يانىڭ قېشىغا باردى.

يىگىت براھمان ئاجۇنا سىياقىغا كىردى. يىگىتنىڭ ھەردىكىتى مەيداندىكى كىشىلەرنى تەمتىرىتىۋەتتى. براھمانلاردا پىكىر ئىختىلابى بولدى. بەزىلەر بۇ يىگىتتىن پەخىرلەنسە، بەزىلەر ھەسەت قىلغىنىچە كارنا، سالىيە قاتارلىق پالۋانلار مەغلۇپ بولغان يەردە بۇ يىگىتكە نېمە چوڭچىلىق، دېيىشتى؛ يەنە بەزىلەر، بۇ باش راھىب كوراگانلىقتا تاللىنىمەن دېگۈچە ئىشىنى قىلسا بولمامدۇ، دېيىشتى. ئەمما بەزىلەر بۇ يىگىتنىڭ سىياق - سۈباتىنى، قامىتىنى كۆرۈپ باشقىچە پىكىردە بولدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

— ئۇنىڭ سىياقىدىن قارىغاندا، ئۇ جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىكەن. براھمان تائىپەسىنىڭ كۈچى ئاجىزراق كېلىدۇ، ئەمما بۇ ئىش پەقەت كۈچ بىلەن ۋۇجۇدقا چىقامدۇ؟ ئەجەبا راھىبلىقنىڭ قۇدرىتى دارماسى ئەسقاتمامدىكەن؟ ئۇ ئۇرۇنۇپ كۆرسە نېمىشقا بولمايدىكەن؟

ئۇلار يىگىتنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئاجۇنا ئوقيا ئاتىدىغان يەرگە باردى ۋە مىنگاندىن سورىدى:

— براھمان بۇ يانى ئىشلەتسە بولامدۇ؟

مىنگان جاۋاب بەردى:

— مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بۇ يانى ئىشلىتىپ، ئوقنى بۇ قارىغا تەگكۈزەلىسە، ئېسىل نەسەبدىن كېلىپ چىقسا، رەڭگىروھى تۈزۈك بولسا، سىڭلىمنى شۇنىڭغا ياتلىق قىلىمەن، سىڭلىم شۇ ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولىدۇ. مېنىڭ دېگەن گېپىم ئاتقان ئوقدۇر، دېگەن گېپىم ئۈچۈن ھەرگىز پۇشايمان يېمەيمەن.

ئاجۇنا ئالدى بىلەن ئالەم تەگرىسى نالويەنگە تېۋىنغاندىن



كىيىن، يانى ئالدى ـ ده، ھېچبىر كۆچمەيلا بىر تال ئوقنى سالدى ۋە ئەتراپقا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇ چاغدا پۈتۈن مەيدان گۆرۈستانلىقتەك جىمجىتلىققا چۆمدى. ئاجۇنا قىلچىمۇ ئىككى‌لەنمەي ئارقا ـ ئارقىدىن بەش تال ئوق ئاتتى، ئوقلارنىڭ ھەممى‌سى دەل جايىغا تەگدى. قارا تاختاي يەرگە ئۆرۈلۈپ چۈشتى، شۇئان كىشىلەر ھاياجانغا چۆمدى، ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

مەيداندىكى بىر توپ براھمانلار تەنتەنە قىلىشتى، تېرە كى‌يىملىرىنى پۇلاڭلىتىشتى. پۈتۈن براھمانلار مەلىكىنى ئالغاندەك خۇشال بولۇشتى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولمايتتى. شۇ ئەسنادا قارا مەلىكە خىجىل بولغىنىچە ئورنىدىن تۇردى ۋە ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئاجۇناغا قارىدى، كۆزلىرىدىن بەخت نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئاجۇنانىڭ ئالدىغا كېلىپ

ئۇنىڭ بويىنىغا گۈلچەمبىرەك تاقاپ قويدى. جەنجەن، ۋۇجۇن ۋە شىتيەنلەر شۇ زامان كۈلالچىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئاپـ ـسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بۇجۇن ئاجۇنانىڭ كىشەترىيەنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۈلالچىنىڭ ئۆيىدـ ـگە بارماي، سارايدا قالدى.

دەرۋەقە ئىش بۇجۇننىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. شاھزادىلەر غەزەپ بىلەن ۋارقىراشتى:

— بۇنداق كوراگان تالالاش براھمانلارنىڭ ئادىتى ئەمەس. مۇبادا مەلىكە شاھزادىلەرگە ياتلىق بولۇشنى خالىمىسا، ئۆمۈر بويى ياتلىق بولمىسا بولىۋېرىدۇ، ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋالسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بىر براھمان ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالامدىكەن؟ بىز بۇ توي ئىشىغا قارشى تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ توي قىلىشىنى توسىمىز، ئادالەتنى ياقلايمىز، كوراگان تاللاش مۇراسىمىنىڭ بۇزۇلماسـ ـلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

قارىغاندا، بىر مەيدان جەڭ بولىدىغاندەك قىلاتتى. بۇجۇن چوڭ بىر تۈپ دەرەخنى قومۇرۇپ ئالدى ـ دە، شاخ ـ شۇمبىلىـ ـرىنى قايرىپ تاشلاپ كالتەك ئورنىدا قورال قىلدى، ئاجۇنانىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. قارا مەلىكە ئاجۇنانىڭ تېرە چاپىنىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تۇردى.

قارا ئىلاھ، پالۋان لوم ۋە باشقا كىشىلەر غوۋغا كۆتۈرمەكـ ـچى بولغان شاھزادىلەرنى تىنجىتىش ئۈچۈن تىرىشتى. بۇجۇن بىلەن ئاجۇنا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەلىكىنى ئېلىپ كۈلالچىدـ ـنىڭ ئۆيىگە كەتتى. مىنگان ئەھۋالنى كۆزىتىش ئۈچۈن يىراقـ ـتىن ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ قاتتىق ھەيران قالدى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارنى، سىرنى ئوردىغا قايتىپ بارـ ـغاندىن كېيىن پادىشاھ مۇجۇغا بايان قىلىپ بەردى:

— خان ئاتا، مېنىڭچە، ئۇ ئادەملەر دەل بەندۇنىڭ بەش ئوغلى. سىڭلىم ھېلىقى يىگىتنىڭ تېرە چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېـ

سىلىقۋېلىپ، ئۇلار بىلەن كەتتى، سىڭلىمدا خىجىل بولۇش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق. مەن ئۇلارغا يىراقتىن ئەگىشىپ باردىم، ئۇلار بەش ئادەمكەن، يەنە بىر مۆھتەرەم خانىممۇ بار ئىكەن. شۇبھىسىزكى، ئۇ خانىم جەزمەن گۈگدى خانىشنىڭ ئۆزى.

گۈگدى بىلەن بەش ئوغۇل پادىشاھ مۇجۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئوردىغا باردى. جەنجەن پادىشاھقا ئۇلارنىڭ بەندۇنىڭ بەش ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قارا مەلىكىنى ئورتاق خو-تۇنلۇققا ئالماقچى ئىكەنلىكىنى، دېدى. پادىشاھ مۇجۇ ئۇلارنىڭ بەندۇنىڭ نەسەبى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ناھايىتى خۇش بولدى. ئەمما بۇ بەش قېرىنداشنىڭ سىڭلىسىنى ئورتاق خوتۇنلۇققا ئال-ماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە قاتتىق يىرگىندى.

پادىشاھ مۇجۇ ئاغا - ئىنىلەرنىڭ ئورتاق خوتۇن ئېلىشىغا قارشى تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ نېمە گەپ! سىلەردە قانداقچە بۇنداق يامان نىيەت پەيدا بولدى؟ بۇنداق ناچار ئادەت بىزنىڭ رەسىم - يوسۇنىمىزغا ئۇي-غۇن كەلمەيدۇ!

جەنجەن چۈشەندۈرۈپ:

— ئاھ ئالىيلىرى! بىزگە كېرەملىك قىلغايسىز. بىز زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشسەك بەش قېرىنداش ئورتاق بەھرىمەن بولىمىز، دەپ قەسەم قىلىشقان. ئەمدى بىز ئۇ ئەھدۇ - پەيمانىمىزغا خىلاپلىق قىلالمايمىز. ئاپىمىزمۇ بىزگە شۇنداق قىلىڭلار، دېگەندى. پادىشاھ مۇجۇ ئامالسىز قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى.

بەنجېرو ئېلىدە كوراگان تاللاش مۇراسىمىنىڭ ئەھۋالى پىل شەھىرىگە يېتىپ باردى، ۋىدورو ئاڭلاپ قەۋەت خۇش بولدى ۋە شۇ زامان پادىشاھ چىگونىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ خۇشال تەلەپپۇزدا دېدى:



— ئاھ، ئالىيلىرى! پادىشاھ مۇجۇنىڭ قىزى بىزنىڭ كېلىنىمىز بوپتۇ. ئەمدى نەسەبىمىز تېخىمۇ كۈچىيىدىغان بولدى. باش ئۈستىمىزدە بەخت يۇلتۇزى چاقنايدىغان بولدى.

پادىشاھ چىگو ئوغۇللىرىغا تولىمۇ كۆيۈنەتتى. نەندىمۇ كوراگان تاللاش مۇراسىمىغا قاتناشقاچقا، نەندى قارا مەلىكىنى ئالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە ۋىدوروغا دېدى:

— بۇ ئائىلىمىز خۇشال ئىش بوپتۇ. تېز قارا مەلىكىنى ئەكېلىڭلار، بىز ئۇنى ئوبدان كۈتۈۋالايلى!

ۋىدورو ئۇنىڭ خاتا چۈشەنچىسىگە تۈزىتىش بەردى.

— تەڭرى ساقلاپتۇ، بەندۇنىڭ بەش ئوغلى ھاياتكەن. ئاجۇنا گوراگان تاللاشتا ئۇتۇپ چىقىپ، پادىشاھ مۇجۇنىڭ قىزى قارا مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. بەش قېرىنداش ئادىتى بويىچە قارا مەلىكىنى ئورتاق خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. بەندۇ نەسەبىدىكى ئانا ـ بالا ھازىر پادىشاھ مۇجۇنىڭ ھوزۇرىدا خۇشال ياشاۋېتىپتۇ.

پادىشاھ چىگو ۋىدورونىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرمىدى. ئۇ خۇشال بولغان قىياپەتتە ۋىدوروغا دېدى:

— بەندۇ نەسەبىدىكىلەر ھەقىقەتەن ھاياتمىكەن؟ بىز ئۇلارنىڭ نەزىرى ـ چىرىغىنىمۇ بېرىپ بولغانىدۇققۇ؟ مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ تەسكىن تاپتىم. پادىشاھ مۇجۇنىڭ قىزى ئائىلىمىزنىڭ كېلىنى بولۇپ تولىمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ! مەن بۇ خۇش خەۋەردىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

نەندى بەندۇ نەسەبىدىكىلەرگە تېخىمۇ ھەسەت قىلدى، تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بەندۇلارنىڭ شاھ سارىيىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى، بىر يىلدەك نام ـ شەرىپىنى يوشۇرۇپ بەنجىرو دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بىلەن قۇدىلىشىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ قۇدرەتلىك بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئىنىسى نەنجان بىلەن

بىللە تاغىسى ساھۇننى يوقلاپ بېرىپ، مەيۇسلەنگىنىچە دېدى:
— تاغا، ئىش چاتاق بولدى! بىز برودانغا خاتا ئىشىنىپ قاپتۇق، دۈشمىنىمىز بەندۇ نەسەبىنىڭ بىزدىن ئەقىللىق چىقىپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەيلى، ئۇلارنىڭ تەلىيى بىزدىن ياخشىكەن. ئۇلار ھازىر مىنگان، سۇفالار بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇۋالدى، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەما پادىشاھ چىگۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. كارنامۇ بۇ يەردە ئىدى.
— خان ئاتا! — دېدى نەندى جىددىي ۋە خاپىخان تەلەپپۇزدا، — سىز ۋىدوروغا بىزنىڭ ياخشى كۆنلىرىمىز كېلەي دەپ قالدى، دېگەنىدىڭىز. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ۋىدورو ھازىر بارغانسېرى قۇدرەت تېپىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى قالماي بىزنى يوقىتىشى مۇمكىن. ئەجەبا بۇ بىزنىڭ ياخشى كۈنىمىزمۇ؟ بىزنىڭ ئۇلارنى سۈيىقەست بىلەن يوقىتىش پىلانىمىز ئىشقا ئاشمىدى. ئۇلار سۈيىقەستىمىزنى بىلىۋالدى، شۇڭا بىزگە بولغان خەتەر تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. ئەمدى ھالقىلىق پەيت يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى دەرھال يوقاتمىساق بىز يوقىلىمىز. بىزگە ئەقىل كۆرسەتكەيسىز!
پادىشاھ چىگو تەسەللى بەرگىنىچە دېدى:
— جېنىم ئوغلۇم، دېگەنلىرىڭ توغرا. ھەرقانچە بولسىمۇ سىرىمىزنى ۋىدىروغا بىلدۈرۈپ قويمايلى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ قويغانىدىم. ھازىر سەن قانداق ئويدا بولۇۋاتىسەن، ئېيت، قولىقىم سەندە!
نەندى كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا دېدى:
— ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە نېمە قىلارىمنى بىلمەيۋاتىمەن. ئۇلار بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغان، مادېرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن كۇنتىنىڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئەمەس. بىز مۇشۇ يوچۇقتىن پايدىلىنايلى! بىز تېخى پادىشاھ مۇجۇغا پارە بېرىپ، ئۇنى بىر تەرەپكە تارتايلى، ئۇ قىزىنى بەندۇنىڭ بەش

ئوغلىغا بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئىش پادىشاھ مۇجۇنىڭ بىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. بۇ دۇنيادا پۇل خەجلە-سە ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش بولمايدۇ.

كارنا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ ئىشقا ئاشمايدىغان قۇرۇق گەپ.

نەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەجەبا بىز قارا مەلىكىدىن پايدىلىنىپ. بەندۇنىڭ بەش ئوغلى ئوتتۇرىسىدا ئازارچىلىق پەيدا قىلالمايمىزمۇ؟ بەش ئوغۇل-نىڭ بىر خوتۇن ئېلىشى بىزگە پايدىلىق. بىز ئەر - ئاياللارنى ئىسىق - سوغۇق قىلىدىغان بىر ئادەمنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇمان، كۈندەشلىك پەيدا قىلايلى. بۇ ئىشنى جەزمەن قىلغىلى بولىدۇ.

كارنا بۇ ھىلىمۇ ئوخشاشلا كۈلكىلىك ھىيلە دەپ قارىدى.

پادىشاھ چىگو تەرەددۇتلىنىپ قالدى - دە، ۋىسىۋەكەرمە بىلەن دېرونانى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشتى.

ۋىسىۋەكەرمە بەندۇ نەسەبىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ پادىشاھ مۇجۇنىڭ قىزى ئۇلارنىڭ كېلىنى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇشال بولدى. پادىشاھ چىگو قانداق قىلىمىز دەپ مەسلىھەت سورىغاندا، زېرەك ئاقساقال ۋىسىۋەكەر-مە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارغا يەر - سۇ بېرىش، ئاۋام - پۇقرالارنىڭمۇ يېرىمىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىش. بۇ نەسەبىمىزنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، شام سارىيىغا ئوت كەتكەن ئىش توغرىسىدا ئارقاڭدىن كۆپ سۆز - چۆچەك بولۇندى. مۇبادا سەن ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، دۆلەت زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بەرسەڭ كىشىلەرنىڭ سېنى ئەيىبلەشلىرى، ساڭا بولغان گۇمان-لىرى تامامەن تۈگەيدۇ. مەن ساڭا سەمىمىيلىك بىلەن مۇشۇنداق

نەسىھەت قىلىمەن.

پادىشاھ چىگو ۋىسىۋەكەرمەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەندۇنىڭ ئوغۇللىرىغا دۆلەتنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋىدورونى بەنجېرو دۆلىتىگە بېرىپ، بەندۇلارنى ۋە قارا مەلىكىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

پىل شەھىرىنىڭ كوچىلىرىغا سۇ چېچىلىپ، ئىككى قاسناقلىرىغا گۈل قادالدى. ئاۋام ـ پۇقرالار ئۈزۈندىن بېرى ياقا يۇرتلاردا جەبىر ـ جاپا تارتىپ كېلىۋاتقان شاھزادىلەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى. پادىشاھ چىگو قارارى بويىچە، دۆلىتىنىڭ يېرىمىنى بەندۇ نەسەبىگە بۆلۈپ بەردى، جەنجەن پادىشاھ بولدى.

پادىشاھ چىگو يېڭى تەختىدە ئولتۇرغان پادىشاھ جەنجەنگە بەخت تىلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا مۇنداق دېدى:

— ئىنىم بەندۇ دۆلەتنى باي ـ باياشات باشقۇرغانىدى. ئەمدى سىز ئۇنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزمەي دۆلەتنى ياخشى باشقۇرغايسىز. پادىشاھ بەندۇ گەپ ـ سۆزلىرىمنى رايىشلىق بىلەن ئاڭلايتتى. سىزمۇ مېنى ئۇنىڭدەك ھۆرمەتلەڭ، ياخشى كۆرۈڭ. ئوغلۇمنىڭ باغرى تاش، ھاكاۋۇر. مەن ئوتتۇراڭلاردىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىم. سىلەر شەربەت شەھىرىگە بېرىڭلار. شۇ يەرنى ۋەتەن تۇتۇڭلار، ئۇ يەر بىزنىڭ كونا ئاستانىمىز ئىدى. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن پادىشاھ خوخۇ، يولىن ۋە شۇشىنلەر ئاشۇ يەردە ئەلنى ئىدارە قىلغانىدى. سىلەر بېرىپ ئۇ يەرنى گۈللەندۈرۈڭلار، نامىڭلار جاھانغا تارالسۇن.

شەربەت شەھىرى ئورمانلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. يەر يۈزى ئېگىز ـ پەس بولۇپ، خۇخا تىكەنلەر بېسىپ كەتكەنىدى. ھەممە يەردە خارابىلىكنىڭ ئىزنالىرى بار ئىدى. بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بۇ يەرگە كەلدى، ئۇلار بۇ يەرنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ

كەتتى. بۇ بىر ئۈچار قۇشلارنىڭ، يىرتقۇچ ھايۋانلار-نىڭ، ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا قارا مەلىكە بىلەن ئاجۇنا ئورمانلىقتا ئوت قويۇۋېتىپ، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئورمانلىقنىڭ ئورنىغا بىر شەھەر بىنا قىلماقچى بولدى.

قەھرىمان، دۈرۈس، ئەمگەكچان بەندۇنىڭ نەسەبىدىكىلەر كۆڭۈل قويۇپ شەھەر بىنا قىلدى. ھەممىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۆزۈن ئۆتمەي شەربەت شەھىرى قايتىدىن رېمونت قىلىندى. ئوردا - قەسىرلەر، قەلئە - سارايلار سېلىندى. ئىسمى دېۋانان ئىندرە ئىلاھى (تەڭرىشاھ) شەھىرى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

دېۋانان ئىندرە ئىلاھ شەھىرى بارغانسېرى مەمۇرچىلىققا تولدى. كۈندىن - كۈنگە گۈزەللەشتى، دۇنيادا تىللاردا داستان بولغۇدەك شەھەرگە ئايلاندى. بەندۇ نەسەبىدىكىلەر شۇ يەردە ئوتتۇز ئالتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئەزىلى قانۇن - ياساقلار-غا خىلاپ ئىشلارنى قىلمىدى.

## ئالتىنچى قىسىم

# ھەيران قېلىش: مەلئۇن بىلەن قىمار ئويىنغانلىقى

بەندى نەسەبىدىكىلەر دېۋانان ئىندرە ئىلاھ (تەڭرىشاھ) شەھىرىنى ئىدارە قىلىپ، شانلىق مەمۇرىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ جەنجەن كاتتا «خان نەزىرى» ئۆتكۈزدى. ئۇ چاغدا ھەرقايىسى ئەللەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئادەملەرلا بۇنداق «خان نەزىرى»گە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولاتتى. «خان نەزىرى»دىن كېيىن جەنجەن پادىشاھ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

نەندى دېۋانان ئىندرە ئىلاھ شەھىرىدە «خان نەزىرىگە» داخىل بولۇۋاتقاندا، جەنجەننىڭ قەسىرىدىكى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىنى قاماشتۇرىدىغان خرۇستال ئىشكلىرى، نۇرغۇن ئېسىل نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى كۆردى. چەكسىز باياشاتلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار تازا روناق تېپىۋاتقاندى، ئۇ يەنە نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ئۆز رايى بويىچە جەنجەن بىلەن دوستلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدى.

ساھۇنى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— غەم قىلما، مېنىڭ بىر چارەم بار، ئۇرۇش قىلماي، قان ئاقتۇرماي تۇرۇپمۇ جەنجەننى دېۋانان ئىندرە ئىلاھ شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

نەندىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئۇ تازا ئىشەنمىدى.

ساھۇنى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— جەنجەن قىمارغا ئامراق. ئەمما ئۇ قىمار ئوينىيالمايدۇ. ئۇ قىمار ئوينىيالايدىغان ئادەملەرگە كەلگەن پۇرسەتنى ئازراقمۇ بايقىيالمايدۇ. مۇبادا بىز ئۇنى قىمار ئويناشقا تەكلىپ قىلساق، ئۇ كىشەترىنىڭ قائىدىسى بويىچە تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلىپ كېلىدۇ. مەن قىمارنى ياخشى ئوينايمەن. ۋاقتى كەلگەندە سىزنىڭ ئورنىڭىزدا قىمار ئوينايمەن. ئۇ مەن بىلەن قىمار ئوينىسا كىچىك باللاردەكلا ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇ ھەرگىز مېنى ئۇتالمايدۇ. مەن بىر تامچە قان ئاقتۇرماي سىزگە ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى، بايلىقىنى ئېلىپ بېرىمەن.
پادىشاھ چىگو ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما نەندىنى قايىل قىلالماي ئاخىر يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ تەقدىرگە شۇنداق پۈتۈلگەنلىكىنى، تەقدىرنىڭ ئۆزلىرىنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇ ئوغۇللىرىنى ياخشى كۆرگەچكە ئاخىر ئوغۇللىرىنىڭ ئارزۇ-



ئارمانلىرى ئالدىدا باش ئەگدى. پادىشاھ جەنجەن تەكلىپكە بىنا-
ئەن ئىنىلىرىنى ۋە خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ پىل شەھىرىگە كەل-
دى.
بەزىلەر زېرەك پادىشاھ جەنجەن تەكلىپكە بىنائەن ئۇ يەرگە
نېمە ئۈچۈن باردۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. پادىشاھ جەنجەننىڭ
ئۇ يەرگە بېرىشىدا مۇنداق ئۈچ سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچى،
كىشىلەر شەھۋەت ئوقلىرىنى ئىشرەت بەدەنلىرىگە ئېتىش، قىمار
ئويناش ۋە مەيخورلۇق قىلىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرى-
نى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بۇ ئىشلاردىن تەرك ئېتەل-
مەيدۇ. پادىشاھ جەنجەن قىمار ئويناشقا تولىمۇ ئامراق ئىدى.
ئىككىنچى، كىشەترىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىگە ئاسا-
سەن، قىمار ئويناشقا تەكلىپ قىلىنىش ئەدەپ - ئەخلاق ۋە شان
- شەرەپكە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تەكلىپ قىلىنغان ئادەم جەزمەن
قىمار ئوينىشى كېرەك ئىدى. ئۈچىنچى، ۋەسۋەكەرمە ئۇنىڭغا
ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ نەندى بىلەن توقۇنۇشسا ئاخىر نەسەبى
ۋەيران بولىدۇ، دېگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئەھدۇ - پەيمان قىلىپ
نەندىدىن نارازى بولمايمەن، نەندىدىن خاپىمۇ بولمايمەن دېگەند-
ى. شۇڭا، ھازىر ئۇ ئاشۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ نەندىنىڭ تەكلىپىنى
رەت قىلمىدى.
سارايدا قىمارۋازلار ئولتۇردى، پادىشاھ جەنجەن پادىشاھ
چىگوغا دېدى:
— ئاھ، ئالىيلىرى، قىمار ئويناش ياخشى ئىش ئەمەس.
ئەۋلىيا ئاسىدۇ، بىپەرۋا ۋە باشقا ئەۋلىيا - ئەزمەلەرمۇ قىمار
ئالدامچىلىق بولىدۇ، شۇڭا قىمارنى چەكلەش كېرەك، دېگەند-
ى. ئۇلار بىزگە، بولۇپمۇ كىشەترىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ-
رۇشتا غەلىبە قىلىش ئەڭ ئادىل يولدۇر، دەپ كۆرسەتكەنىدى.
سىز بۇ گەپنى بىلمەي قالمايدىغانسىز؟
ئەمما، ئۇ قىمارغا ئامراق بولغاچقا بۇ گەپلەرگە ئانچە پەرۋا

قىلىپ كەتمىدى. پادىشاھ جەنجەن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە قىمار مۇشۇنداق داۋاملاشسا بولاتتى، دەپ ئۈمىد قىلدى. ساھۇنى زېرەك ئادەم بولغاچقا ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى تۇتىۋالدى:

— قىمار ئويۇنىغانىنىڭ نېمە يامىنى بار؟ مۇبادا قىمار ئويۇناشتىن قورقسىڭىز ئوينىماڭ. ئەمما قىمار ئويناش توغرا - خاتا دېگەن گەپلەرنى قىلىپ باھانە تاپماڭ.

پادىشاھ جەنجەن ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە كەلگەچكە تەن بەرمەي دېدى:

— خوپ، ئەمىسە ماڭا كىم رەقىب بولىدۇ؟

نەندىنىڭ چىرايلىرىدا شادلىق پەيدا بولدى. قالتىس كۆرەڭلەپ كەتتى.

— بۇ قىماردا پۇل، بايلىق، ئۇنچە - مەرۋايىتنى مەن چىقىرىمەن. ساھۇنى تاغام مەن ئۈچۈن ئوينايدۇ.

پادىشاھ جەنجەن نەندىنى يېڭەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، ھەممە كىشىلەر ساھۇنىنى ئۈچىغا چىققان ئۇستا قىمارۋاز دەپ قارىغاچقا، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەشۋىشلەنگىنىچە دېدى:

— باشقىلارنىڭ ئورنىدا قىمار ئوينايدىغان قائىدە نەدە بار ئىكەن؟

ساھۇنى مەسخىرە قىلغىنىچە دېدى:

— مەن سىزنىڭ يەنە باھانە تاپىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم.

جەنجەننىڭ چىرايلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئېھتىيات دېگەنلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، جاۋابەن دېدى:

— بولىدۇ، ئوينىساق ئوينايلى!

— ساراي ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. دېرونا، ئۇستاز، ۋىسۇەكەرمە، ۋىدورو ۋە پادىشاھ جىگو ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلار بۇ قىمارنىڭ ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى توسمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ قىمار كۆردى؛ چىرايلىرىنى غەم تۇمانلىرى باستى. شاھزادىلەر خۇشال

هالدا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىمار كۆردى.
ئۇلار دەسلەپ جاۋاھىراتلارنى تىكتى. كېيىن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئات ھارۋىسىنى تىكىشتى. پادىشاھ جەنجەن ھەر دورەم ئۇتتۇرىۋەردى. ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇتتۇرىۋەتكەندىن كېيىن، قۇل ـ دېدەكلىرىنىمۇ ئۇتتۇرىۋەتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىر پىل، لەشكەرلىرىنىمۇ ئۇتتۇرىۋەتتى. ئوشۇق خۇددى گەپ ئاڭلايدىغاندەك ساھۇنىنىڭ قولىدا ھەر قېتىم ئوڭ چۈشۈۋەردى.
پادىشاھ جەنجەن ئات ـ كالا، تۆگە ـ قوي، شەھەر ـ سەھرالارنى، ئاۋام ـ پۇقرالارنى ۋە باشقا بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرىۋەتتى، ئۇنىڭدىن ئامەت يۈز ئۆرۈگەنىدى، قارا قىسمەت ئۇنى ساھۇنىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتتى.
ساھۇنى ھاكاۋۇرلارچە دېدى:
— يەنە تىكىدىغان نېمىڭىز بار؟
پادىشاھ جەنجەن ئۇتتۇرغىنىغا تەن بەرمەي غەزەپ بىلەن دېدى:
— بۇ يەردە ۋۇجۇن بار، ئۇنىڭ چىرايى سۈزۈك ئاسماندەك پارلاق. ئۇمۇ مېنىڭ بايلىقىم بولغاندىكىن ئۇنىمۇ تىكتىم.
ساھۇنى جەنجەننىڭ چىشىغا تېگىپ دېدى:
— راستىما؟ بىز سىز ياخشى كۆرىدىغان شاھزادىنى ئۇتۇۋېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمىز.
ساھۇنى شۇنداق دېگەچ ئوشۇقنى ئېتىۋىدى، تەلىيى كېلىپ يەنە ئۇتۇۋالدى.
پۈتۈن قىمار سورۇنىدىكىلەر ئەزەلى بولۇپ باقمىغان بۇ قىماردىن ھەيران قالدى. سورۇن تەۋرەپ كەتتى.
پادىشاھ جەنجەن بۇ چاغدا ئەقلىنى يوقاتتى.
— بۇ ئىنىم شېتيەن، ئۇ تۇرلۇك ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىقتا كامالەتكە يەتكەن، ئەسلىدە مەن ئۇنى تىكمىسەم بولاتتى، ئەمما مەن يەنىلا تىكەي، قېنى ئېتىڭە ئوشۇقىڭىزنى!

ساھۇنىنىڭ چىرايلىرىدا كۆرەڭ ئالامەتلەر پەيدا بولدى. ئۇ ئۇشۇق ئاتقاچ دېدى:

— قاراڭلارچۇ، مەن ئۇشۇقنى ئېتىشىم بىلەنلا ئۇتتۇۋالدىم.

پادىشاھ جەنجەن شىتەننىمۇ ئۇتتۇرىۋەتتى. ھېيلىگەر ساھۇنى پادىشاھ جەنجەننى ئەمدى ئويىنىمايمەن دەپ تۇرۇۋالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ مۇنداق مەسخىرە قىلدى:

— بۇجۇن بىلەن ئاجۇنا سىزنىڭ ئىنىلىرىڭىز. ئۇلار مادىرىدىن تۇغۇلغان ئىنىلىرىڭىزدىنمۇ يېقىن. مەن سىزنىڭ ئۇلارنى ئۇتتۇرىۋەتمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن.

پادىشاھ جەجەن ساھۇنىنىڭ گەپلىرىگە چىداپ تۇرالمىدى ۋە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي جاۋابەن دېدى:

— ئەخمەق! سەن بىزنى ئايرىۋەتمەكچىمۇ؟ سەن ناپاك ياشاۋاتقان بىر نەرسە تۇرساڭ، بىزنىڭ دۇرۇس ياشاۋاتقانلىقىمىزنى قانداق بىلىسەن؟ — دېدى ۋە يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن جەڭ - ئۇرۇشلاردا تەڭداشسىز قېرىندىشىم ئاجۇنانىمۇ تىكىمەن. ئاتە ئۇشۇقۇڭنى!

ساھۇنى جاۋابەن دېدى:

— ئەمىسە ئاتتىم. دەتتىكام!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئۇشۇقنى ئېتىۋىدى، يەنە ئۇتتۇۋالدى. پادىشاھ جەنجەن ئاجۇنانىمۇ ئۇتتۇرىۋەتتى. قاتتىق ئازابتىن پادىشاھ جەنجەن ساراڭ بولاي دەپ قالدى، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— ئاھ، ئالتىيلىرى، بۇجۇن مېنىڭ ئىنىم، ئۇ جەڭگاھتا بىرگە قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇ يىنتورو ئىلاھقا ئوخشاش ئالۋاستى - يالماۋۇزلارنى تىترىتىۋېتىدۇ، ئۇ ئار - نومۇسقا چىداپ تۇرالمايدۇ. جاھاندا ئۇنىڭغا تەڭلىشەلەيدىغان ئادەم يوق. ئەمدى ئۇنىمۇ تىكىمەن. ئۇ بۇجۇننىمۇ ئۇتتۇرىۋەتتى. ھېيلىگەر ساھۇنى سورىدى:

— ئەمدى نېمىنى تىكىسىز؟
پادىشاھ جەنجەن جاۋابەن دېدى:
— بار، ئۆزۈم بار. مۇبادا مېنى ئۇتتۇۋالسىڭىز مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز بولىمەن.
— قاراپ تۇرۇڭ، مەن يەنە ئۇتتۇۋالىمەن.
ساھۇنى دېگەندەك يەنە ئۇتتۇۋالدى. كېيىن ساھۇنى ئورنىدىن تۇردى ۋە بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ چاقىردى، ئۇ بەشىيلەننىڭ تامامەن قانۇنلۇق قول بولغانلىقىنى ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن جاكارلىدى.
سورۇندىكىلەر ئۇندىمەستىن، بىر - بىرىگە قاراشتى. ساھۇنى جەنجەنگە يۈزلىنىپ دېدى:
— سىزدە يەنە بىر گۆھەر بار. ئۇنى دو تىكىسىڭىز ئەركىنلىككە ئېرىشىسىز. سىز خوتۇنىڭىز قارا مەلىكىنىمۇ دو تىكمەمسىز؟
جەنجەن قاتتىق ئۇمىدسىزلەنگىنىچە ئۇنىمۇ تىكتى:
— مەن ئۇنىمۇ تىكتىم.
ئۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.
مۆتىۋەرلەر ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چەكتى، ئارقىدىن ساراي بىلەن ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن «نومۇس! نومۇس!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بەزىلەر ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى، يەنە بەزىلەرنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدەنلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ كەتتى. ئاخىرقى زامان بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ھېس قىلىشتى. نەندى، كارنا قەۋەت خۇش بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لىجەنلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى. قاتتىق ئار - نومۇس، دەرد - ئەلەمدىن ئۇلۇغ ئۇھسىندى. ساھۇنى ئوشۇقنى تاشلاپ ۋارقىرىدى:
— مەن ئۇتتۇم!
شۇ ئەسنادا نەندى ۋىدوروغا بۇرۇلدى:

— قارا مەلىكىنى ئەكەل، بەندۇنىڭ بەش ئوغلىنىڭ ئارزۇ-لۇق ئايالىنىمۇ تۇتۇپ كەل. ھازىردىن باشلاپ ئۇلار ئائىلىمىز-نىڭ تازىلىقىنى قىلسۇن. ئۇنى ھازىرلا ئەكېلىڭلار!
ۋىدورو ۋارقىرىدى:
— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ سىز ھامىنى گۇمران بولىسىز. سىز ھازىر خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭىز. غەلىبە قىلدىم دەپ ئەقلىڭىزدىن ئازدىڭىز، خەتەرنى كۆرمىدىڭىز. يارنىڭ لېۋى-گە كېلىپ قالدىڭىز، جەزمەن ھاڭغا غۇلاپ چۈشۈپ كېتىسىز.
ۋىدورو نەندىغا تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن مەيداندىكىلەرگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ دېدى:
— جەنجەن ئەركىنلىكىدىن، جىمى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدى، قارا مەلىكىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. جۇلۇ قوۋمىدىكىلەر ۋەيران بولاي، دەپ قالدى. پادىشاھ چىگونىڭ ئوغۇللىرى دوست-لىرىنىڭ سەممىي نەسىھىتىنى ئاڭلىماي جەھەننەمگە قاراپ ماڭ-دى.
نەندى ۋىدورونىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ھارۋىكەشى رويىغا دېدى:
— ۋىدورو بىزگە ھەسەت قىلىۋاتىدۇ، بەندۇ نەسەبىدىن قورقۇۋاتىدۇ. سەن دەرھال بېرىپ قارا مەلىكىنى ئېلىپ كەل.
رويى قارا مەلىكىنىڭ قېشىغا بېرىپ دېدى:
— ھەي مەلىكە، جەنجەن قىمار ئالۋاستىسىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن سىزنى ئۇتتۇرۇۋەتتى. ئەمدى سىز نەندىگە تالىق بولۇپ كەتتىڭىز. مەن نەندىنىڭ پەرمانى بويىچە سىزنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، سىز نەندىنىڭ كۈتكۈچىسى بولىسىز.
قارا مەلىكە خان نەزىرىدە پادىشاھنىڭ جورىسى بولغانىدى. ئۇ بۇ غەلىتە خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران قالدى ۋە سورىدى:
— ھەي رويى، سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ قايسى شاھزادە

ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ؟ ئۇنىڭ قىمارغا تىككۇدەك باشقا نەرسىسى يوقمىكەن؟

رويى پۈتۈن ئەھۋالنى مەلىكىگە سۆزلەپ بەردى. مەلىكە ئاڭلاپ ئازابلانغان بولسىمۇ، ئەمما تېزلا جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ غەزەپ بىلەن دېدى:

— ھەي، ھارۋىكەش، سەن قايتىپ بېرىپ قىمار ئوينىغان ئۇ ئادەمدىن سوراپ باق، ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپتىمۇ ياكى ئايالىنىمۇ؟ سەن بۇ گەپنى خالايىق ئالدىدا سوراپ، جاۋابىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن مېنى ئېلىپ كەت.

رويى قىمارخانىغا قايتىپ بېرىپ، قارا مەلىكە دېگەن گەپلەرنى جەنجەڭگە دېدى.

پادىشاھ جەنجەن ئۇندىمىدى.

نەندى يەنە رويىغا قارا مەلىكىنى ئەكەل، ئۇ ئېرىدىن ئۆزى سوراپ باقسۇن دېدى. رويى يەنە قارا مەلىكىنىڭ يېنىغا بېرىپ، تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن دېدى:

— مەلىكە، رەزگى نەندى مەلىكە ئۆزى كېلىپ ئېرىدىن سورىسۇن، دەپ مېنى يەنە ئەۋەتتى.

مەلىكە جاۋابەن دېدى:

— بارمايمەن، سەن بېرىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېگىن، نېمىشقا بارمايدىغانلىقىمنىڭ جاۋابىنى ئۇ ئۆزى بەرسۇن.

رويى مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى.

نەندى غەزەپلەندى ۋە ئىنىسى نەنجانغا دېدى:

— بۇ دۆت بۇجۇندىن قورقۇپتۇ. سەن بېرىپ ئۇنى ئەكەل، ئۇنىمىسا سۆرەپ ئەكەل.

نەنجان خۇشال ھالدا مەلىكىنى ئەكەلگىلى كەتتى. ئۇ مەلىكىنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندىن كېيىن ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى:

— ھەي، سەن نېمىشقا بىزنىڭ ھوزۇرىمىزغا تېز بارمايسەن؟ سەن ئەمدى بىزگە تالىق بولدۇڭ. خىجىل بولما چىرايلىق

خان ئايىم. بىز سىنى ئۇتتۇۋالدۇق، تېز قىمارخانىغا بار.

ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن مەلىكىنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. مەلىكە ئورنىدىن تۇردى، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدەنلىرى شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى، ئىززىتىراپ ئوقلىرى ۋۇجۇدىنى يارا قىلدى. چىگو پادىشاھنىڭ ئارقا ھويلىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى. ئەمما نەنجان ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ، قىمارخانىغا سۆرەپ ماڭدى.



مەلىكە قىمارخانىغا كىرىشى بىلەنلا ھەسرىتىنى بېسىپ، ئۇ يەردە ئولتۇرغان مۆتىۋەرلەرگە دېدى:

— بۇ پادىشاھ ئۇستا قىمارۋازنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۆزىمۇ ئالدىنىپ قاپتۇ. شۇنداق تۇرۇپ سىلەر يەنە قىمارنى توختىماي ئويناۋاتىسىلەر؟

ئۇ قوللىرىنى سوزدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى، ھەسرەتلىك نىدا قىلدى.

ئۇنىڭ ئاچچىق ئېچىنىشلىق ئاۋازىنى، ئاڭلىغان مۆتىۋەرلەر ئازابتىن، ئار ـ نومۇستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى.

شۇ ئەسنادا كارنا ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— جەنجەن ئەركىن چاغلىرىدا ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قالدى. ئەلۋەتتە مەلىكىدىنمۇ قۇرۇق قالدى. شۇڭا مەلىكە ساھۇنىغا تالىق بولدى. بۇ ئىشنىڭ تالىشىپ يۈرگۈدەك يېرى قالمىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ ساھۇنىڭ بايلىقى بولىدۇ. ھەي، نەنجان سەن بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بىلەن قارا مەلىكىنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ساھۇنىغا بەر.

بەندۇنىڭ بەش ئوغلى كارنانىنىڭ قەھرىدەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇنداق ئېغىر سىناقتا ئاخىرىغىچە چىداي دەپ ئويلىدى. ئۇلار كىيىملىرىنى سالدى، كۆپچىلىككە ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىنمۇ ئايانماي ئۆزلىرىنىڭ شان ـ شەرىپىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپتى.

نەنجان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، مەلىكىنىڭ كىيىملىرىنى زورلاۋاتلىق بىلەن سالدۇرماقچى بولدى. قارا مەلىكە زېمىندا ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئالەم تەڭرىسىدىن ياردەم سورىدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ نىدا قىلدى:

— ھەي، ئالەمنىڭ ساھىبى تەڭرىم! ئۇلۇغ مەبۇدەم! بىز مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدۇق، بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغايسىز. سىز مېنىڭ نىجاتكارىم، ھىماتىم.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى. رەزگى نەنجان ئىزا تارتماي قارا مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مەلىكىنىڭ پەرەنجىسىنى تارتتى. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر تىترەپ كەتتى، شەرم ـ ھايالىق

كۆزلىرىنى باشقا ياققا ئاغدۇردى.

شۇ ئەسنادا تەڭرىنىڭ رەھىمى كەلدى بولغاي، بىر مۆجىزە روي بەردى: نەنجان ھەرقانچە قىلىپمۇ مەلىكىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، ئۇنى ئانىسىدىن تۇغما ھالەتكە كەلتۈرەلمىدى. بىر كىيىمىنى سالدۇرسا يەنە بىر كىيىم مەلىكىنىڭ ئۇچىسىغا چىقىپ تۇردى. ھايال ئۆتمەي قىمارخانىدا بىر دۆۋە يېڭى كىيىم پەيدا بولدى. نەنجان مەلىكىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ھەپىلىشىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن نىيىتى دۇرۇس كىشىلەر تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئوقۇشتى، تەڭرىنىڭ شەپقىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئىسسىق ياش تۆكۈشتى. بۇجۇنىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن قەسەم قىلدى.

— مەن بۇ براھمان نەسەبىنى ۋەيران قىلىمىسام، رەزىل نەنجانىنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ، قېنىنى ئىچمىسەم مەڭگۇ ئاتا - ئانام تۇرۇۋاتقان جەننەتكە كىرمەيمەن.

توساتتىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان، قۇشلارنىڭ غەلىتە سايراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ بالايىئاپەت بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. پادىشاھ چىگو بۇ داۋالغۇشنىڭ نەسەبىنى ۋەيران قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى بىلدى - دە، پادىشاھ جەنجەنگە دېدى:

— بىز بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەيلى. خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار. بەختلىك تۇرمۇشىڭىزنى، ئەركىن ھاياتىڭىزنى قايتىدىن باشلىۋېلىڭ. دېۋانان ئىندرە ئىلاھ شەھىرىگە قايتىپ كېتىڭ.

شۇنىڭ بىلەن بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بۇ قاباھەتلىك سارايدىن ئايرىلدى. توساتتىن ئازابتىن قۇتۇلغانلىقىدىن ھەيران قالدى. مۆجىزىنى كۆرگەندەك بولدى. ئەمما بۇنداق ياخشى ئىش ئۆزۈنغا بارمىدى.

پادىشاھ جەنجەن بىلەن قېرىنداشلىرى كەتكەندىن كېيىن، ئەندىنىڭ ئوردىسىدا ئۇزۇن مۇددەت تالاش - تارتىش بولدى. ئەندى يەنە ئامال قىلىپ يەنە بىر قېتىم پادىشاھ جەنجەننى قىمار ئويناشقا قىزىقتۇردى.

ئۇلار پادىشاھ جەنجەننىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتتى، جەنجەن تېخى دېۋانان ئىندرە ئىلاھ شەھىرىگە بېرىپ بولمىغانىدى، ئەلچى ئۇلارغا يېرىم يولدا يېتىشىۋالدى.

ئۇلار يەنە پىل شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. قىمار سورۇنىدىكى كىشىلەر پادىشاھ جەنجەنگە ئەمدى قىمار ئوينىماڭ دەپ نەسىھەت قىلدى. ئەمما جەنجەن تاۋىكادا ئولتۇرۇپ ساھۇنى بىلەن قىمار ئويناشقا باشلىدى. ئۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئەخمەق قىلىدىغان نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئاسارىتىنى يېنىكلەتتى، بۇ قېتىمقى قىمار مۇنداق بولدى: قايسى تەرەپ ئۇتتۇرىۋەتسە شۇ تەرەپ قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ئورمانلىقتا ئون ئىككى يىل پالىنىدىغان، ئون ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ ئىسىم - فامىلىسىنى يوشۇرۇپ ياشايدىغان بولدى. مۇبادا ئون ئۈچىنچى يىلى كىشىلەر ئۇلارنى تونۇۋالسا، يەنە ئون ئىككى يىل ئورمانلىققا پالىنىدىغان بولدى. بۇ دورەممۇ يەنە پادىشاھ جەنجەننىڭ مەغلۇپ بولۇشتا گەپ يوق ئىدى. شۇڭا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى خىجالەتتىن بېشىنى تۆۋەن سىلىشتى.

## يەتتىنچى قىسسە

# سەرسانلىقتىكى يىللار: ئاسماندىن زېمىنغىچە

بەندۇ نەسەبىدىكىلەر ئورمانلىقتىن چىققاندا ئۇلارنى ئۈزدىتىپ كەلگەن ئاۋام - پۇقرالىرى ئىچىدە شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئۆگزىگە، دەرەخكە، مۇنارغا چىقىپ ئۇلارنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قاراشتى. بۇ شاھزادىلەر بۇرۇن ئۇنچە - مەرۋايىتلار بىلەن نەقىشلەنگەن ياسىداق تەختىراۋانلارغا ئولتۇرۇپ، يىللارغا مىنىپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى، ئۇلار قۇتلۇق كوي - ناۋالار قويىندا يۇرەتتى. ئەمدى بولسا مۇڭ - ھەسرەت ئىچىدە ئىككى پۇتىغا تايىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەتراپتىن يىغا - زارە ئاڭلاندى. ئۇلار قاتتىق ۋارقىراشتى:

— ئاھ، تەڭرىم، كۆزۈڭ كور بولدىمۇ؟ بۇ ئىشلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟!

كور پادىشاھ چىگو ۋىدورونى چاقىرىپ، بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ قانداق قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەر، — دېدى.

ۋىدورو جاۋابەن دېدى:

— گوڭدىنىڭ ئوغلى جەنجەن ماڭىدىغان چاغدا ئۇلار ئۇنىڭ يۈزىنى لاتا بىلەن ئېتىپ قويىدى. بوجۇننىڭ قولى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاندى. ئاجۇنا كېتىۋاتقان يەرگە قۇم چېچىپ ماڭدى. ۋۇجۇن بىلەن شېتەن توپا - چاڭغا مىلىنگىنىچە پادىشاھ جەنجەنگە ئەگىشىپ ماڭدى. قارا مەلىكە جەنجەن بىلەن ياندىشىپ ماڭدى،

سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرى ئۇنىڭ گۈزەل چىرايلىرىنى توسۇۋال-
دى، قارا يامغۇردەك يىغلىۋەتتى. ئۇلارغا نەزىر - چىراغ مۇئەك-
كەللىرى ھەمراھ بولۇپ ماڭدى، ئەزرائىلنىڭ «ۋىدە» سىدىن
قەسىدىلەر ئوقۇدى.

پادىشاھ چىگو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئالاقزادە بولدى
ۋە قورقۇپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دەپ سورىدى:

— ئاۋام - پۇقرالار نېمە دېدى؟

ۋىدورو جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— ئاھ ئالىيلىرى، مەن ھەر خىل تائىپە ۋە ئېتىقادتىكى
كىشىلەرنىڭ گەپلىرىنى سىزگە يەتكۈزەي. ئۇلار: «بىزنىڭ ئاتا-
ئانىمىز بىزدىن ئايرىلدى، نەپرەت جولو قوۋمىدىكى بوۋايلارنىڭ
مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ روي بېرىشىگە قاراپ تۇرغانلىقىغا، ئاچ
كۆز پادىشاھ چىگو ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەندۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئور-
مانلىققا ھەيدىۋەتتى، دېيىشتى. ئاۋام - پۇقرالار بىزنى ئەيىبلە-
گەندە، توساتتىن سۈزۈك ئاسماندا نۇر چاقناپ كەتتى. تاغلار
تەۋرەندى، زېمىنمۇ تەۋرەپ كەتتى، يەنە بەزى شۇملۇقتىن بېشا-
رەت بولدى.

پادىشاھ چىگو غەمكىن ھالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى. پادىشاھ
جەنجەن قېلىن ئىپتىدائىي ئورمانلىققا كىردى. ئۇلار ئورمانلىققا
ئورۇنلاشتى، ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى.

بۇجۇن بىلەن قارا مەلىكە ئورمانلىققا كەلگەندە ھەمىشە جەن-
جەن بىلەن دەتالاش قىلىپ يۈرۈشتى.

بۇجۇن پادىشاھ جەنجەنگە دېدى:

— سىزنىڭ ئەقلىڭىز گەجگىڭىزگە ئۆتۈپ قاپتۇ. سىز
تۇغۇلىشىڭىز بىلەنلا بىر كىشەترىيە ئىدىڭىز. ئەمما كىشەترىيىگە
ھەرگىز ئوخشىماي قالدىڭىز. خاراكتېرىڭىزدىن قارىغاندا، سىز
براھمانغا ئايلىنىپ بولدىڭىز. سىز كىشەترىيىنىڭ قاتتىق
ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ، بىز تەۋەككۈل دەرياسىغا ئۆزىمىز-

نى ئېتىپ، پادىشاھ چىگونىڭ ئوغلىنىڭ كۆرەشلىشىگە يول قويـ-
ماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. مۇبادا كىشەترىيە ئۆزىنى ئالدىغان
دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمىسا، ئۇنى كىشەترىيە دېگىلى
بولامدۇ؟ مەن بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ دوزاخقا كىرسەم ئۆزۈمـ-
نى جەننەتكە كىرگەندەك سېزىمەن. سىزنىڭ سەۋرى - تاقىتىدـ-
ىڭىز ئوت بولۇپ بىزنى كۆيدۈرمەكتە، بۇنداق ئوت يالقۇنىدىمۇ
كۈچلۈك. مەن، ئاچۇنا ئۇ ئوت دەستىدىن كېچەيۇ كۈندۈز خاتىر-
جەم ئۇخلىيالمايۋاتىمىز. زېمىنىمىزنى ئىگىلىۋالغان مۇتهەم شۇ
تاپتا راھەت سۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما سىزچۇ؟ سىز بولسىڭىز
بۇ يەردە كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدىڭىز. سىز ھازىرنىڭ



ئۆزىدىلا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ ئېلىش قارارىغا كېلىڭ. بۇ كىشەترىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇقەددەس ۋەزىپىسى.

بۈگۈن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. بىزەمۇ يول قويىمىدى. قارا مەلىكىمۇ ئۆزىنىڭ نەندى، كارنا ۋە نەنجاننىڭ قولىدا قانداق خورلانغانلىقىنى توختىماي دادلىدى ۋە مۇقەددەس كىتابلاردىكى سۆز - كەلىمىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، پادىشاھ جەنجەننى خاتىر-جەمسىزلەندۈردى. ئەمما پادىشاھ جەنجەن يەنىلا ئىنىلىرىنى ئال-دىراڭغۇلۇق قىلمايلى، دەپ كۆچىنىڭ بارىچە توستى.

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئاجۇنا ۋىسىۋەكەرمەنىڭ نەسى-ھىتىنى ئاڭلاپ، ھىمالايا تېغىغا ئىستىقامەت قىلغىلى كەتتى. ئۇ ئىستىقامەت قىلىپ تەڭرىدىن يېڭى قورال - ياراغ ئاتا قىلىش-نى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ قېرىنداشلىرى ۋە قارا مەلىكە بىلەن خوشلاشتى. قارا مەلىكە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ھەي، ئاجۇنا! سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولغاي. پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ مەقبۇل بولغاي. بىزنىڭ بەختىمىز، ھايا-تىمىز ۋە شان - شەرىپىمىز ساڭا باغلىق. سەن يېڭى قورال - ياراغقا ئېرىشكەندە قايتىپ كەلگەيسەن!

قارا مەلىكە يەنە نۇرغۇن تىلەكلەرنى تىلەپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

ئاجۇنا كېچەيۇ كۈندۈز توختىماي ھىمالايا تېغىغا قاراپ يول يۈردى. قېلىن ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ يىنتورو چوققىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر قېرى براھماننى ئۇچراتتى. ئۇ براھمان كۈلۈپ تۇرۇپ ئاجۇناغا سەمىمىيلىك بىلەن دېدى:

— بالام، سەن كىم بولىسەن؟ قولۇڭغا قورال ئېلىۋاپسەن-غۇ؟ بۇ يەردە قورال ئىشلىمەيدۇ. بۇ يەردە ئۇزۇن شەھۋەت - ھەۋەستىن ئۆزىنى تارتقان، يەك دىللىق بىلەن ئىستىقامەت يولىغا ماڭغان بىر ئەۋلىيا بار. سەن كىشەترىيىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپ-سەن، ئۇنىڭدىن تىلەيدىغان نېمە تىلىكىڭ بار؟

ئاجۇنا بىلەن سۆزلەشكەن ئۇ براھمان ئەرش ئىلاھى ئىنشىرو ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئوغلىنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئاجۇنا ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرگىنىچە دېدى:

— مەن لەشكىرىي قورال ئىزدەپ كەلگەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بىر لەشكىرىي قورال بەرسىڭىز. ئىنشىرو جاۋابەن دېدى:

— ئاھ، ئاجۇنا، سەن لەشكىرىي قورالنى نېمە قىلىسەن؟ شادلىقتىن ھۇزۇرلىنىشنى ياكى ئەرشكە چىقىپ ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈشنى تىلە!

ئاجۇنا دېدى:

— ھەي ئەرش ئىلاھىنىڭ شاھى، مەن بۇ يەرگە ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرگىلى ياكى ئەرشكە چىققىلى كەلمىدىم، مەن ئورمانلىقتىن، قارا مەلىكىدىن ۋە قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ، لەشكىرىي قورالغا ئېرىشەلەرمەن، دەپ بۇ يەرگە كەلدىم.

مىڭ كۆزلۈك ئىلاھ ئىنشىرو دېدى:

— مۇبادا سېنىڭ ئامىتىڭ كېلىپ ئۈچ كۆزلۈك سىۋانى كۆرەلىسەڭ، ئۇنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولالىساڭ، ئەرش ئىلاھىنىڭ لەشكىرىي قورالىغا ئىگە بولالايسەن. سەن سىۋا ئۈچۈن ئىستىقامەت قىل.

ئىنشىرو شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاجۇنا ھىمالايا تېغىغا بېرىپ سىۋادىن شەپقەت - ئىنايەت تىلىدى.

سىۋا ئوۋچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇما سىياقىدا ئورمانلىققا كېلىپ ئوۋ ئوۋلىدى. ئۇلار بارغانسېرى قىزغىن، جىددىي ئوۋ ئوۋلىدى. توساتتىن بىر قاۋان ئاجۇناغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ ئەسنادا ئوۋچى سىۋا ئوقياسى بىلەن قاۋاننى ئېتىۋىدى، ئوق قاۋاننىڭ بىقىنىغا تەگدى.

ئاجۇنا ۋارقىراپ تاشلىدى:

— سەن كىم بولىسەن؟ نېمە ئۈچۈن خوتۇنۇڭنى ئەگەشتۇ-

رۇپ كېلىپ ئورمانلىقتا سەيلە قىلىسەن؟ نېمىدەپ مەن ئاتماقچى بولغان قاۋاننى ئاتىسەن؟

ئوۋچى مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن دېدى:

— بىز بۇ يەردە تۇرىمىز، قاۋانلار ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان بۇ يەر بىزگە تەۋە، قارىسام سەن پالۋان ئەمستەك، ئورمانلىقتىكى ئادەملەرگىمۇ ئوخشىمايسەن. راھەت - پاراغەتتە ياشىغان ئادەمدەك قىلىسەن. ئەسلىدە مەن سەندىن شۇنداقمۇ دەپ سورىسام بولاتتى. سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسەن؟



ئوۋچى يەنە بۇ قاۋاننى مەن ئېتىپ ئۆلتۈردۈم، مۇبادا مەن ئېتىپ ئۆلتۈردۈم دېسەڭ بىز ئېلىشىپ باقايلى، دېدى.

— ئاجۇنا ئۇرۇش قىلىشقا تولىمۇ خۇشتار ئىدى. ئۇ سىۋاغا يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئەمما ئوق سىۋاغا تەگمەي باشقا ياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئاجۇنا ھەيران قالدى. ئوق تەگكەندە ئاجۇنا يا بىلەن ئوۋچىنى ئۇردى. ئوۋچى پەرۋا قىلمىدى، ھېچقانچىلىك كۈچمەيلا ئاجۇنانىڭ قولىدىكى يانى ئېلىۋالدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاجۇنا ئورمانلىقدىكى ئادەتتىكى بىر ئوۋچىنىڭ قورالىنى ئېلىۋالغانلىقىدىن قاتتىق خىجىل بولدى، ھەيران بولدى، سەل گۇمان پەيدا بولدى. ئەمما ئۇ قورقماي خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ جەڭ قىلدى. خەنجەر ئوۋچىنىڭ بەدىنىگە تېگىشى بىلەنلا كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانداق قورال بولمىغاچقا ئوۋچى بىلەن قۇرۇق قول ئېلىشتى. ئۇ ئوۋچىنىڭ رەقىبى بولالمىدى. ئوۋچى تۆمۈردەك بىلەكلىرى بىلەن ئۇنى تۇتۇۋالدى، ئۇ ئوۋچىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمدى قۇتۇلالمىدى. ئاجۇنا مەغلۇپ بولۇپ، بويسۇندۇرۇلدى. ئۇ تەڭرىدىن مەدەت تىلىدى، سىۋانى سېغىندى. شۇ ئەسنادا ئۇ بۇ ئوۋچىنىڭ كىملىكىنى بىلدى.

ئۇ بۇ ئىلاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ گۇناھىنى تىلىدى.

— مەن سېنى ئەپۇ قىلدىم دېدى سىۋا كۈلۈپ تۇرۇپ. ئوقيا بىلەن باشقا قوراللارنى يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا «ھايۋانلار شاھى گۆھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قورالنى ھەدىيە قىلدى. ھايۋانلار شاھى سىۋانىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى ئىدى.

ئاجۇنانىڭ بەدىنى قاتتىق ئېلىشىش جەريانىدا زەخىملەندى، ئەمما ئۇچ كۆزلۈك ئىلاھ بىلەن ئۇچراشقاندا تامامەن ئەسلىگە كەلدى ۋە بۇرۇنقىدىنمۇ قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك بولۇپ كەتتى.

سىۋا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
— سەن ئەرشكە چىقىپ ئاتاڭ ئىنشىروغا سالام بەر!
ئىلاھ شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بولدى.
ئاجۇنا خۇشال بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى:
— مەن بۇ ئىلاھ بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشكەن ئوخشىمايمەن- مۇ؟ مەن بەك ئامەتلىككەنمەن، بەدەنلىرىم ئۇنىڭ بەدەنلىرى بىلەن ئۇچراشقان ئوخشىمامدۇ؟ ماڭا يەنە نېمە كېرەك؟
شۇ ئەسنادا ئىنشىرونىڭ هارۋىكىشى مودول ئىلاهىي هارۋى- نى هەيدەپ كېلىپ ئاجۇنانى ئەرش ئىلاهىنىڭ هوزۇرىغا ئېلىپ كەتتى.
ئاجۇنا هىمالايا تېغىغا كەلگەندىن كېيىن تۆت قېرىندىشىمۇ قارا مەلىكىگە ئوخشاش غەم پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. قارا مەلىكە پات - پات نارازى بولغىنىچە دېدى:
— ئاجۇنا بولمىغاندىكىن بۇ يەردىكى خۇشاللىق خاپىلىققا ئايلاندى، تۇرمۇش مەززىسىز تۇيۇلدى. بۇجۇن قارا مەلىكىگە دېدى:
— خانىم، مەن گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم. ئاجۇنا بولمىغاچقا مەنمۇ زېرىكىپ قالدىم. ئىنىم شېتەن سەن قانداقراق تۇيغۇدا بولۇۋاتىسەن؟
شېتەن دېدى:
— ئاجۇنا بولمىغاچقا بۇ يەر قۇرۇق تۇيۇلۇپ قالدى. بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسەك هىجران ئازابىغا چىدىغىلى بولامدۇيوق، سىناپ باقايلى! شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ جەنجەن ئۆزىنىڭ نەزىر - چىراغ مۇئەككىلىدىن سورىدى:
— بىز ئازابلىرىمىزنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن باشقا يەرلەرگە بېرىپ سەيلى - ساياهەت قىلساقمىكىن، دەپ ئويلىدۇق. سەنچە بىز قەيەرگە بارساق بولار؟
نەزىر - چىراغ مۇئەككىلى نۇرغۇن ئورمانلىقنى، مۇقەددەس

جايلارنى تونۇشتۇردى. بەندۇ نەسەبىدىكىلەر نەزىر - چىراغ مۇ-
ئەككىلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، نەچچە ئاي ۋاقىت سەرپ قى-
لىپ مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلدى، ئۇ يەرلەر ھەققىدىكى
رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدى.

ھىمالايا تېغىنىڭ ھەممە يېرىدە بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ
ئاياغ ئىزلىرى قالدى. بىر كۈنى ئۇلار قورقۇنچلۇق ئورمانلىققا
كىلىپ قالدى. ئورمانلىقتىكى يول ئەگرى - توقاي ئىدى،
پادىشاھ جەنجەن تەشۋىشلەنگىنىچە، بۇجۇنغا دېدى:

— بۇ يولدا مېڭىش بەك مۇشكۇل ئىكەن، قارا مەلىكە
بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟

ئۇ بۇجۇن بىلەن بىللە ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرەي،
بۇجۇن، شېتەن سىلەر گانگى دەرياسىنىڭ مەنبەسىدە قارا مەلى-
كىگە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇڭلار، دېدى.

بۇجۇن قوشۇلمىدى. ئۇ پادىشاھ جەنجەنگە ئاجۇنادىن ئايرى-
لىپ قالغان دەرد يەتمىدىمۇ، مۇبادا بىز يەنە شېتەن، قارا مەلى-
كە، بۇجۇندىن ئايرىلىپ قالساق، بۇنىڭ ئازابىغا قانداق چىداي-
مىز؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئورمانلىقنىڭ ھەممە يېرىدە ياۋايى يىرتقۇچ
ھايۋانلار تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ پادىشاھ جەنجەننى ئۆزى يالغۇز
ئورمانلىقتا يولغا سېلىپ قويسۇن؟ يول ھەقىقەتەن مۇشكۇل
بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ مۇشكۇل يولغا كەلگەندە ئۇ قارا مەلىكىنى
يۇدۇۋالسا، شېتەن بىلەن بۇجۇنىمۇ يۇدۇۋالسا بولىۋېرەتتى.
پادىشاھ جەنجەن بۇجۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
ئالدىغا باردى - دە، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭغا بەخت
تىلىدى. كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىل-
دۈردى.

قارا مەلىكە پادىشاھ جەنجەنگە قاراپ كۈلگىنىچە دېدى:

— مېنى يۇدۇۋالمىساڭلارمۇ ئۆزۈم ماڭالايمەن، مەن ئۈچۈن
غەم يېمەڭلار.

ئۇلار ھەمالايا تېغىدىكى پادىشاھ مىياۋبى ھۆكۈمرانلىق قىلىغان جولونتو دۆلىتىگە كېلىپ، پادىشاھ مىياۋبىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى ۋە ئۇ يەردە بىر مەھەل ئارام ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار رويەن ئىبادەتخانىسى جايلاشقان گۈزەل ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

بىر كۈنى بىر مەھەل چىققان مەيىن شامال شەرقىي جەنۇبتىن بىر تال رەڭدار گۈلنى ئۇچۇرتۇپ كەلدى. گۈل قارا مەلىكىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەلدى. گۈل ھەم چىرايلىق، ھەم پۇراقلىق ئىدى. قارا مەلىكە خۇشال ھالدا بۇجۇنغا قاراپ دېدى:

— بۇ گۈلگە قاراڭ، بۇ گۈل نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇش پۇراقلىق. مەن بۇ گۈلنى پادىشاھ جەنجەنگە كۆرسىتىمەن. بۇ گۈللەرنى ماڭا تېزىپ بەرسىڭىز. بىز ئورمانلىققا بۇ گۈلنى تىكەيلى!

قارا مەلىكە گۈلنى ئېلىپ پادىشاھ جەنجەننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

بۇجۇن خوتۇنىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن گۈل ئىزدەپ كەتتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز گۈل ھىدى كەلگەن تەرەپكە قاراپ جۆنىدى. يول بويى ئۇچراتقان ياۋايى ھايۋانلارغا زېنھار دىققەت قىلمىدى.

ئۇ ئۆزۈن ئۆتمەي بىر تاغ باغرىدىكى بانانزارلىققا كېلىپ، چوڭ بىر مايمۇننىڭ يولدا توغرىسىغا يېتىۋالغانلىقىنى كۆردى. مايمۇننىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوتقاشتەك چاقناپ تۇراتتى. بۇجۇن قاتتىق ۋارقىراپ مايمۇننى ئۈركۈتمەكچى بولدى، ئەمما مايمۇن ھۇرۇنلۇق بىلەن كۆزلىرىنى يېرىم ئاچقىنىچە دېدى:

— ئازراق بىتاب بولۇپ قالغاچقا بۇ يەردە ياتقانىدىم، سەن مېنى نېمىشقا ئويغىتىۋېتىسەن؟ مەن بىر ھايۋان، سەن بولساڭ ئەقىللىق ئادەم. قائىدە بويىچە ئادەم ئەقىلسىز ھايۋانلارغا رەھىم قىلىشى كېرەك. سەن ئاق - قارىنى ئۇقمايدىغان ئادەم ئوخشاي-

سەن. سەن كىم، قەيەرگە بارىسەن؟ ئەمدى ئالدىڭغا ماڭما، بۇ تاغ يولى ئەرش ئىلاھى ماڭىدىغان يول. ئىنسانلار بۇ يولنىڭ پاسىلىدىن ئۆتەلمەيدۇ. بۇ يەردىن خالىغىنىڭچە مېۋە ئىزدەپ يېگىن، سەن ئەقىللىق ئادەم بولساڭ ئارقاڭغا قايتىپ كەت.

بۇجۇن بۇنداق كەمسىتىشكە چىداپ تۇرالماي. غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— سەن كىم بولىسەن؟ ناھايىتى بىر مايمۇن ئىكەنسەنغۇ!



قاپ يۈرەكلىك قىلىپ نېمىلەرنى جۆيلۈپ يۈرۈيسەن! مەن كىـ
شەترىيىننىڭ قەھرىمانى، بەندۇ نەسەبىننىڭ ئەۋلادى، گۇڭدى خاـ
نىشنىڭ ئوغلى. گېپىمگە قۇلاق سال، مەن يەنە شامال ئىلاھىـ
نىڭ ئوغلى بولىمەن. تېز يول بوشات، جېنىڭغا باقماي يولنى
توسۇۋالغىنىڭنى قارا!

مايمۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز كۈـ
لۈپ كەتتى:

— شۇنداق، مەن بىر مايمۇن. بۇ يەردىن ئۆتىمەن دەپ
تۇرۇۋالساڭ، ھالاكەتكە يولۇقىسەن.

بوجۇن:

— خاتىرجەم بول، مېنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋـ
تىم يوق. تېز ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يول بوشات. بولمىسا كۆتۈڭگە
تېپىپ قوپتۇرۇۋېتىمەن — دېدى.

مايمۇن جاۋابەن دېدى:

— مەن ياشىنىپ كۈچۈمدىن قالغان بىر مايمۇن، ئورنۇمـ
دىن تۇرالمايمەن. سەن راستتىنلا ئۆتىمەن دەپ تۇرۇۋالساڭ
ئۈستۈمدىن تاقلاپ ئۆت - دېدى.

بوجۇن دېدى:

— تاقلاپ ئۆتۈش ئاسان، ئەمما ئۇنداق قىلىشقا ئەمىر -
مەرۇپ يول قويمايدۇ. بولمايدىغان بولسا مەن سېنىڭ ئۈستۈڭـ
دىن ئەمەس، تاغدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىمەن، ئەينى چاغلاردا
خۇددى مايمۇنلارنى باشلاپ دېڭىزدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەنـ
دەك.

مايمۇن ھەيران قالغىنىچە دېدى:

— ھەي پالۋان، دېڭىزدىن مايمۇنلارنى باشلاپ ئۆتكەن ئادەم
كىم بولىدۇ؟ ئۇ ئادەم توغرىسىدىكى ھېكايىنى بىلسەڭ ماڭا
سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ.

بوجۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن كىمنىڭ مايمۇننى باشلاپ ماڭغانلىقىنى بىلەمسەن؟
ئۇ مېنىڭ ئاغام بولىدۇ. ئۇ لومىنىڭ ئايالى شىدونى ئىزدەپ يۇزدىن ئارتۇق دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئۇنى تاپقان. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش باتۇر، باھادىر ئادەم. بولدى قۇرۇق گەپ قىلـ ماي، تېز ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يول بوشات، بولمىسا مەندىن ئەدەـ پىڭنى يەيسەن.
مايمۇن جاۋابەن دېدى:
— ھەي، پالۋان سەۋرى قىل. مەن قېرىپ ھالىمدىن كەتـ تىم، ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. قۇيرۇقۇمنى بىر ياققا قايرىپ ئۆت.
ئۆزىنى چەكسىز قۇدرەتلىك چاغلىغان بۇجۇن مايمۇننىڭ قۇيرۇقىنى بىر چەتكە قايرىپ ئۆتمەكچى بولدى، ئەمما ئۇ ھەيران قالدى، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ مايمۇننىڭ قۇيرۇقىنى ئازراقمۇ



مىدىرلىتالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق خىجالەت بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە دېدى:

— قارامىلىقىمنى كەچۈرۈڭ. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ سىز ئىلاھمۇ ياكى ئەۋلىيا؟ ۋە ياكى جىنمدابومۇ؟ نۇرغۇن پالۋانلارغا ئوخشاش بۇجۇن ئۆزىدىن كۈچلۈك ئادەملەرنى كۆرسە ئۇلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى.

مايمۇن جاۋابەن دېدى:

— ھەي باتۇر بەندۇنىڭ ئوغلى! مەن بايا سەن دېگەن چوڭ ئاغاڭ شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. بۇ مۇقەددەس ئىلاھىي دۇنياغا بارىدىغان يول، يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا جىن ـ شاياتۇنلار بىلەن لوشا بار. سەن يەنە ماڭساق خەتەرگە ئۇچرايسەن. شۇڭا مەن سېنى بۇ يەردە توسۇۋالدىم. بۇ پاسىلدىن ئۆتكەن ئادەم ھايات قالمايدۇ، سەن ئىزدىمەكچى بولغان پۇراقلىق گۈل بۇ سۇنىڭ ئىچىدە بار، ئەمما سۇ بەك تىرەن. بۇجۇن تولىمۇ خۇشال ھالدا دېدى:

— مەن بۇ يەردە ئاغامنى كۆرەلىگەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ ھېسابلايمەن. مەن سىزنىڭ دېڭىزنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن قىياپىتىڭىزنى كۆرسەمكەن، دەيمەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە مايمۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى.

مايمۇن كۈلگىنىچە بەستىنى بارغانسېرى يوغىناتتى. ھايال ئۆتمەي تاغدەك يوغىناپ ئەتراپنى بىر ئالدى، بۇجۇن ھەم ھەيران قالدى، ھەم خۇش بولدى. ئاكىسىنىڭ مۇقەددەس بەستىنىڭ ئۆزگەرگەن ھالىتىنى ئاڭلىغان ئادەم ھەيران قالماي قالمايتتى. مانا ئەمدى ئۇ راستتىنلا كۆردى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، چۈنكى مايمۇننىڭ بەدەنلىرى خۇددى قۇياشتەك چاقناپ كەتكەچكە ئۇ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالغانىدى. مايمۇن بۇجۇنغا يەنە:

— بۇجۇن دۈشمەن ئالدىدا مەن تېخىمۇ يوغىنايمەن، دېدى.

مايمۇن بەدىنىنى كىچىكلىتىپ ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى ۋە بۇ-جۇننى چىڭ قۇچاقلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇجۇننىڭ روھى ئۇرغۇ-غانىدەك بولدى، كۈچ - قۇدرىتىمۇ بۇرۇنقىدىن زورايدى.

— ھەي، پالۋان ئىنىم بۇجۇن، ئەمدى سەن قايتىپ كەت. مۇشكۈلچىلىككە ئۇچرىغاندا مېنى يادىڭغا كەلتۈرسەڭ، مەن سېنى مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلدۇرىمەن. مەن سېنى قۇچاقلىغاندا سەن ئەينى چاغلاردا لومىنىڭ بەستىنى قۇچاقلىغاندا سەزگەن شاد-لىقنى سېزىسەن. ئېيتە، سەن ماڭا قانداق شەپقەت قىلماقچى؟

— مېنىڭ بەختىم باركەن. بۇ بەندۇ نەسەبىنىڭ بەختى. بىز سىزنىڭ ھىمايە - ھىماتىڭىز بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن جەزمەن نۇسرەت قازىنىمىز.

مايمۇن ئايرىلدىغان چاغدا ئىنىسىغا بەخت تىلىدى:

— سېنىڭ جەڭگاھتا شىردەك ھۆركىرىگەن ئاۋازىڭ مېنىڭ ئاۋازىم بىلەن بىرلىشىدۇ - دە، دۈشمەن قاتتىق ئاۋازدىن قور-قۇپ كېتىدۇ. مەن ئىنىڭ ئاجۇنا ئولتۇرغان جەڭ ھارۋىسىدا پەيدا بولۇپ، سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارنى تىلەيمەن.

مايمۇن بۇجۇنغا يېقىن ئەتراپتىكى دەريانى كۆرسەتتى. دەريا بويىدا ئۇ ئىزدەۋاتقان ئىپارگۈل ئۆسكەنىدى. بۇجۇن شۇ چاغدا قارا مەلىكىنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۈللەرنى تېرىپ دەرھال قايتتى.

شۇنداق قىلىپ جەنجەن ئورمانلىقتا مۇقەددەس جايلارنىڭ ھەممىسىنى سايە قىلدى. ئۇلار خىلۋەتگاھىغا قايتىپ كەلگەندە ئاجۇنا كېلىپ بولغانىدى. مۇھىت ناچار، تۇرمۇش قىيىن بولسى-مۇ قېرىنداشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ خۇشال بولۇشتى.

دۇرغۇن براھمانلار سورگۇن قىلىنغان بەندۇ نەسەبىنى يوقلاپ كەلدى. قېرىنداشلاردىن بىرەيلەن پىل شەھىرىگە بېرىپ پادىشاھ چىگو بىلەن كۆرۈشتى، پادىشاھ چىگو ئۇنى قائىدە بويىچە ياخشى كۈتۈۋالدى. ئۇ پادىشاھ چىگوغا ئۆزىنىڭ بەندۇ نەسەبىدىن

ئىكەنلىكىنى، قانداق بەختسىزلىككە، جەبىر - جاپالارغا يولۇق-
قانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى، پادىشاھ چىگو ئاڭلاپ سەل بىئارام
بولىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋەت ئوغلىغا يۈكلىنىپ قېلىشى-
دىن ئەنسىرىدى. جەنجەن بوجۇننىڭ غەزىپىنى باسالارمۇ يوق؟
ئەسلىدە بوجۇننىڭ غەزەپلىنىشى يوللۇق ئىدى. ئۇ بەندۇ نەسەبى-
دىكىلەرنىڭ غەزەپتىن ھامىنى بىر كۈنى پارتلايدىغانلىقىنى، ئۇ-
لارنى قەتئىي يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ
تەشۋىش ئىلكىدە ئويلاندى: «ئاجۇنا بىلەن بوجۇن جەزمەن بىزنى
جازالايدۇ. ساھۇنى، كارنا، نەندى ۋە ئەقىلسىز نەنجانلار خاتىر-
جەم تۇرۇۋشىۋاتىدۇ. ئۇلار بوجۇننىڭ غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى،
ئۆزلىرىنى جەھەننەمگە يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى
بىلمەيدۇ.»

كور پادىشاھنىڭ يۈرىكىگە پەرىشانلىق ئوقلىرى تەگدى. ئۇ
ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چەكتى: «— بىز نېمە ئۈچۈن ئاچ كۆزلەر-
نىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىمىز؟ بۇ نامراتلىقتىن بولغان ئىش
ئېمەس. بىز نېمە ئۈچۈن ناتوغرا يولدا ماڭىمىز؟ بىز راھەتلىك
كۈنلىرىمىزگە قانائەت قىلماي، ھوقۇققا ھېرىس بولۇپ، ئۆزد-
مىزگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى خام خىيال قىلد-
مىز. يامان ئىش قىلساق يامان جاۋابقا ئېرىشىمىز. ئاجۇنا ئەرش-
تىن ئىلاھىي قورال - ياراغلارنى ئېلىپ چۈشتى. ئۈچ ئېلىشنى
دېمىسە كىممۇ جەننەتتىن زېمىنغا چۈشىدۇ؟ ئاھ، بۇلار ئۆزىمىز-
نىڭ شورى.»

بۇنداق خىياللار پادىشاھ چىگونىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلدى
ۋە خاتىرجەمسىزلەندى.

پادىشاھ چىگو پەرىشان بولۇپ يۈرگىنى بىلەن ساھۇنى،
كارنا ۋە نەندىلەر خۇشال بولۇپ، خۇدىنى يوقاتتى، مۇۋەپپەقىيە-
تىنى ئۆزئارا تەبرىكلەشتى. كارنا بىلەن ساھۇنى خۇشال كەيپى-
ياتتا نەندىگە دېدى:

— جەنجەن باشقۇرۇۋاتقان خانىدانلىق بىزگە تەۋە بولدى. ئەمدى بىزنىڭ ئۇلاردىن ھەسەت قىلىشىمىز ھاجەتسىز.
نەندى ئۇچىغا چىققان رەزىل ئادەم بولغاچقا ۋىژدانىنى يوقاتقان ھالدا دېدى:
— مەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ جازاغا تارتىلغانلىقىنى كۆرسەم، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ شادلىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئازابلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتسەم، مەن ئۇ-چۇن بۇنىڭدىنمۇ خۇشال ئىش بولامدۇ؟ مەن ئورمانلىقتا بېرىپ بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، جەبرى - جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتكەن بولاتتىم، ئەمما خان ئاتىمىز بىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىمىزغا يول قويمايدۇ.
نەندى ئاتىسىنىڭ بۇنداق راھەتتىن ھوزۇرلىنىشقا يول قوي-مايدىغانلىقىنى بىلىپ يىغلىۋەتتى.
نەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— خان ئاتام بەندۇ نەسەبىدىكىلەردىن قورقىدۇ، ئۇلار تەڭ-رى يولىنى تۇتۇپ، ئىستىقامەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا قۇدرەتى دەرما مۇجەسسەملەشكەن، ئۇلارغا يېقىنلاشساق خەتەرگە يولۇقىمىز، شۇڭا ئۇلارنى ئورمانلىقتا يوقلاپ بارايلى دەپ قاراي-دۇ. ئەمما مەن جەزمەن بارىمەن! سىلەر ئىككىڭلار بىر ئامال قىلىپ پادىشاھ چىگونى ماقۇل قىلىڭلار، بىز ئورمانلىققا بې-رىپ، بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ جازا شارابلىرىنى ئىچىۋاتقانلىقى-نى بىر كۆرەيلى.
ئەتىسى ئەتىگەندە كارنا چىرايىدىن كۈلكە يۇگۇرتكىنىچە نەندىنى ئىزدەپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش چارىسى تاپقانلىقىنى دېدى:
— قارا، بىز قۇش ئورمان يايلىقىغا بېرىپ ھەر يىلى مال - چارۋىلارنى بىر قېتىم تەكشۈرسەك، بۇ ئىشقا پادىشاھمۇ قارشى چىقمايدۇ.

نەندى بىلەن ساھۇنى بۇ پىلاننى قوۋۋەتلىدى ۋە پادىشاھ چىگونىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئىجازەت سورىدى. ئەمما پادىشاھ چىگو قوشۇلمىدى ۋە ئېھتىيات بىلەن دېدى:

— ئوۋ ئوۋلاش شاھزادىلەرگە پايدىلىق، مال - چارۋىلارنى تەكشۈرۈش ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، ئەمما مەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئورمانلىقتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، شۇڭا سىلەر ئۇ يەرگە بارساڭلار مۇۋاپىق بولمايدۇ. مەن سىلەرنىڭ بۇجۇن بىلەن ئاجۇنا تۇرۇۋاتقان يەرگە يېقىنلىشىشىڭلارنى قۇۋۋەتلىمەيمەن. چۈنكى، سىلەر ئۇيەرگە بارساڭلار غەزەپتىن توقۇنۇشۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن.

نەندى ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا دېدى:

— مەيلى سىلەر قانچىلىك ئېھتىيات قىلىڭلار، ئىش قىلىپ ئۇلارغا يېقىنلاشساڭلار خەتەرلىك. يەنە كېلىپ بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئورمانلىقتا ئازابلىنىۋاتىدۇ، سىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇلارغا كاشىلا بولساڭلار بولمايدۇ. سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى ھەرقانداق بىر لەشكەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلسا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ، ئارازچىلىق پەيدا بولىدۇ. سېنىڭ ئورنىڭدا باشقىلار بېرىپ چارۋىلارنى تەكشۈرۈپ كەلسۇن.

ساھۇنى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، نەندىگە يان باستى:

— ئالىيلىرى، جەنجەن قائىدە - قانۇنغا ئەمەل قىلىدىغان ئادەم. ئۇ جامائەت ئالدىدا: ئىنىلىرىم گېپىمنى ئاڭلايدۇ، دەپ قەسەم قىلغان. گۇڭدىنىڭ ئوغلى بىز بىلەن ئۆچمەنلەشمەيدۇ. نەندىنىڭ يولىنى توسماڭ، ئۇ ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق، ئۇ چارۋىلارنى سانىغاچ، تەكشۈرۈپ كەلسۇن. مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ باراي. مەن ئۇنى ھەرقانداق ئادەمگە يېقىنلاشتۇرمايمەن.

پادىشاھ چىگو يەنە بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولدى ۋە ئامالسىزلىقتىن دېدى:

— بولىدۇ، ئەمسە ئۆزۈڭلار بىلگەنچە ئىش قىلىڭلار.

نەندى كۈچلۈك قوشۇننى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى ئەگەشتۈ-
رۈپ ئورمانلىققا باردى. ئۇ يول بويى بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ
ئەلەملىك، مۇشكۇل هالدا قالغانلىقىنى ئويلاپ خۇشاللىقىدىن
گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى قىلچە
يوشۇرۇپ قالالمىدى، ئۇلار تۇرۇۋاتقان ساراي بەندۇ نەسەبىدى-
لەرنىڭ تۇرۇۋاتقان يەرگە نەچچە چاقىرىم كېلەتتى.

ئۇلار قوي - كالىلارنىڭ سانىنى ئالغاندىن كېيىن كۆرەڭلى-
گىنىچە ئۇسسۇل ئويناشتى، ئوۋ ئوۋلاشتى، ئورمانلىقتا تۇرلۇك
كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، كۆڭۈللىرىنى
خۇش قىلىشتى.

ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ نەندىلەر ئاجايىپ مەنزىرىلىك بىر كۆل-
چەكنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇ كۆلچەك بەندۇ نەسەبىدىكىلەر
تۇرۇۋاتقان ئىبادەتخانىغا يېقىن ئىدى. نەندى كۆلچەكنىڭ بويىغا
بارگاھ تىكەيلى دەپ پەرمان قىلدى.

جەندابۇ (ئۇ ئادەمسىمان ئىلاهنىڭ نەسەبىدىن ئىدى)
پادىشاھ خاجۇن لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆلچەك يېنىغا بار-
گاھ تىكتى. ئۇلار نەندىنىڭ لەشكەرلىرىنى بۇ يەرگە بارگاھ
تىكىشكە يول قويمىدى.

نەندى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە بۈيۈك لەشكەرلىرىنى
باشلاپ ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلاندى. جەندابو بىلەن نەندى-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولدى. دەسلەپ جولو قوۋمىدى-
كىلەر ئۇستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئەمما پادىشاھ خاجون ئەپسۇن
ئوقۇپ، كارامىتىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئەھۋال تېز ئۆزگەر-
دى. كارنا بىلەن جولۇنىڭ پالۋانلىرى جەڭ هارۋىلىرى بىلەن
قورال - ياراغلىرىدىن ئايرىلىپ، شەرمەندىلەرچە چېكىنىدى.
جەڭ مەيدانىدا نەندى ئۆزى يالغۇز قالدى، ئۇ خاجۇننىڭ لەشكەر-
لىرىگە تەڭ كېلەلمەي تىرىك قولغا چۈشتى. هاكاۋۇر نەندى پۇت
- قوللىرى باغلىنىپ، مەهبۇسقا ئايلاندى. خاجۇن غەلىبە قىلد-

ـدۇق دەپ جاكارلىدى، جىەندابو جولۇ قوۋمىدىكى نۇرغۇن مەش-
ھۇر ئادەملەرنى ئەسىر ئالدى. جولۇ قوۋمىسىنىڭ ئادەملىرى
تەلىيىمىزدىن كۆرەرمىز دەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى.
بەزىلىرى بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلان-
دى.

بۇجۇن نەندىنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بول-
دى ۋە خۇشال تەلەپپۇزدا دېدى:

— جىەندابو بىز ئۇچۇن ئاجايىپ ياخشى ئىش قىلدى، مەن
ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك. ئەسلىدە نەندى بۇ يەرگە
بىزنى مەسخىرە قىلغىلى كەلگەن ئىمە، خوپ بوپتۇ، ئۆزىنىڭ
گۇناھى ئۆزىگە. ئەمما پادىشاھ جەنجەن ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ
مۇنداق دېدى:

— قېرىندىشىم، ھازىر خۇشال بولىدىغان چاغ ئەمەس،
جولۇ قوۋمىدىكىلەر بىزنىڭ تۇغقىنىمىز بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يات
ئادەملەرنىڭ قولىدا خورلىنىشى ئوخشاشلا بىزنىڭ خورلىنىشىد-
مىز بولىدۇ، بىز قول قوۋۇشتۇرۇپ بىر چەتتە تۇرۇپ، ئۇنى
قۇتۇلدۇرمىساق بولمايدۇ.

بۇجۇن بۇ گەپ ئەقلىگە سىغمايدۇ، دەپ قارىدى ۋە قاتتىق
ھاياجانلانغىنىچە دېدى:

— ئۇ قاتىل بىزنى شام سارىيىدا تىرىك كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈر-
ۋەتمەكچى بولغانىدىغۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز ئۇنى نېمىدەپ
قۇتۇلدۇرىمىز؟ سەن مېنى زەھەرلىمەكچى بولۇۋاتىسەن. مېنى
پۇت ـ قولۇمدىن باغلاپ دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان
ئەبلەخكە نېمە دەپ ئىچ ئاغرىتقۇدەكمىز؟ ئەجەبا قارا مەلىكىنى
چېچىدىن تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خورلىغان مۇتەھەمدە قې-
رىنداشلىق مېھرى بولامدۇ؟ دەل شۇ ئەسنادا يىراقتىن نەندىنىڭ
ئىگرىغان ئاۋازى خىرە ـ شىرە ئاڭلاندى. پادىشاھ جەنجەن قاتتىق
تىترەپ كەتتى. ئۇ قېرىنداشلىرىغا جولۇ قوۋمىدىكىلەرنى قۇتۇل-

دۇرۇڭلار، دەپ پەرمان چۈشۈردى. بۇجۈن بىلەن ئاجۈنا پەرمان بويىچە جولۇ قوۋمىدىكىلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ جەندابوغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئەمما خاجون ئىختىيارسىز هالدا بەندۇ نەسەبىدىكىلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى، بەندۇ نەسەبىدىكىلەر يېڭىلىشىشى بىلەنلا ئۇ نەندى بىلەن باشقا ئەسىرلەرنى قويۇپ بەردى، ئەمما هاكاۋۇر بەندۇنى قاتتىق ئەدەپلىدى. هاقارەتلەنگەن جولۇ قوۋمىدىكىلەر شۇ زامان پىل شەهىرىگە قايتتى، ئۇلار يولدا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان كارنا بىلەن ئۇچراشتى.

نەندى خىجىل بولدى، ئۇ ئەسلىدە باشقىلارنى بوزەك قىلدىمەن دەپ ئويلىغانىدى، ئويلىمىغان يەردە باشقىلار ئۇنى بوزەك قىلدى، شۇڭا ئۇ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆلۈۋالىمەن دېدى. روهى چۈشكۈن هالدا نەنجانغا دېدى:

— سەن خانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ ئەلنى باشقۇر، مەن دۈشمەنىنىڭ كۈلكىسىگە قالدىم، ئەمدى ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك.

نەنجان ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاكىسىنىڭ تۇۋرۇكتەك پۇتىنى قۇچاقلىغىنىچە يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاكا، مەن يارىماس ئادەم بولۇپ قالدىم. ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ دۇنيادا ياشاپ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆر، دېدى. كارنا ئاغا - ئىنى ئىككىيلەنىنىڭ ئېچىنىشلىق هالىنى كۆرۈپ، قاتتىق بىئارام بولدى ۋە نەسىهەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر بۇنداق قىلساڭلار جولۇ قوۋمىدىكىلەرنىڭ قەهرىمانلىق سالاهىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيسىلەر. غەم قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ دۈشمەن بۇ هالىڭلارنى كۆرسە خۇش بولۇپ كېتىدۇ. قاراڭلار، بەندۇ نەسەبىدىكىلەر شۇنچە خورلىنىپ تۇرۇپمۇ ئاچلىق ئېلان قىلمىدى.

ساھۇنىمۇ دېدى:
— كارنانىڭ گېپىنى ئاڭلا، سەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ خانىدانلىقىنى ئاسان قولغا كەلتۈرمىدىڭ. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۇب-دان پايدىلان، ئۆلۈم يولىنى ئىزدەپ نېمە قىلىسەن؟ ئاچلىق ئېلان قىلغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. مۇبادا سەن ھازىر قىلغان ئىشىڭدىن پۇشايمان يېسەڭ، بەندۇ نەسەبىدىكىلەر بىلەن يارىشىپ قال، خانىدانلىقىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەر.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نەندىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلە-دى. ئۇنىڭچە خانىدانلىقنى بەندۇ نەسەبىدىكىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىنمۇ شەرمەندە ئىش بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى:
— مەن ھامىنى بىر كۈنى بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنى ئەل قىلىد-مەن.
كارنا مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى:
— مانا بۇ پادىشاھلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان گەپ. ئۆل-گەننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئادەم ھايات بولغاندىلا ئاندىن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلالايدۇ.
ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى، بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ سۈر-گۈن سۈرۈكىمۇ توشاي دەپ قالغانىدى.
بىر كۈنى نامرات براھمان بىر مارالنىڭ دۈمبىسىگە قىزدۇ-رۇلغان ئېزىقنى سۈركىدى، مارال ماڭىدىغان چاغدا براھمان ئوت ئالىدىغان ئېزىقنى مارالنىڭ بويىنىغا سېلىپ قويدى. ئۈركۈپ كەتكەن مارال ئېزىقنى ئېلىپ، ئەسەبىيلەرچە ئورمانلىققا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا سەرەڭگە بولمىغاچقا ئوت ئوتۇن ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلاتتى.
— ئاھ! مارال مېنىڭ ئوت ئالىدىغان ئېزىقىمنى ئېلىپ قېچىپتۇ، ئەمەسمۇ. ئەمدى مەن ئوت نەزىرىنى قانداق ئۆتكۈزەر-مەن؟

ئامالسىز قالغان براھمان، بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ يېنىغا قوتقۇزۇۋېلىشلار دەپ باردى.
بەندۇ نەسەبىدىكىلەر ئۇ مارالنى قوغلىدى. ئەمما ئۇ بىر غەلىتە مارال بولغاچقا تاقلاپ سەكرىگىنىچە ئورمانلىقنىڭ ئىچكىدىرىسىگە كىرىپ كېتىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. بەندۇ نەسەبىدىكىلەر مارالنىڭ ئارقىسىدىن ئورمانلىققىچە قوغلاپ كەلدى. ئۇلار مارالنى شۇنچە قوغلىغان بولسىمۇ، مارالغا يېتىشەلمەي، روھى چۈشكۈن ھالدا بىر توپ دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ۋۇجۇن ئاھ ئۇرغىنىچە دېدى:
— بىز ئەجەب نان قېپىغا ئايلىنىپ قالدۇق، ھەتتا براھمانغا مۇشۇنچىلىك كىچىك ئىشنىمۇ ياردەم قىلالمىدۇق.
بۇجۇن دېدى:
— توغرا، ئۆتكەن يىلى مۇتھەملەر قارا مەلىكىنى جامائەت ئالدىدا خورلىغاندا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساق بولاتتى. بىز شۇنداق قىلمىغاچقا مۇشۇنداق جاجىمىزنى تارتىۋاتىمىز.
ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئاجۇناغا غەزەپ بىلەن قارىدى.
ئاجۇنا ئۇنىڭ گەپلىرىنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دېدى:
— مەن ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقلىرىغا چىداپ كەلدىم، شۇڭا ئۇلارنى مۇشۇنداق نەس باستى. ئۆزۈمنىڭ شورى.
پادىشاھ جەنجەن ھەممەيلەننىڭ خۇشاللىقىنى، جاسارىتىنى يوقاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە قاتتىق غەم پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا ئازراق ئىش قىلىپ بەرمەكچى، روھىنى كۆتۈرمەكچى بولدى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق يەتكەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇجۇنغا دېدى:
— قېرىندىشىم، سەن دەرەخكە چىقىپ قاراپ باقە، يېقىن ئەتراپتا كۆلچەك ياكى دەريا بارمىكەن؟
بۇجۇن دەرەخكە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى:
— يېقىن بىر يەردە ئۆتلاق، سۇ قۇشلىرى بار ئىكەن، ئۇ

يەردە جەزمەن سۇ بولۇشى مۇمكىن.

پادىشاھ جەنجەن بۇجۇننى ئۇ يەرگە بېرىپ سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. بۇجۇن ئۇ يەرگە بېرىپ قارىۋىدى، بىر كۆلچەك بارلىقىنى كۆرۈپ، قەۋەت خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇمۇ تازا ئۇسساپ تۇرغانىدى. ئۇ ئاپتوۋاغا سۇ ئېلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ قولىنى سۇغا تىقىشى بىلەن تەڭ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھەي مادىرىنىڭ ئوغلى، تولا ئالدىراپ كەتمە، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، بۇ كۆلچەك مېنىڭ، ئاۋۋال مەن سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىسەڭ ئاندىن سۇ ئىچەلەيسەن.

بۇجۇن ھەيران قالدى. ئۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەچكە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي سۇ ئىچتى.

سۇنى ئىچىشى بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇ تۇتتى ـ دە، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتتى. پادىشاھ جەنجەن ۋۇجۇننى نېمە ئۈچۈن پات كەلمەيدىغاندۇ، دەپ ھەيران قالدى ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن شېتەننى ئەۋەتتى. شېتەن كۆلچەك يېنىغا بېرىپ قارىۋىدى، ئىنىسىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى، ئىنىم يارىلاندىمۇ نېمە؟ دەپ ئويلاندى. ئەمما ئۇمۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەچكە، ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئىختىيارسىز ھالدا سۇ ئىچىش ئۈچۈن كۆلچەككە قاراپ يۈگۈردى.

ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— ئاھ، شېتەن بۇ مېنىڭ كۆلچىكىم، مەن سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ كۆلچەكتىن سۇ ئىچەلەيسەن.

شېتەنمۇ بۇجۇنغا ئوخشاش ئاگاھلاندۇرۇشقا پەرۋا قىلماي، كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئىچىشى بىلەنلا يەرگە يىقىلدى.

شېتەنمۇ قايتىپ كەلمىدى. پادىشاھ جەنجەن خاتىرجەم بولالماي يەنە ئىككى ئىنىسىنى خەتەرگە يولۇققانمۇيوق، سەن بې-

رىپ كەل دەپ ئاجۇنانى ئەۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى:
— مۇبادا بىرەر ئىش بولمىسا سۇنى جەزمەن ئېلىپ كېلىڭ-لار!
ئۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەچكە ئاجۇناغا شۇنداق دەپ تاپىلى-دى.
ئاجۇنا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئۇ يەرگە بېرىپ، ئىككى ئىنىسىنىڭ كۆلچەك بويىغا يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ قال-غانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى ۋە ئۇلارنى دۈشمەن پايلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ قاتتىق ئازاب-لىنىپ، قىساس ئېلىش ئوتى يالقۇنجىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇس-سۇزلۇق تەشناسى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا كۆلچەك يېنىغا بېرىپ سۇ ئىچمەكچى بولدى. ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:
— بۇ كۆلچەك مېنىڭ. سۇ ئىچىشتىن ئاۋۋال مەن سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەر. قايىل بولمىساڭ ئىككى ئىنىڭدەك ئاقە-ۋەتكە قالىسەن.
ئاجۇنا قاتتىق غەزەپلەنگىنىچە ۋارقىرىۋەتتى:
— سەن كىم؟ تېز ئورنۇڭدىن تۇر! مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋې-تىمەن.
ئۇ ئوقنى ياغا بەتلەپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاتتى. كۆرۈن-مەس ئادەم قاقاقلاپ كۈلگىنىچە دېدى:
— سېنىڭ ئوقۇڭ پەقەت ھاۋانىلا يارىلاندۇرالايدۇ، سەن ئاۋۋال مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، ئاندىن سۇ ئىچىپ ئۇس-سۇزلۇقىڭنى قاندۇر. ئۇنداق قىلماي سۇ ئىچسەڭ ئۆلۈپ كېتى-سەن.
ئاجۇنانىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ـ دە، تۇتقىلى بولمايدى-غان بۇ دۈشمەننى ئامال قىلىپ يوقاتماقچى بولدى. ئەمما ئۇ ئالدى بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرماقچى بولدى. ئۇسسۇزلۇق

ئەڭ ئالدى بىلەن يوقىتىدىغان دۈشمەن ئىدى. ئۇ سۈنى ئىچىشنى بىلەنلا يەرگە يىقىلدى ـ دە، ئۆلۈكتەك ياتتى.

پادىشاھ جەنجەن ئۇلارنى كۈتۈپ تىت ـ تىت بولدى ۋە بۆرۈلغىنىچە بوجۇنغا دېدى:

— جېنىم ئىنىم، پالۋان ئاجۇنامۇ كەلمىدى. ئەسلىدىنلا بىزنىڭ قىسمىتىمىز قارا ئوخشايدۇ. قېرىنداشلىرىمىز بىرەر پېشكەللىككە يولۇققاندەك قىلىدۇ. تېز بېرىپ ئۇلارنى ئىزدە ۋە سۇ ئېلىپ كەل، مەن ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم.

بوجۇن قاتتىق جىددىيلەشتى ۋە گەپ ـ سۆز قىلماي تېز يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ كۆلچەك يېنىغا كېلىپ قارىۋىدى، ئۈچ ئىنىسى ئۆلۈك-تەك ياتقان، ئۇ يەنە قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئويلىدى: «بۇنى جەزمەن جىن ـ شاياتۇنلار قىلغان بولسا كېرەك. مەن ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئەمما ئەجەب ئۇسساپ كەتتىما، يەنىلا سۇ ئىچىۋالاي. سۇ ئىچىۋالسام روھىم ئۇرغۇپ، ئۇلارنى يېڭەلەي-مەن؛

ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن كۆلچەك يېنىغا بېرىپ سۇ ئىچمەك-چى بولدى.

ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— ھېزى بول، بوجۇن! سەن سۇنى ئىچىشتىن ئاۋۋال مەن سورىغان سوئالغا جاۋاب بەر. گېپىمنى ئاڭلىمىساڭ، سەنمۇ ئۆلىسەن.

— ماڭا پەرمان چۈشۈرۈۋاتقان كىم ئۇ؟

بوجۇن ۋارقىرىدى. ئۇ جىددىي تەرۈزدە سۇ ئىچتى ۋە خىد-رىس نەزەرى بىلەن ئەتراپقا قارىدى. شۇ ئەسنادا بوجۇننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىردىنلا ۋۇجۇدىدىن يوقالدى. ئۇمۇ ئىنىلىرى ئارىسىغا گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى.

پادىشاھ جەنجەن ئۆزى يالغۇز قالدى، قاتتىق تىت ـ تىت

بولدى. ئۇسسۇزلۇق ئازابى ئۇنى قاتتىق قىيىندى. ئۇ ئويلاندى: «ئۇلار بىرەر خېيىمخەتەرگە يولۇققانمىدۇ؟ ئورمانلىقتىن سۇ تاپالمىغانمىدۇ؟ ئۇسسۇزلۇقتىن يىتىپ قالغانمىدۇ، ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟» ئۇ ئازابقا، ئۇسسۇزلۇققا چىداپ تۇرال- ماي ئىنىلىرىنى ۋە كۆلچەكنى ئىزدەپ بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

پادىشاھ جەنجەن ئىنىلىرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ياۋايى ھايۋانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ، گۈزەل بىر چىمەنزارغا يېتىپ كەلدى. سۇ چىمەنزاردىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى. سۇ ئۇنىڭغا شەربەتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ ئىنىلىرىنىڭ بايرامدا شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ ياتقان- دەك ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئازابلاندى ۋە قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

بۇجۇن بىلەن ئاجۇنا يەردە مىدىر قىلماي ياتاتتى. پادىشاھ جەنجەن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ، يىغلىغىنىچە دېدى:

— ئەجەبا بۇ بىزنىڭ سانسىزلىغان ئەھدۇ - پەيمانىمىزنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ بىزنىڭ سۇرگۈن ۋاقتىمىز توشاي دەپ قالغاندا سىلەر ئۆلۈپ قالدىڭلار. مۇشۇنداق مۈشكۈلچىلىكتە قالغاندا ئەرش ئىلاھى مېنى تاشلىۋەتتى!

ئۇ چىناردەك قامەتلىك ئىدى، ئەمدى ھازىر قورايدەك ئا- جىزلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئازابلاندى ۋە ھەيران قالدى. كىم ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك قۇدرەتلىكتۇ؟ ئۇ يەنە خىيال سۈردى: «مەن بۇجۇن بىلەن شىتەننىڭ بۇ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈرەك - باغرىم پارە - پارە بولۇپ كەتمىدى، يۈرىكىم پولاتتىن ياسالغان ئوخشايدۇ. ئەمدى مەن بۇ دۇنيادا ياشاپ نېمە قىلىمەن؟» ئۇنى غەلىتە تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. ئۇ بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس دەپ ئويلىدى. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ بۇ باھادىر ئىنىلى- رىنى يېڭەلىگەن ئادەم تېخى تۇغۇلمىغانىدى. ئۇلار يارىلىنىپ

ئۆلگەندەك قىلمايتتى. ئۇلار تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. غەزەپ ـ نەپرەتتىن ئۆلۈپ كەتكەندەك قىلمايتتى. بۇ يەردىن بىرەر دۇشمەننىڭ ئىزىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. بەلكىم بىرەرسى سېھىرىي ئىشلەتكەن بولۇشى ياكى نەندى قۇرغان زەھەرلىك توزاق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەجەبا ئۇ سۇغا ئوغا سېلىنغۇەتكەنمىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن پادشاھ جەنجەنمۇ كۆلچەكنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭ-دى، ئۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، شۇئان يەنە ھېلىقى ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇردى:

— قېرىنداشلىرىڭ گېپىمگە كىرمەي ھەممىسى ئۆلدى. سەن ئۇلاردىن ئۆگەنمە. بۇ كۆلچەك مېنىڭ، سەن مەن سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلىسەڭ ئاندىن بۇ كۆلچەكتىن سۇ ئىچەلەي-سەن.

پادشاھ بۇ گەپنى پەقەت جىن ـ شاياتۇنلار قىلىدۇ. ئادەم بۇنداق گەپ قىلمايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئىنىلىرىنىڭ قانداق ئىشقا يولۇققانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇ ئىنىلىرىنى قۇتقۇزۇش-نىڭ چارىسى ئۈستىدە ئويلاپ ھېلىقى ئاۋازغا دېدى:

— خوش، سوئالىڭىزنى سوراڭ.

ھېلىقى ئاۋاز سوئالنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— قانداق نەرسە قۇياشتەك ھەر كۈنى نۇر چاقنىتىدۇ؟

— ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دارماسى.

— قانداق نەرسە ئادەمنى جىمى خەتەردىن ئۆتكۈزىدۇ؟

— باتۇرلۇق.

— ئادەم قانداق بىلىمنى ئۆگەنسە ئەقىللىق بولىدۇ؟

— ئادەم ئۆگىنىپ بىلىملىك بولالمايدۇ، بەلكى زېرەك ئادەملەر بىلەن ئۇلپەت بولغاندا ئاندىن بىلىملىك بولالايدۇ.

— قانداق نەرسە زېمىندىنمۇ ئۇلۇغ تەربىيەچى بولالايدۇ؟

— ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىگەن ئانا زېمىندىنمۇ ئۇلۇغ تەربىيەچى بولالايدۇ.

— ئاسماندىنمۇ ئېگىز نەرسە بارمۇ؟
— بار، ئاتا ئاسماندىنمۇ ئېگىز.
— نېمە شامالدىن تېز؟
— خىيال.
— نېمە قۇرۇق ئوتتىنمۇ بەك قۇرۇق؟
— ھەسرەتلىك پورەك.
— نېمە سەيياھنىڭ ياخشى دوستى بولىدۇ؟
— ئىلىم - مەرىپەت.
— ئەرنىڭ دوستى كىم؟
— خوتۇن.
— ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن كىم ھەمراھ بولىدۇ؟
— ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تەنھا سەپەردە ھەمراھ بولىدۇ.
— سىغىمچانلىقى ئەڭ زور نەرسە نېمە؟
— زېمىن، ئۇ ھەممە نەرسىنى سىغدۇرىدۇ.
— بەخت دېگەن نېمە؟
— ياخشىلىقنىڭ نەتىجىسى بەخت بولىدۇ.
— ئادەم نېمىنى تەرك ئەتكەندە بارچە ئادەملەرنىڭ مۇھەببە-تىگە ئېرىشەلەيدۇ؟
— ئادەم ھاكاۋۇرلۇقنى، تەكەببۇرلۇقنى تەرك ئەتكەندە، بارچە ئادەمنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالايدۇ.
— ئادەم قانداق نەرسىدىن قۇتۇلغاندا ئازابلانماي خۇشال بولىدۇ؟
— غەزەپتىن قۇتۇلغاندا ئەمدى قۇل بولمايمىز دەپ ئويلاي-مىز.
— ئادەم نېمىدىن كەچكەندە باي بولىدۇ؟
— ئادەم پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن كەچكەندە باي بولىدۇ.
— نېمە ئادەمنى ھەقىقىي براھمانغا ئايلاندۇرىدۇ؟ كېلىپ چىقىشىمۇ، ياخشىلىقىمۇ ياكى بىلىمىمۇ؟ ئېنىق جاۋاب

بەر.

— پەقەت ياخشىلىق قىلغان ئادەم براھمان بولالايدۇ. بىر ئادەم ھەرقانچە ئۆگەنسىمۇ، ئۇ يامان ئادەتكە پىتىپ قالىدىكەن، يامان ئادەتتىن ئۆزىنى تارتمايدىكەن، ئۇ براھمان بولالمايدۇ. بىر پەس ئادەم تۆت پارچە «ۋىدە»نى پىششىق بىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا پەس تائىپ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

— دۇنيادا ئەڭ غەلىتە ئىش نىمە؟

— كىشىلەر ھەر كۈنى جانلىقلارنىڭ ئۆلۈپ ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمما ھايات ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى، ئۆلمەسلىكنى خالايدۇ. مانا بۇ ئەڭ غەلىتە ئىشتۇر.

شاياتۇن شۇنداق سوئاللارنى سورىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ سوئالىغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى.

ئاخىر شاياتۇن يەنە سورىدى:

— ھەي، ئالىيلىرى ھازىر ئىنىلىرىڭىزدىن بىرى تىرىلىدۇ. كىم تىرىلسۇن دېسىڭىز شۇ تىرىلىدۇ. ئۆزىڭىز تاللاڭ، كىم تىرىلىدۇ؟

پادىشاھ جەنجەن سەل ئويلانغاندىن كېيىن جاۋابەن دېدى:

— بۇجۇن تىرىلسۇن.

شاياتۇن قەۋەت خۇش بولۇپ كەتتى ۋە يەنە سورىدى:

— بۇجۇندا ئون ئالتە مىڭ پىلنىڭ كۈچى بار ئىكەن. ئۇ سىزنىڭ ئەڭ ئامراق ئىنىڭىز ئىكەن. نېمىشقا بۇجۇننى تاللىمايسىز؟ ئاجۇنامۇ جانبازلىقتا كامالەتكە يەتكەنىكەن ھەم سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. شۇنداق تۇرسا نېمىشقا ئاجۇنانى تاللىمايسىز؟ ئېيتىڭە نېمىشقا ۋۇجۇننى تاللاپ، ئاجۇنا بىلەن بۇجۇننى تاللىمايسىز؟

پادىشاھ جەنجەن جاۋابەن دېدى:

— ھەي شاياتۇن! ئادىللىقنى ساقلاش ئۇچۇن مادىرىنىڭ

ئوغلى ۋۇجۇننىڭ تىرىلىشىنى تىلەيمەن. شاياتۇن پادىشاھ جەنجەننىڭ شەخسىيەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇش بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئىنايەت قىلىپ تۆت ئىنىسىنى پۈتۈنلەي تىرىلدۈردى.

مارال بىلەن شاياتۇن ئەمەلىيەتتە ئەزرائىل يەنمۇنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۆز ئوغلىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ۋىجدانىنى سىناپ كۆرۈش ئىدى. يەنمۇ ئەسلىي ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ جەنجەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى.

شۇبھىسىزكى، بەندۇ نەسەبىدىكىلەر سۈرگۈن قىلىنغان چاغلاردا نۇرغۇن مۇشكۇلاتلارنى تارتقان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتى. ئۇلار مۇشۇنداق قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە تېخىمۇ قەيسەرلەشتى. ئاجۇنا ئىستىقامەت يولىدا مېڭىپ تەڭرى ئاتا قىلغان قورالنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئىلاھ ئىنشورۇ بىلەن ئۇچرىشىپ، جىسمانىي قۇدرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. بۇجۇن ئىپارگۈل ئېچىلغان كۆل بويىدا ئاكىسىنى — ئىلاھ مايمۇننى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئۇنىڭ جىسمانىي قۇدرىتىمۇ ئون ھەسسە ئاشتى. پادىشاھ جەنجەن سىرلىق كۆلچەك بويىدا يەنە ئاتىسى دوزاخ مۇئەككىلى دەرمەراجەنى ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئاجايىپ جازىبىدار ئادەمگە ئايلاندى.

ئون ئۈچ يىللىق سۈرگۈن ۋاقتى توشقاندا بەندۇنىڭ بەش ئوغلى مەنزىرىسى ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان موچا ئېلىنىڭ پادىشاھى سىلوتودىن ئىش - خىزمەت تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ تۇغۇلمىشىدىنلا بۈيرۈقۋاز ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە ئىشلىتىشنى خالىمىدى. ئەمما ئۇلار قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ، ئۆتۈنگەندىن كېيىن ئاخىر تەستە ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن جەنجەن پادىشاھنىڭ ۋەزىرى بولۇپ، پادىشاھقا ھەمراھ

بولدى، پادىشاھقا قىمار ئوينىشىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئىچى - پوشۇقىنى چىقاردى. بۇجۇن باقاۋۇل بولدى. ئوردىدىكى پالۋانلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. ئاجۇنا ئىسمىنى جوۋىي دەپ ئۆزگەرتىپ، سىلوتونىڭ قىزى جىشان مەلىكىگە ۋە باشقا ئاياللارغا ئۇسسۇل ئويناشنى، ناخشا ئېيتىشنى ۋە ساز چېلىشنى ئۆگەتتى. ۋۇجۇن مىراخور بولدى، شىتېەن ھەر كۈنى ئات - كالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. قارا مەلىكىنىڭ تەقدىرى كاج كەلمىگەن بولسا، ھازىر نۇرغۇن كېنىزەكلەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. ئەمما ھازىر ئۇ پادىشاھ سىلوتوپنىڭ خانىشىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئۇ خانىشنىڭ كۈتكۈچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئارقا قەسىردە تۇرۇپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلدى.

كونجو خانىش مىياۋشىنىڭ ئاكىسى ئىدى. ئۇ تەسىر كۈچى ناھايىتى زور ئادەم ئىدى. شۇڭا كىشىلەر كونجو موچا ئېلىنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى دېيتتى. ياشىنىپ قالغان سىلوتو نامىدىلا پادىشاھ ئىدى خالاس. كونجو قارا مەلىكىنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىن، سەرۋى قامىتىدىن قاتتىق ھاياجانلاندى ۋە قارا مەلىكىگە بولغان ھېسسىياتىنى باسالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش قۇدرىتىگە، ھەيۋىسىگە ئىشىنەتتى. كىچىك بىر خىزمەتكار دېدەكنىڭ ئۆزىگە قارشى چىقىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى. ئۇ قارا مەلىكىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر كۈنى قارا مەلىكىگە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قارا مەلىكىنى قاتتىق بىزار قىلىۋەتتى.

قارا مەلىكە ئوڭايسىزلىنىپ بۇ ئىشنى خانىشقا ياكى باشقىلارغا دېيەلمىدى. ئۇ: مېنىڭ ئېرىم جەندابو بولىدۇ. كىم ماڭا چېقىلسا، مېنى خورلىسا شۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىمدىن، يۈرۈش - تۇرۇشۇمدىن ھەممە ئادەم

جىيەندابونىڭ ھېكايىسىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدۇ، دەپ يۇردى.
ئەمما كۇنجۇ بۇ گەپلەردىن ئانچە قورقۇپ كەتمىدى، ھېلىھەم ئۇنى قوغلىشىپ، ئۇنىڭغا ناشايان چاقچاقلارنى قىلدى، قارا مەلىكىنى بارغانسېرى مەجبۇرلىدى، شۇنىڭ بىلەن قارا مەلىكە بۇ ئىشنى خانىشقا دېيىشكە مەجبۇر بولدى، خانىشتىن ئۆزىنى قوغداشنى ئۆتۈندى.

كۇنجۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئەلۋەتتە تېخىمۇ چارىسى بار ئىدى. كۇنجۇ ئۆزىنىڭ قارا مەلىكىنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتىدە ساراڭ بولاي دەپ قالغانلىقىنى سىڭلىسىغا ئېيتىپ، سىڭلىسىدىن ياردەم سورىدى. سىڭلىسى ياردەم قىلمىسا قارا مەلىكىنىڭ ئىشقى - پىراقىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى دېدى:

— مەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن. سېنىڭ دېدىكىڭنى كۆرگەن چاغدىن باشلاپ گېلىمدىن غىزا ئۆتمىدى، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇنىڭ دەردىدە قاتتىق ئازابلاندىم. سەن مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال، قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ماڭا ئىندەككەكەلتۈرۈپ بەر.

خانىش دەسلەپتە ئۇنى توسقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنۇمى بولمىغاچقا ئاخىر ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىيلەن قارا مەلىكىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى.

بىر كۈنى كېچىسى كۇنجۇ ئۆيىگە بورىلارنى سېلىپ مېھمان كۈتتى، مول نازۇ نېمەت تەييارلىدى، خانىش قارا مەلىكىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر ئالتۇن ئاپتوۋا بەردى ۋە سەن كۇنجۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر ئاپتوۋا شاراب ئەكەل دەپ تاپىلىدى.

ۋاقىت كەچ بولۇپ كەتكەندى، بۇنداق كەچتە زىناخور كۇنجۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش قارا مەلىكىنى تەڭقىسلىقتا چۆشۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خانىشىدىن باشقا بىر ئادەمنى ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى. ئەمما خانىش ئۇنىماي، قارا مەلىكىنى بېرىشقا مەجبۇر-

لىدى. قارا مەلىكە ئامالسىزلىقتىن كونجونىڭ ئۆيىگە باردى. مەلىكە ئونىڭ ئۆيىگە كىرىشى بىلەنلا كونجو دېگەن بو هاراقكەش، زىناخور ئەبلەخ قارا مەلىكىگە ناشايان چاقچاقلارنى قىلدى، كاندىدەكلا چاپلىشىۋالدى.

قارا مەلىكە ئونى قاتتىق رەت قىلىپ تورۇپ دېدى:

— سىز پادىشاھنىڭ توغقىنى تورۇپ، نېمە ئوچون ماڭا ئوخشاش پەس ئايالغا قانات سۆرەپ يورۈيسىز؟ نېمىشقا دورۇس



بولمايسىز؟ نېمىشقا مەندەك ئېرى بار ئايالغا مۇشۇنداق قىلىسىز؟ سىز مۇشۇ ئىش توپەيلىدىن ئۆلۈشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭ ھىماتچىم جيەندا بۇ شۇنداق بىر غەزەپلىنىدىغان بولسا سىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.

قارا مەلىكە كۇنجۇغا باش ئەگمىدى، كۇنجۇ قارا مەلىكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تارتتى. ئەمما قارا مەلىكە قولىدىكى ئاپتوۋانى قويۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى ـ دە، قېچىپ كەتتى. ئەسەبىيلەشكەن كۇنجۇ مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن جىنىنىڭ بارىچە قوغلىدى. قارا مەلىكە ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئەمما مۇتەھەم، ئەدەپسىز كۇنجۇ قارا مەلىكىنى ئوردىغىچە قوغلاپ كېلىپ، مەلىكىنى تەپتى، ھاقارەتلىدى، ھەممە ئادەم كۇنجۇدىن قورققاچقا ئۇنى توسۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى.

مەلىكە ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ھەسرەتلەندى، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. مۇبادا ئۇلار بۇ خەتەردىن خەۋەر تاپقان بولسا ئىش باشقىچە بولاتتى. شۇ كېچىسى ئۇ بۇجۇننى ئىزدەپ ئۆزىنى قوغداشنى، ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئۇلار مەسلىھەتلەشتى، بۇجۇن قارا مەلىكە سىياقىدا ياسىنىپ ئۇسسۇلخانىدا يالغۇز كۇنجۇنى ساقلاپ تۇردى. كۇنجۇ ئۇسسۇلخانىغا كىرگەندە بۇجۇن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كۇنجۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىنى موچا ئېلىدىكى كىشىلەر قارا مەلىكىدىن كۆردى، قارا مەلىكە ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قورقۇنچلۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خانىشنىڭ ھۇزۇرىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى ـ دە، قارا مەلىكىنى ھەيدىۋېتىشنى ئۆتۈندى. خانىش قارا مەلىكە دېدى:

— مەن سېنىڭ ساداقەتمەن ئايال ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. ئەمما سەن بۇ يەردىن كەت، ئەمدى سېنىڭ ماڭا كېرىكىڭ قالمىدى.

دى.
يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئىسىم ـ فامىلىسىنى يوشۇرۇپ يۈرىدىغان ۋاقتىمۇ توشاتتى. قارا مەلىكە خانىشتىن يەنە بىر ئاي تۇرۇشنى ئۆتۈندى. ئۇ يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئېرىم جەندابۇنىڭ پىلانى ئىشقا ئاشىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ مېنى ئېلىپ كېتىدۇ؛ ئۇ پادىشاھ سىلوتوغا ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىگە رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىدۇ، دېدى.
جەندابۇنىڭ رەھمەت ئېيتىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، جەندابۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ قاتتىق خەتەرلىك ئىش ئىدى. شۇڭا، خانىش قارا مەلىكىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى.
ئون ئۈچىنچى يىل باشلىنىش بىلەنلا نەندىنىڭ ئايغاقچىلىرى بەندۇ نەسەبىدىكىلەر كەتكەن تەرەپكە باردى؛ ئەمما ئۇلار بىرقانچە ئاي ئىزدەپمۇ ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى تاپالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەندىگە بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنى تاپالمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. بەندۇ نەسەبىدىكىلەر ئورمانلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېدى. كېيىن ئۇلار باھادىر كۇنجۇنىڭ بىر ئايالنى دەپ، بىر جەندابۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى. بۇ دۇنيادا كۇنجۇنى پەقەت ئىككىلا ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتەلەيتتى. ئۇنىڭ بىرى بۇجۇن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۇنجۇنى جەزمەن بۇجۇن ئۆلتۈردى دەپ جەزملەشتۈردى، نەندى كۇنجۇنى جەزمەن قارا مەلىكە ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى، ئۇ كۆپچىلىكنى چاقىرىپ، بىر يەرگە جەم قىلىپ ئۆزىنىڭ پەرەزلىرىنى دېدى:
— مەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنى سىلوتو ئېلىگە پاناھلاندىمىكىن دەپ پەرەز قىلىمەن. ئەڭ ياخشىسى بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى بۇلاپ كېلەيلى. بەندۇ نەسەبىدىكىلەر راستىنلا ئۇ يەردە بولسا، ئۇلار بىز بىلەن جەڭ

قىلىدۇ. بىز نەق مەيداندا ئۇلارنى تونۇيالايمىز. ئەگەر بىز ئۇلار-نى ھازىر بايقىيالىساق، بەلگىلىمە بويىچە ئۇلار ئورمانلىقتا يەنە ئون ئىككى يىل تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەردە بەندۇ نەسەبىدىكىلەر بولمىسا بىز زىيان تارتمايمىز. ئۇلار بۇ پىلاننى تەرىپلەشتى ۋە موچا ئېلىگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بەندۇنىڭ بەش ئوغلى موچا ئېلىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭگە چىقىپ، دۈشمەننى ئاسانلا مەغلۇپ قىلدى، ئەمما دۈشمەن بەندۇنىڭ بەش ئوغلىنى تونۇۋالسا، ئۇلار يەنە ئورمانلىقتا ئون ئىككى يىل ياشارمۇ، بۇ ئىش ئادەمنى ئەنسىزلىككە سالاتتى. دەرۋەقە، موچا ئېلىدىكىلەر بىلەن بەندۇنىڭ بەش ئوغلى غەلىبە-نى ئورتاق تەبرىكلەۋاتقاندا، نەندىنىڭ بىر توپ ئەلچىلىرى كې-لىپ، نەندىنىڭ جەنجەنگە يوللىغان مەكتۇپىنى يەتكۈزدى:

— ھەي گۇڭگۇدىنىڭ ئوغۇللىرى! نەندى تولىمۇ ئەپۇچانلىق بىلەن مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: سىلەر يەنە ئورمانلىققا قايتىپ كېتىڭلار، ئاجۇنا پالاكەت نەرسە بولغاچقا، ئۇنى ئون ئۈچ يىللىق مۆھلەت توشماستا بىز تونۇپ قالدۇق. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە-دەڭلەرگە ئاساسەن ئورمانلىققا بېرىپ، ئۇ يەردە يەنە ئون ئىككى يىل تۇرۇڭلار.

پادىشاھ جەنجەن ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي ئەلچىلەر، سىلەر قايتىپ بېرىپ نەندىگە دەڭلار، ئالدى بىلەن ئۇ ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسۇن. مۆھتەرەم ۋە-سىۋەكەرمە بىلەن باشقا تارىخنى بىلىدىغان ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا دېيىشى مۇمكىن، ئاجۇنا ئوقياسى بىلەن لەشكەرلىرىڭلارنى چې-كىندۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئون ئۈچ يىللىق مۇددەت نەق توشقاند-دى.

سەككىزىنچى قىسسە

# تىنچلىق چوُشى: ھىندىنىڭ تىنچلىق چوُشىگە ئىنتىلگەن ئادەم

بەندوُنىڭ بەش ئوغلى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ئورمانلىقتا ئون ئوُچ يىل جاپالىق ياشىدى. ئەمدى ھازىر ھىندىنىڭ پەزىلەتلىك پالۋانى ئىشقا ئاشوُروُش بەسى موُشكوُل بولغان تىنچلىقنى ئىشقا ئاشوُروُش ئوُچوُن، جولو قوۋمىدىكىلەرنىڭ پىل شەھىرى بىلەن بەندوُ نەسەبىدىكىلەرنىڭ سوُ باسقان شەھىرى ئارىسىدا موكىدەك چېپىپ يوُردى.

بەندوُ نەسەبىدىكىلەر پادىشاھ موُجوُنىڭ بىر براھماننى پىل شەھىرىگە سوّھبەتكە ئەۋەتتى. ئەلچى پادىشاھ چىگونىڭ ئوردىسىدىغا كەلدى. سالاھىيەت جەھەتتىن كېيىن بەندوُ نەسەبىگە ۋاكالەتەن پىكىر بايان قىلدى:

توغرا دەرمە مەڭگوُلوُكتوُر. پادىشاھ چىگو بىلەن پادىشاھ بەندوُ پادىشاھ چىۋونىڭ ئوغوُللىرى. ئەنئەنە بويىچە، ئوُ ئىككىيلەننىڭ پادىشاھ چىۋونىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقوُقى بار. ئەمما ھازىر پادىشاھ چىگونىڭ ئوغلى پوُتوُن ئەلنىڭ ھەممە بايلىقىغا ئىگە بولوُۋالدى، ئەمما بەندوُنىڭ ئوغوُللىرى ھېچنېمىگە ئىگە بولالمىدى، بوُ قاتتىق ئادالەتسىزلىك ئىش بولدى. بەندوُ نەسەبىدىكىلەر جولوُ خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى، ئوُلار تىنچلىقنى ئىزدەيدوُ، ئوّتكەن ئىشلارغا سالاۋات دەيدوُ. ئوُلار ئوّتوّپ كەتكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدوُ. چوُنكى، ئوُلار ئوُ-



رۇشىنىڭ ھالاكەتتىن باشقا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغانلى-
قىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك مى-
راسنى ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك.

ئەلچى سۆزلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، زېرەك، باتۇر
ۋىسىۋەكەرمە سۆز قىلىپ: ئۇ ئۇلارنىڭ مۇلۇكىنى قايتۇرۇپ
بېرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، دەپ
قارىدى.

شۇ ئەسنادا غەزەپلەنگەن كارنا سۆز قىستۇردى.

— ھەي، براھمان جەنجەن قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەن مۇلكىنى
قانداق قايتۇرۇۋالىدۇ؟ مۇبادا ئۇ راستىنلا ئۇ نەرسىلىرىنى
قايتۇرۇۋالماقچى بولسا ئۆزى كېلىپ بىزگە يېلىنسۇن. ئۇ ھازىر
ھاكاۋۇرلۇق، ئەدەپسىزلىك بىلەن بىزگە تەلەپ قويۇپتۇ، ئەمما

ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش لەشكىرىگە تايىنىدۇ، بولۇپمۇ
موچا ئېلى بىلەن پەنجى ئېلىگە تايىنىدۇ. مەن ساڭا ئېنىق دەپ
قوياي. نەدىنى قورقىتىمەن دېمە، سەن ئۇنى قورقۇتۇپ ھېچقاند-
داق نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن. ۋىسىۋەكەرمە ئۇنىڭ گېپىنى بۆل-
دى:

— كارنا سەن تولا جۆيلىمە. بىز بۇ ئەلچىنىڭ دېگىنى
بويىچە ئىش كۆرمىسەك ئۇرۇش بولىدۇ، مەغلۇپ بولساق نەندى-
نىڭ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تامامەن ھالاك بولىدۇ.

ئوردىدا بىر مەھەل جىددىي مالىمانچىلىق پەيدا بولدى،
شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ چىگو ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەلچىگە دېدى:

— پۈتۈن دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ۋە بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ
بەختى ئۈچۈن، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە چەنشىننى ئەۋەتى-
مەن. سىز تېز بېرىپ جەنجەنگە خەۋەر قىلىڭ.

چەنشىن ئەلچى بولۇش سۈپىتى بىلەن موچا ئېلىدىكى سۇ
باسقان شەھەرگە باردى ۋە جەنجەنگە دېدى:

— جەنجەن ئالىيلىرى، مەن سىزنى يەنە كۆرۈپ ئۆزۈمنى
تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدىم. پادىشاھ چىگو سىزگە بەخت
تىلىدى. ئۇ سىز بىلەن دوستلىشىپ، تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

جەنجەن خۇشاللىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ئۇنداق بولسا پادىشاھ چىگونىڭ ئوغلى قۇتۇلۇپ قالىدى-
غان بولدى، بىزمۇ بىر مەيدان پاجىئەدىن ئامان قالىدىغان بول-
دۇق. مەنمۇ ئۇرۇشتىن قاتتىق زېرىكىپ، تىنچلىققا تەشنا بول-
غاندىم. پەقەت بىزنىڭ زېمىنىمىزنى قايتۇرۇپ بەرسىلا،
ئۆچ - ئاداۋەت ساقلىمايمىز. ئاچچىق كەچۈرمىشلەرنى تامامەن
ئۇنتۇپ كېتىمىز.

چەنشىن يەنە سۆز ئالدى:

— پادىشاھ چىگونىڭ ئوغۇللىرى قائىدە ئۇقمايدۇ، ئۇلار

ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمايدۇ، ئاقساقالنىڭ سۆزىگىمۇ قۇلاق سالمايدۇ، ئۇلار ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك يامان نىيەتتە بولۇۋاتىدۇ. ئەمما سىز سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭ، ئاھ پادىشاھ جەنجەن، سىز مەڭگۇ ياخشىلىقنىڭ ھىماتى بولىسىز، بىزنى بۇ بىر مەيدان ئۇرۇش ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ. ئۇرۇش قىلىپ ئېرىشكەن نەرسە ئادەمنى خۇش قىلالامدۇ؟ ئۇرۇش قوزغىماڭ. ئادەم ھەرقانچە راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئۇ ھامان قېرىپ ئۆلىدۇ. نەندى ئەخمەق ئىكەن، ئەمما سىز بۇنى دەپ سەۋرى - تاقىتىڭىزنى يوقىتىپ، ئادالەتتىن چەتنىمەڭ. ئۇلار سىزگە زېمىنىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئادالەتتىن چەتنىمەڭ.

جەنجەن جاۋابەن دېدى:

— ھەي چەنشىن، توغرا دەيسەن. ئادالەت ئەڭ چوڭ بايلىق. ئەمما بىز نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدۇق؟ قارا ئىلاھ ئادالەت يولىنىڭ مۇشكۇلىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ بىزگە ياخشى نىيەتتە بولدى. مەن ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىمەن.

قارا ئىلاھ سۆز ئالدى:

— مەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، پادىشاھ چىگونىڭمۇ خۇشال - خۇرام ياشىشىنى تىلەيمەن. بۇ ئىشنى قىلىش ئاسان ئەمەس. مېنىڭچە پىل شەھىرىگە ئۆزۈم بېرىپ مەسىلىنى ھەل قىلىپ كەلسەم بولغۇدەك. مەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالماي، جولۇ قوۋمىدىكىلەردىن تىنچلىقنى مۇيەسسەر بولالىسام، تولىمۇ خۇشال بولاتتىم. كېيىن جەنجەن چەنشىنگە دېدى:

— چەنشىن سەن جولۇ قەسرىگە قايتىپ بېرىپ، پادىشاھ چىگوغا: جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، بىز بىلەن جولۇ قوۋمىدىكىلەرنى سىغدۇرالايدۇ. بىز توقۇنۇشمايلى دەپ يەتكۈزۈپ قوي. يەنە نەندىگىمۇ دەپ قوي، ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق

- مەنپەئەتىمىزنى قايتۇرۇپ بەرسۇن. باشقىلارنىڭ رىزقىغا ئاچ كۆزلۈك قىلمىسۇن، بىز بەش ئادەم، بىز بىلەن ياخشى ئۆتسۇن، ھېچبولمىغاندا بىزگە بەش يېزىنى بەرسۇن.

ئەتىسى ئەتىگەندە چەنشىن پىل شەھىرىگە قايتىپ، جامائەتكە ئەھۋالنى باشتىن ـ ئاخىر تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— مۇھىمى نەندىنىڭ ئاجۇنا دېگەن گەپلەرنى چۈشىنىش. ئاجۇنا: «قارا ئىلاھ بىلەن مەن نەندىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتىنى تامامەن يوقىتىمەن. بۇنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن. مېنىڭ خىسلەتلىك ئوقيارىم جەڭنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولدى، شۇ تاپتا ئوقيارىم قاچان جەڭ بولىدۇ دەپ سوراۋاتىدۇ، ھەي جەنشىن قارا قىسمەت نەندىنى مەن ۋە قارا ئىلاھ بىلەن جەڭ قىلىشقا قىستاۋاتىدۇ. ئەنشىرو بىلەن قارا ئىلاھ بىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمىزغا قاراپ تۇرمايدۇ» دېدى. مانا بۇ ئاجۇنا دېگەن گەپ.

ۋىسىۋەكەرمەمۇ پادىشاھ چىگوغا ئاجۇنا بىلەن قارا ئىلاھقا قارشى تۇرمايلى، ئۇلار بىرلىشىۋالسا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ



دەپ نەسىھەت قىلدى.
— ئەڭ ياخشىسى ئۇلار بىلەن يارىشىپ قالايلى، — دېدى پادىشاھ چىگو.
بۇ چاغدا نەندى ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:
— ئاتا كۆچمىزنىڭ قانچىلىكلىكى ئۆزىمىزگە ئايان. بىز جەزمەن غەلىبە قىلىمىز. جەنجەنمۇ بۇ نۇقتىنى بىلىدۇ. شۇڭا، خانىدانلىقنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ، بەش يېزىنى ئالايلى دەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بىزگە نۇرغۇن لەشكەر بېرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن سىز يەنە نېمىشقا بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزدىن گۇمانلىنىسىز؟
— ئوغلۇم، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمايلى، — دېدى پادىشاھ چىگو، — ئەلنىڭ يېرىمى بىزگە تەۋە بولسا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئوبدان باشقۇرساق شۇمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. چىداپ تۇرالمىغان نەندى ۋارقىراپ تاشلىدى:
— تۇگمىچىلىك يەرنىمۇ، بەندۇ نەسەبىدىكىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ.
ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئورنىدىن چىقىپ كەتتى. باشقا كىشىلەرمۇ جىددىي كەيپىياتتا چىقىپ كەتتى.
چەنشىن پىل شەھىرىدىن كەلدى. پادىشاھ جەنجەن قارا تەگرىگە دېدى:
— ئاھ، قارا ئىلاھ، چەنشىن پادىشاھ چىگونىڭ ۋاكالەتچىسى، مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پادىشاھ چىگونىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندىم. پادىشاھ چىگو بىزگە ئالىقانچىلىكمۇ يەر بەرمەي تىنچلىقتا ئېرىشىشنى ئويلاۋاتىدۇ. مەن دەسلەپتە تولىمۇ سەبى بولغاچقا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم. ئەمما مەن بىكار خۇش بوپتىمەن. ئۇ ئېغىزىدا تىنچ ئۆتەيلى دەپ، ئاستىرتتىن بىزگە تېگىشلىك ھوقۇقىمىزنى بەرمەي، بىزنى رايىشلارچە بويسۇندۇرماقچى بوپتۇ. پادىشاھ چىگو بىزگە ئادالەت-

سىزلىك قىلدى. ئەمدى خەتەرلىك ئەھۋال بولىدىغان بولدى، پەقەت سىزلا بىزنى قوغدىيالايسىز.

قارا ئىلاھ جاۋابەن دېدى:

— مەن سىلەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن پىل شەھىرىگە بېرىش نىيىتىگە كەلدىم.

پادىشاھ جەنجەن دېدى:

— قارا ئىلاھ، ھەرگىز بارماڭ، بىز سىزنىڭ تەۋەككۈل قىلىشىڭىزغا قاراپ تۇرالمايمىز. جولۇ قوۋمىدىكىلەر ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

قارا ئىلاھ جاۋابەن دېدى:

— جەنجەن، مەن نەندىنىڭ رەزىللىكىنى بىلىمەن. ئەمما بىز يەنە بىر قېتىم جەڭ قىلىپ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن جاھان بىزنى ئەيىبلىمەيدۇ.

قارا ئىلاھ شۇنداق دېدى ـ دە، بەندۇ نەسەبىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ پىل شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ كېچىسى قارا ئىلاھ بۆرە شەھىرى ئەتراپىدا چۈشۈپ ئارام ئالدى. قارا ئىلاھنىڭ زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىك خەۋىرى تارقىلىشى بىلەنلا پۈتۈن شەھەر تەۋرەپ كەتتى. پادىشاھ چىگو شەھەرلىرىنى بېزەپ، قارا ئىلاھنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كاتتا تەييارلىق قىلدى ۋە نەنجاننىڭ سارىيى نەندىنىڭ سارىيىدىن چوڭ ھەم چىرايلىق، ئوبدان يىغىشتۇرۇڭلار، قارا ئىلاھ شۇ سارايدا ئارام ئالسۇن دەپ پەرمان چۈشۈردى. شەھەر سىرتىدا قارا ئىلاھنىڭ ھارۋىسى ئۆتەر يولدا مۇۋاپىق بىر يەرنى تاللاپ سايىۋەن تىكتى.

قارا ئىلاھ پىل شەھىرىگە كەلدى. شەھەر پۇقرالىرى چىرايلىق بېزەلگەن كوچىغا چىقىشتى. قارا ئىلاھنىڭ ھارۋىسى ئاستا

يۈردى. ئۇ ئاۋۋال پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن ۋىدورونىڭ ئۆيىگە باردى. گۈڭدى خانىش ۋىدورونىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئازابلىنىپ يىغلاپ تاشلىدى. قارا ئىلاھ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، كېيىن ئۇ نەندىنىڭ سارىيىغا كەتتى. نەندى ئۇنى چۈشلۈك غىزاغا تەكلىپ قىلغان بولدى. قارا ئىلاھ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەلچى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن تائامغا ئېغىز تېگىمەن. مەن ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن داستىخان سېلىپ مېنى كۈتۈۋېلىڭ.

قارا ئىلاھ نەندىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ۋىدورونىڭ ئۆيى-گە بېرىپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە نەندى بىلەن ساھۇنى قارا ئىلاھنى يوقلاپ كەلدى ۋە پادىشاھ چىگو سىلەرنى ساقلاپ قالدى، دېدى. قارا ئىلاھ ۋىدورو بىلەن ئوردىغا باردى. قارا ئىلاھ ئوردىغا كىرىشى بىلەنلا ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، قارا ئىلاھ ئۇلارغا سالام بەجا كەلتۈردى. باشقىلارغىمۇ سالام - سە-ھەت قىلغاندىن كېيىن كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ پادىشاھقا سالام قىلغاندىن كېيىن كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى. ئۇ قىلچە ھودۇق-ماي بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ دېدى:

— ئالىيلىرى، سىز پۈتۈن نەسەبىڭىزنى تامامەن ۋەيران قىلىۋەتمەك. سىزنىڭ ئوغۇللىرىڭىزنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى-ڭىز بار. بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتى-دۇ، ئەمما ئۇلار يەنە تىنچلىقنىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار سىلەر-نىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭلار ئاستىدا بەختلىك ياشاشنى خالايدۇ. سىز بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويسىڭىز، پۈتۈن دۇنيا سىزنى ماختاپ تەرىپلەيدۇ.

پادىشاھ چىگو دېدى:

— بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئەيىبلەنمەسلىكىم كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، مېنىڭ ئارزۇ قىلغانلىرىممۇ قارا ئىلاھنىڭ دېگەنلىرى بىلەن تامامەن بىردەك. ئەمما مەن ھازىر ئامالسىز، ناكەس ئوغۇللىرىم گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ. ئاھ، قارا ئىلاھ، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز نەندىگە نەسىھەت قىلىپ قويسىڭىز.

قارا ئىلاھ نەندىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— سەن مۆتىۋەر نەسەبنىڭ ئەۋلادى، قائىدىگە ئەمەل قىل. ھازىرقى ئويۇڭ سالاھىيىتىڭگە تامامەن ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سەن پەس نەسەبتىن كېلىپ چىققان بولساڭغۇ شۇنداق قىلساڭ بولاتتى. چۈنكى، ھازىر سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بۇ نەسەبتىكىلەر ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. مۇبادا سەن ھەقىقەتنى ياقىلىساڭ، ئەقلىڭ بىلەن ئىش قىلساڭ، بەندۇ نەسەبدىكىلەر پادىشاھ چىگونىڭ پادىشاھ بولۇشىنى قوغدايدۇ، سەن ۋەلىئەھد بولىسەن، دۆلەت زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن ياردىشىپ قېلىڭلار.

دىرونا بىلەن ۋىسىۋەكەرمەمۇ نەندىگە خاتا يولغا ماڭما دەپ قايتا - قايتا نەسىھەت قىلدى. ھەممە ئادەم نەندىنى تىنچلىق يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمما نەندى بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولدى. ئۇ شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— ھەي قارا ئىلاھ، سەن بەندۇ نەسەبدىكىلەرگە يان بېسىپ مېنى ئەيىبلەۋاتىسەن. بۇ يەردىكىلەرمۇ مېنى ئەيىبلىشىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ ئىشتا ئەيىبلەنگۈدەك سەۋەنلىكىم يوق. بەندۇ نەسەبدىكىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دۆلىتىنى دوغا تىكىپ ئۇتتۇرۇۋەتتى. شۇڭا ئۇ زېمىنىدىن مەھرۇم قالدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىكمۇ؟ ئۇلار ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن قائىدە بويىچە ئورمانلىققا كېتىشى كېرەك. شان - شەرەپ ئۇلار-

نى شۇنداق قىلىشقا تەلەپ قىلدى. ئېيتىڭلارچۇ؟ مەن يەنە نېمە-
نى خاتا قىپتىمەن؟ ئۇلار ھازىر جەڭ قوزغىماقچى بولۇۋاتىدۇ.
بىزنى ئۆلتۈرەمدىكەن؟ مەن ئۇلاردىن ھەرگىز قورقۇپ قالماي-
مەن. مەن كىچىك چاغلاردا چوڭلار بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە
قاتتىق زىيان سالغان. ئۇلارغا دۆلەت زېمىنىمىزنىڭ يېرىمىنى نې-
مىشقا بەرگەنلىكىنى بىلمىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا ھېچقان-
داق ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق، ئەمما ئەينى چاغدا مەن
كۆڭلۈمدە تەن ئالغانىكەنمەن. ئۇلار قىماردا دۆلىتىنى ئۇتتۇرۇ-
ۋەتكەندىكىن، مەن ياردەم بېرەي دېسەممۇ ياردەم بېرەلمەيمەن.
مەن دۆلەت زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت
قىلىمەن. مېنىڭ قىلغىنىم تامامەن توغرا. مەن بەندۇ نەسەبىدى-
كىلەرگە تۇگمىچىلىكمۇ زېمىن بېرىشنى خالىمايمەن.

نەندى ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىۋاتقاندا قارا ئىلاھ قاقاق-
لاپ كۈلگىنىچە دېدى:

— بۇ قىماردا سەن ساھۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلار-
غا زىيانكەشلىك قىلدىڭ. سەن كېيىن يەنە شاھزادىلەر يىغىلىشى-
دا قارا مەلىكىنى خورلىدىڭ، سەن شۇنداق قىلىپ تۇرۇپ، يەنە
ئىزا تارتماي مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق دەيسەن.

كېيىن قارا ئىلاھ ئۇنىڭ بەندى نەسەبىدىكىلەرگە سالغان
باشقا زىيانلىرىنىمۇ ئېسىگە ئالدى.

نەنجان ۋىسىۋەكەرمە بىلەن باشقىلارنىڭ قارا ئىلاھنىڭ نەن-
دىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى قۇۋۋەتلىگەنلىكىنى كۆرۈپ دېدى:

— ئاكا، قارىغاندا بۇلار سېنىڭ پۈت - قولۇڭنى باغلاپ
بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان ئوخشايدۇ. بىز
بۇيەردىن چىقىپ كېتەيلى.

شۇنىڭ بىلەن نەندى ئىنىلىرى بىلەن ئوردىدىن چىقىپ
كەتتى.

نەندى دوستلىرى بىلەن قارا ئىلاھنى تۇتۇش ئۈچۈن يوشۇ-

رۇن پىلان تۈزدى، بۇ خەۋەر ئوردىغا يېتىپ باردى. قارا ئىلاھ مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى، دېگەندەك شۇنداق ئىش بولدى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆزىنىڭ قورقماس جاسارىتىنى نامايان قىلدى.

كور پادىشاھ چىگونىڭ كۆزى قارا ئىلاھنىڭ ئىلاھىي كۈچى بىلەن ئەسلىگە كەلدى، ئۇ يورۇق دۇنيانى كۆردى.

— ھەي نېلۇپەر كۆزلۈك ئۇلۇغ قارا ئىلاھ، مەن سېنىڭ ئالىمىڭدىكى جىمى نەرسىلەرنى كۆردۈم، باشقا نەرسىلەرنى كۆرۈش ئارزۇيۇم يوق. كۆرۈشنى تەلەپ قىلسام كۆزۈم كور بولسۇن.

پادىشاھ چىگو قارا ئىلاھقا شۇنداق دېدى — دە، ھايال ئۆتمەيلا كۆزى ئەما بولۇپ قالدى.

— نەندىنىڭ تەرسالىقى تۈپەيلىدىن شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكمۇ تىرىشچانلىقىمىز بىكار كەتتى.

چىگو پادىشاھ قارا ئىلاھقا شۇنداق دېدى:

قارا ئىلاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. جەڭجەن بىلەن ۋىدورو قارا ئىلاھقا ئىككى تەرىپىدە قارا ئىلاھقا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. قارا ئىلاھ شۇ زامان گۇڭدى خانىش بىلەن كۆرۈشۈپ، گۇڭدى خانىشغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى. خانىش ئۇنىڭغا ئوغۇللىرىمغا سالام دەپ قويۇڭ دېدى.

— بىر كىشەترىيە ئانا تۇغقان بالىلارنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. ھەي قارا ئىلاھ، ئوغلۇمنى ھىماتىڭىزغا ئالغايسىز.

بىر كىشەترىيە ئانىنىڭ بالىسىنى تەربىيىلەشتىن مەقسىتى ئوغلىنى جەڭگە ئاتاش ئىدى. قارا ئىلاھ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، سۇ باسقان شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. جەڭدىن يەنىلا ساقلانغىلى بولمىدى.

## توققۇزىنچى قىسسە

# جولۇ چوڭ جېڭى: مەھرەم كۆنى

قارا ئىلاھ سۇ باسقان شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، پىل شەھىرىدە بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى بەندۇ نەسەبىدىكىلەرگە بايان قىلدى.

— مەن ئۇلارغا پايدىلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى دېگەن بولسام-مۇ كار قىلمىدى، ئېغىزىمنى ئۇپراتقانچىلىك ئىش بولمىدى. ئەمدى جەڭ قىلماقتىن باشقا ماغار يولىمىز قالمىدى. ئەخمەق نەندى ئوردىدىكى ئاقساقاللارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆز سەنىمىگە دەسسىدى. شۇڭا، بىز ھازىردىن باشلاپ جەڭ تەييارلى-قىنى قىلايلى. جولۇ جېڭى بىر مەيدان بالايىئاپەتنى كۆتۈپ تۇرىدۇ.

— ئەمدى تىنچلىقتىن ئۈمىد قالمىدى، — جەنجەن شۇنداق دېدى ـ دە، ئىنىلىرىغا جەڭ تەييارلىقى قىلىشقا پەرمان چۈشۈر-دى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈچلۈك لەشكىرىي قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى.

يىگىرمە بىر مىڭ سەككىز يۈز جەڭ ھارۋىسى، پىل تەييار-لىدى، بۇ ساندىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئات، بەش ھەسسە كۆپ پىيادە لەشكەر ھازىرلىدى. پىيادە لەشكەرلەر ھەر خىل قوراللار بىلەن تولۇق قوراللاندى، جەنجەن پادىشاھ مۇجۇنى، پادىشاھ سىلوتونى، مىنگان، شۇفا، شەنجەن، شيەنگان ۋە بۇجۇنلارنى ھەر قايىسى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى، ئاندىن كىمنى

سانغۇن قىلساق بولار دەپ مەسلىھەتلەشتى.
جەنجەن شىتىەنگە دېدى:
— بىز يەتتە ئادەم ئىچىدىن بىرىنى سانغۇن سايلايلى، ئۇ قەھرىمان ۋىسۇەكەرمەگە تاقابىل تۇرالايدىغان، ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرەلەيدىغان، لەشكىري كۈچىنى جانلىق تەڭشىيەلەيدىغان ئادەم بولسۇن. سىزنىڭچە، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن كىم چىقالايدىكىن؟
چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشتىن ئاۋۋال ھامان ياشلارنىڭ پىكرى ئېلىناتتى. ياشلارغا ئىلھام بېرىش، ئۇلاردا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىناتتى. مۇبادا ئالدى بىلەن چوڭلاردىن مەسلىھەت سورالسا، ياشلار ئوڭايسىزلىنىپ قالاتتى. چۈنكى، ياشلار چوڭلارنىڭ پىكرىگە ئوخشمايدىغان پىكىر بېرىپ قويسا، چوڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى.
— سىلوتو بىزنىڭ سانغۇنىمىز بولسۇن، بىز ئىسمىمىزنى يوشۇرۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇ بىزگە ياردەم بەرگەن؛ ھازىرمۇ بىز ئۇنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن قولدىن كەتكەن زېمىنىمىزنى قايتۇرۋالايلى، — دېدى جاۋابەن شىتەن.
— مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى پادىشاھ مۇجۇ سانغۇن بولسۇن. ئۇ يېشىغا قارىغاندا ئەقىللىق، زېرەك، باتۇر، جانبازلىقتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، — دېدى ۋۇجۇن، — قارا مەلىكىنىڭ ئاتىسى پادىشاھ مۇجۇ چىلىدىن ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى دېرونا بىلەن بىر ئېلىشىش پۇرستى بولسىكەن دەپ كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بىزگە ئۆز ئوغلىغا مەدەت بەرگەندەك مەدەت بېرىدۇ. لەشكەرگە ئۇ قوماندانلىق قىلسا، دېرونا بىلەن ۋىسۇەكەرمىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.
پادىشاھ جەنجەن كېيىن ئاجۇنانىڭ پىكرىنى ئالدى.
— مېنىڭچە، مىنگان جەڭگاھتا بىزنىڭ داھىمىز بولۇشقا

مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇ پالۋان ئۆزىنى تۇتۇۋالغان. ئۇنىڭ تەقدىرىدە
گە دېرونانىڭ جېنىنى ئېلىش پۈتۈلگەن. ۋىسىۋەكەرمەنىڭ ئوقىدە
نى ئۇ توسىيالىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋىسىۋەكەرمەنىڭ
ئوقىنى ھەتتا باتۇر پالتىلىق رەمە چېكىندۇرگەن. مېنىڭچە ئۇ-
نىڭدىن باشقا ئادەم بىزگە سانغۇن بولسا بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب
بەردى ئاجۇنا.

بۇجۇن دېدى:

— ئاھ، ئالىيلىرى، ئاجۇنانىڭ پىكرى ناھايىتى توغرا.
ئەمما ئەۋلىيالار بىلەن ئاقساقاللار دېگەن: شۇنا ۋىسىۋەكەرمەنىڭ
ئەجەل دەرىخىنى كېسىش ئۈچۈن تۇغۇلغان. مېنىڭچە، چىرايلىد
رىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، خۇددى پالتىلىق رەمەگە ئوخشاش
شۇفانى سانغۇن قىلساق. مېنىڭچە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق
ئادەم ۋىسىۋەكەرمەنى يېڭەلمەيدۇ، — دېدى.

پادىشاھ جەنجەن ئاخىر قارا ئىلاھنىڭ پىكرىنى ئالدى. قارا
ئىلاھ دېدى:

— ھەرقايسىڭلار ئۆزلىرىڭلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇڭلار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سانغۇن بولۇشقا مۇناسىپ.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم جولۇ قوۋمىدىكىلەرنى
تىترىتەلەيدۇ، قورقۇتالايدۇ. ئەمما ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغان-
دا، يەنىلا ئاجۇنانىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيمەن. مىنگان سىلەرنىڭ
سانغۇنۇڭلار بولسۇن.

شۇنداق قىلىپ، قارا مەلىكە ئۈچۈن كۆپ ئوغۇل —
كوراگان تاللاش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغان، سىڭلىسى
قارا مەلىكىنى ئاجۇناغا قوشۇپ قويغان، سىڭلىسىنى خورلىغان
نەندىدىن قىساس ئېلىش پۇرسىتىنى كۇتۇپ تۇرغان، پادىشاھ
مۇجۇنىڭ ئوغلى مىنگان بەندۇ نەسەبدىكىلەرنىڭ پۈتۈن لەشكەر-
لىرىگە قوماندان بولدى. لەشكەرلەر تەنتەنە قىلىشتى، پىللارنىڭ
ھۆركىرىگەن ئاۋازى جاھاننى بىر ئالدى. بەندۇ نەسەبدىكىلەر-

نىڭ بۈيۈك لەشكەرلىرى تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە جولۇ ئۇرۇشىغا سۇر - ھەيۋە بىلەن ئاتلاندى.

ۋىسىۋەكەرمەن چولۇ قوۋمىدىكىلەرنىڭ بۈيۈك لەشكىرىگە قوماندانلىق قىلىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلارمۇ زور لەشكىرىي كۈچكە ئىگە ئىدى. نەندى ۋىسىۋەكەرمەگە تەۋەززۇ بىلەن سالام قىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— سىز لەشكەرلىرىمىزگە ئاتامان بولسىڭىز بىز غەلىبە قىلالايمىز. نامىڭىز يىراقلارغا تارالغان، سىز ئەرش ئىلاھلىرى ئىچىدىكى قوماندان جەڭ ئىلاھى كومۇراۋاغا ئوخشايسىز، بىز سىزگە ئەگىشىپ مېڭىشنى خالايمىز.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى پېشۋا، — ئەمما سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەك، مەندە مۇنداق بىر كەسكىن نىيەت بار. مەن بەندۇنىڭ ئوغۇللىرىغا پادىشاھىڭلار چىگونىڭ ئوغۇللىرىغا قارىغان كۆزدە قارايمەن. مەن ۋەدەمگە ئاساسەن مەجبۇرىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، لەشكەرلىرىڭىزنى باشلاپ جەڭ قىلىمەن. مېنىڭ ئوقۇم ھەر كۈنى جەڭگاھتا نەچچە ئون مىڭلىغان باھادىر - پالۋانلارنى يەر چىشلىتىدۇ. ئەمما مەن بەندۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويسام، مەن ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمەن. بەندۇنىڭ بەش ئوغلىنى ئۆلتۈرگەندىن باشقا مەن ئۇرۇشتا جىمى مەسئۇلىيەتنى ئورۇندايمەن. يەنە بىر ئىش بار: سىزنىڭ ئەركە ئوغلىڭىز كارنا، قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى مېنىڭ پىكرىمنى ياقتۇرمايدۇ. مۇبادا سىز خالىسىڭىز ئۇ پۈتۈن لەشكەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، جەڭگە قوماندانلىق قىلسا مەن قارشى تۇرمايمەن.

ۋىسىۋەكەرمە كارنانى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ياقتۇرمايتتى.

كارنا ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ مۇنداق ئويلاپ كەلگەنىدى: «پەقەت ۋىسىۋەكەرمە ھايات بولىدىكەن مەن جەڭگە چىقمايمەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن جەڭگە چىقىمەن. مەن ئەنە شۇ چاغدا ئاجۇنا

بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمەن، جەڭدە ئۇنى ئۆلتۈرىمەن.
نەندى ۋىسىۋەكەرمەنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلدى، ۋىسىۋەكەرمەنى پۈتۈن لەشكەرنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.
جولۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ زور لەشكەرلىرى جولۇ جەڭ مەيدانىغا سەلدەك ئېقىپ كىردى.
قارا ئىلاھنىڭ ئاكىسى پالۋان چىلى بەندۇ نەسەبىگە زىيارەتكە باردى. ئۇ ئۇچىسىغا قارا پەرىجە كىيىۋالغانىدى. ئۇ خۇددى شىردەك ھەيۋەتلىك سالاپەت بىلەن كىرىپ كەلدى. پادىشاھ جەنجەن، قارا ئىلاھ ۋە باشقىلار بۇ پالۋاننى قىزغىن قارشى ئالدى. پالۋان پادىشاھ مۇجۇ بىلەن ۋىسىۋەكەرمەگە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن جەنجەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— مەن جولۇ جەڭ مەيدانىغا كەلدىم، — دېدى ئۇ، — مەن برودۇنىڭ ئەۋلادلىرى نەپسى بالاسىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى باسالماي، تىنچلىقنى بۇزۇپ، جەڭ ئېلان قىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم.
ئۇ قاتتىق ھاياجاندىن بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: ئاھ ئۇرۇش، ئېچىنىشلىق، ۋەيرانچىلىق ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى زېمىننى جەسەت قاپلايدىغان، قان دەريا بولۇپ ئاقىدىغان، كىشەترىيىنىڭ دۇنياسىنى قارا قىسمەت قاپلايدىغان، بۇ يەرنى ئۆلۈم ئالۋاستىسى پايمال قىلىدىغان بولدى. مەن جولۇ قوۋمىدىكىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى، ھەممىنى ۋەيران قىلىدىغان بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى خالىمايمەن. روي بېرىش ئالدىدا تۇرغان بۇ پاجىئە مېنىڭ ئىنسانلار دۇنياسىغا بولغان رىشتىمنى يوقاتتى. شۇڭا، مەن مۇقەددەس جايلارغا بېرىپ زىيارەت قىلماقچىمەن.
ئۇ شۇنداق دېدى - دە، بەندۇ نەسەبىدىكىلەردىن ئايرىلىپ، قاتتىق ھەسرەتلەنگىنىچە ئىلاھلاردىن تەسەللى تېپىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.
ھەممە ئىش تەييار بولدى. ئۇرۇش باشلىناي دەپ قالدى.

ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھەيۋەت بىلەن جەڭ قائىدىسىگە ئەمەل قىلىمىز، دەپ ئەھدى - پەيمان قىلىشتى. جەڭ قىلىش قائىدىسى بىلەن ئۇسۇلى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشىمايتتى.

جولۇ جەڭ مەيدانىدا ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن جەڭ توختىتىدى، ئىككى تەرەپتىكى دۆلەت لەشكەرلىرى دوستلاردەك ئەركىن - ئازادە ئارىلاشتى، كۆچى بىر - بىرىگە تەڭ كېلىدىغانلار ئايرىم ئۇرۇشتى. قائىدىگە خىلاپ ھالدا قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا يول قويۇلمىدى. مەسىلەن، جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلغان ياكى چېكىنگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە بولمايتتى، ئات ئۈستىدىكى ئادەم پەقەت ئات ئۈستىدىكى ئادەم بىلەن ئۇرۇشاتتى. پىيادە ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا بولمايتتى، ئوخشاشلا ھارۋىلىقلار ھارۋىلىقلار بىلەن، پىللىقلار پىللىقلار بىلەن، پىيادىلەر پىيادىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى. كۈچ ۋە سان جەھەتتىمۇ تەڭ بولاتتى. يالۋۇرغان ياكى تەسلىم بولغان ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايتتى. ئۇرۇشقا قاتناشمىغان ئادەم باشقىلار ئۇرۇشۇۋاتقان دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە بولمايتتى. قورالسىزلانغان، دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىغان ئادەملەرگە ياكى ساۋۇت - دۇبۇلغىسىدىن ئايرىلغان ئادەملەرگە، چېكىنىۋاتقانلارغا زەربە بېرىشكە بولمايدۇ. جەڭگە قاتناشمىغان خادىملارغا زەربە بېرىشكە بولمايتتى، مەسىلەن، مۇلازىملار، ناغرا - سۇنايچىلار.

ئەھدۇ - پەيمان جاكارلىنىپ كېيىن ۋىسىۋەكەرمە شاھزادىلەرگە دېدى:

— ھەي باھادىرلار، ھازىر سىلەرگە بىر شەرەپلىك پۇرسەت تۇغۇلدى. سىلەرگە جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق. ئىنىشىرو بىلەن ئۇلۇغ برەھما (ئەزرۇئا) نىڭ شادلىقى سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. سىلەر پالۋانلارنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ يولىنى تۇتۇڭلار. خۇشال، كۆڭۈللۈك ئۇرۇش قىلىڭلار، شان - شەرەپ

قوچوڭلار، توھپە يارىتىڭلار. بىر كىشەترىيىنىڭ توشەكتە كې-
سەل بولوپ ياكى قېرىپ ئولوشنى ئەمەس، جەڭ مەيدانىدا باتور-
لارچە ئولوشنى راۋا كوروشى كېرەك. شاھزادىلەر پەرمانغا كوي
- ناۋالار ئىچىدە پەرمانبەردار بولدى ۋە زەپەر قوچوپ كېلىپ
جولو نەسەبىدىكىلەرگە جاۋاب قايتۇرىمىز دەپ تەنتەنە قىلىشتى.

ۋىسىۋەكەرمەننىڭ توغىدا بەش يولتوز بىلەن بىر توپ پالما
دەرىخى چاقناپ توراتتى. مايوننىڭ توغىدا قوير ۇقىنى شىپاڭشىد-
تىۋاتقان بىر شىر بار ئىدى. دېرونانىڭ ئالتون رەڭ توغىدا بىر
دەرۋىشنىڭ كاسىسى بىلەن يا چاقناپ توراتتى. نەندىنىڭ توغىدا



بىر كۆزەينەكلىك ئىلان كۆرەڭلىگىنىچە بېشىنى ئۇيان - بۇيانغا ئۇزىتىۋاتقان هالدا تۇراتتى. مېهرىبان ئۇستازنىڭ تۇغىغا چوڭ بىر ئاق باشلىق كالا كەشتىلەنگەنىدى. شىڭچىنىڭ تۇغىدا بىر قاۋان بار ئىدى. يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن تۇغ - ئەلەملەر جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن جەڭگاھتا رەڭگا- رەڭ تۇغ - ئەلەملەر نامايان قىلىندى.

پادىشاھ جەنجەن جولۇ قوۋمىدىكىلەرنىڭ زور لەشكەرلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاجۇناغا پەرمان قىلدى:

— دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز، شۇڭا جەڭ تەييارلىقىنى دۈشمەنگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. جەڭ ۋەزىيىتى كۈچە- مىزنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. بىز لەشكەرلەرنى يېڭى



شەكىلدە سەپ قىلىپ تىزايلى. ئاجۇنا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا قىرغىن قىلىش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھاياجانلاندى. قارا ئىلاھ ئۇنىڭ كەيپىياتىنى تىنچلاندۇرۇپ، غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بەزى مەسى-لىلەر ئۈستىدە سۆزلەشتى.

جەڭگە ئاتلىنىش سىگنالى چېلىنىشى بىلەنلا ۋەزىيەت جىد-دىيلەشتى. ھەر ئىككى تەرەپ بەندۇنىڭ باھادىر ئوغلى جەنجەنگە قاراشتى. ئۇ بىردىنلا ساۋۇت - دۇبۇلغىنى ئېلىپ تاشلاپ، قورالىنىمۇ چۆرۈپ تاشلاپ، جەڭ ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، جولۇ لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. «پادىشاھ جەنجەن نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟» بۇ ئىشتىن ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى.

ئاجۇنا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدى ۋە شاققىدە ھارۋى-دىن چۈشۈپ پادىشاھ جەنجەننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئۇلار جەنجەن دۈشمەن بىلەن سۆلھى قىلارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشتى.

— ئاتىلىرى، سىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق غەلىتە ئىش قىلىسىز. سىز دۈشمەن تەرەپكە بارغىنىڭىز بىلەن دۈشمەننىڭ بىزگە قىلغۇدەك ئىككى ئېغىز ياخشى گېپى يوق. دۈشمەن تولۇق قوراللانغان. ئەمما سىزدە ھېچقانداق قورال يوق، ئېيتىڭە، نېمە ئۈچۈن دۈشمەن تەرەپكە بارىسىز.

ئاجۇنا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، جەنجەن چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە ئالغا قاراپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغان قارا ئىلاھ كۈلگىنىچە دېدى:

— ئۇ ئاقساقالنى ئىزدەپ جەڭ باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا بەخت تىلىگىلى ماڭدى. بۇنداق زور جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلۇغلارغا بەخت تىلىمىسە بولمايدۇ. ئۇ ئاتا - بوۋىلىرى بىلەن دېرونا ئۇستازىنىڭ بەخت تىلىشىنى ئۆتۈنمەكچى. شۇڭا، ئۇ ئۇستۋېشىدىن قورال - ياراغلارنى، ساۋۇت - دۇبۇلغىنى ئېلى-



ۋەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنى توغرا. ئۇ قائىدە ئۇقمىدىغان ئادەم، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بىزنىڭ جېكىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

نەندىنىڭ ئادەملىرى پادىشاھ جەنجەننىڭ قوللىرىنى جۈپ-لەپ، كەمتەرلىك بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئويلاپ قې-لىشتى: «بەندۇنىڭ ئوغلى كۈچىمىزنى كۆرۈپ قورقۇپ يارىشىپ قالايلى دەپ يالۋۇرۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇ كىشەترىيىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان بولدى. بىزنىڭ كىشەترىيە تائىپەمىزدىن قاند-داقمۇ بۇنداق بىر قورقۇنچاق، يارىماس بىرنەرسە چىقىپ قالغان-دۇ؟» ئۇلار ئېغىزىدا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە خۇش بولۇشتى. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا ئۇلار ھېچقانچىلىك كۈچ سەرپ قىلمايلا غەلىبە قىلالايتتى.

پادىشاھ جەنجەن قاتمۇقات لەشكەرلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ۋىسمۇەكەرمەنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ ئېگىشكىنىچە ئۇنىڭ پۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، سالام قىلدى:

— ھەي ئۇلۇغ ئاتا - ئانا پېشۋالىرىمىز، بىزنىڭ جەڭ قىلىشىمىزغا ئىجازەت بەرگەيسىلەر، بىز يۈرىكىمىزنى قاپتەك قىلىپ سىز بىلەن تەڭداشسىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىلەن جەڭ قىلماقچى بولۇۋاتىمىز. جەڭ باشلىنىشتىن ئاۋۋال بىزگە بەخت تىلەڭلار.

— ئوغلۇم، — دېدى ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى جاۋابەن، — سەن برودۇ نەسەبىنىڭ ئەۋلادى، سەن پەزىلەتلىك، بىزنىڭ قائىد-دە - قانۇنلىرىمىزغا ئەمەل قىلىدىغان ئادەم. مەن سېنىڭ مۇن-داق قىلغانلىقىڭدىن بەك خۇش بولدۇم. جەڭ قىل، سەن جەڭدە غەلىبە قىلىسەن. مەن ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايمەن، بۇرۇچ قۇشلىرىم بوغۇچلانغان. مەن خانلىققا سادىق بولۇشۇم، جولۇ قوۋمىدە تۇرۇشۇم شەرت، ئەمما سەن جەڭدە ھەرگىز مەغلۇپ بولمايسەن.

ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، بەخت - تىلەك-
لىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇستاز دېرىوناغا، زىلان تاغد-
سى سالىيە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بەخت - تىلەكلىرىنى
مەقبۇل قىلىپ، بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ قورغىنىغا قايتتى.
جەڭ باشلاندى.

ۋىسىۋەكەرەمەنىڭ جەڭ هارۋىسى جەڭ مەيدانىغا ئۇچقاندەك كىردى، خۇددى ئەزرائىل ئۇسسۇل ئوينىغاندەك قىلاتتى. جىئان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاتا - بوۋىلىرىغا هۇجۇم قىلدى. ياشانغان بىر جەڭچى بىلەن ياش بىر جەڭچى قاتتىق ئېلىشتى، ئەرش ئىلاھلىرى بۇ جەڭنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. جىئاننىڭ ئالتۇن رەڭ دەرەخنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن جەڭ تۇغى هارۋىدا شامال تەرەپ-كە قاراپ لەپىلدەيتتى. جىنكەي ئۇنىڭغا بىر تال ئوق ئېتىپ تەگكۈزدى. سالىيە بەش تال ئوق تەگكۈزدى. ۋىسىۋەكەرەمە ئۇنىڭغا توققۇز تال ئوق تەگكۈزدى. جىئاننىڭ «پىچاقلىق ئوقى» جەڭ هارۋىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئېيەننىڭ بېشىغا تېگىشۋدى، ئې-يەننىڭ بېشى ساپىقىدىن ئۈزۈلگەن كاۋىدەك شاققىدە يەرگە چۈش-تى. جىئاننىڭ يەنە بىر تال ئوقى مېهرىبان ئۇستازىنىڭ ياسىنى ئوتتۇرىدىن ئۈزۈپ تاشلىدى. جىئاننىڭ ماهارىتىنى بۇلۇت ئۈس-تىدە تۇرۇپ جەڭ كۆرۈۋاتقان ئەرش ئىلاھلىرىمۇ ماختاپ، تەرىپ-لەشتى. ئەرش ئىلاھلىرى ئۈتكۈنچە يامغۇر ياغدۇردى. ۋىسىۋە-كەرمە ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرىمۇ ۋارقىراشتى:

— يارايسەن ئاجۇنانىڭ پالۋان ئوغلى!

شۇنىڭ بىلەن جولۇ قوۋمىدىكى جەڭچىلەر بىرلىشىپ ياش پالۋانغا هۇجۇم قىلدى. ئەمما بەرنا پالۋان تەمكىن تۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز مىڭغا تېتىدى، ئوقياسى بىلەن سومونىڭ ئۆزىگە قارىتىپ ئاتقان بارلىق ئوقلىرىنى توسۇۋالدى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقلىرىنىڭ بىرىمۇ زايە كەتمىدى. بىر تال ئوقى پالما دەرىخى چۈشۈرۈلگەن تۇغنى يىقىتىۋەتتى. بۇجۇن بۇنى كۆرۈپ قەۋەت خۇش بولۇپ،

ۋارقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جىيەنى بەرنا يىگىتنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى.

بۇ يىگىتنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرگەن ئاقساقاللارمۇ خۇش بولۇشۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ بۇ بالىغا تاقابىل تۇرماقچى بولدى. سولوتو بىلەن يودولو ئاتا - بالا، پادىشاھ مۇجۇ بىلەن ئوغلى مىنگان ۋە بۇجۇن قاتارلىقلار يۈگۈرگىنىچە بۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەندىمۇ چاققانلىق بىلەن جەڭگە كىرىش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان قاتتىق جەڭ باشلاندى. نەچچە ئون مىڭلىغان لەشكەر قازا قىلدى. سانسىزلىغان جەڭ ھارۋىلىرى ۋەيران بولدى. ئۆلگەن ئات، پىللارنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايتتى.

بەندۇ نەسەبىدىكىلەر ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. جەنجەن قاتتىق ھەيران قالدى. ئەندى قاتتىق خۇش بولۇپ كەتتى.

ئەندى تۈنجى كۈندىكى ئۇتۇقتىن قەۋەت خۇش بولدى. ئۇ پۈتۈن لەشكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، سانغۇن - پالۋانلىرىغا دېدى:

— قوراللانغان پالۋانلار، — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزدا مەسىلە يوق، بىز ھېچنېمىدىن قورقماي جەڭ قىلايلى! سومو جولۇنا قوۋمىدىكىلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يەنە بەندۇ نەسەبىدىكىلەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنىڭ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كېتىپ، سانسىزلىغان لەشكەرلىرى ئۆلۈپ كەتتى.

ئاجۇنا ئۆزىنىڭ ھارۋىلىرىنى باشقۇرغۇچى قارا ئىلاھقا دېدى:

— مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق لەشكەرلىرىمىز پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولىدۇ. مېنىڭچە، بىز سومونى يوقاتمىساق لەشكەرلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرالمايمىز.

قارا ئىلاھ جاۋابەن دېدى:



— ئاجۇنا ئەمىسە سىز تەييارلىنىڭ، هارۋا ئاۋۇ يەردە.

ئاجۇنا بۇيرۇقتا بىنائەن هارۋىنى هەيدەپ سومونىڭ يېنىغا ماڭدى.

هارۋا ئۇچقانداك يۈرۈپ كەتتى. ئاقساقال ئوق ئاتتى، نەندى ئاقساقالنى قوغداڭلار، ئۇ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاقساقالغا ياردەملىشىدىغان لەشكەرلەر كېلىپ ئاجۇناغا هۇجۇم قىلدى. ئاجۇنا پەرۋا قىلماي ئۆزىنى تەمكىن تۇتتى، هېچقانچىلىك كۈچىمەيلا سومۇغا ياردەمگە كەلگەن لەشكەرنى تامامەن يوقاتتى. پۈتۈن سانغۇن ـ سەرۋازلار ئۇنىڭ خىسلەتلىك ئوقياسىنىڭ كارامىتىنى ماختاپ ـ تەرىپلەشتى. ئۇنىڭ جەڭ هارۋىسى دۈشمەن ئارىسىدا چاقماقتەك ئۇيان ـ بۇيان چاپتى. دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرى هارۋىغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

ئىلاهلار ئەرشتىن چۈشۈپ ۋىسىۋەكەرمە بىلەن ئاجۇنانىڭ ئېلىشىشىنى كۆردى. بۇ ئىككىيلەن نامى داڭ كەتكەن مەشھۇر پالۋانلار ئىدى. هەر ئىككى تەرەپنىڭ هارۋىلىرىغا ئاق دۇلدۇل قوشۇلغانىدى. سانسىزلىغان ئوق ئېتىلدى. ئاسمان قەهرىدە ئوق بىلەن ئوق ئۇچراشتى. ئوق بەزىدە ئاجۇنانىڭ ياكى قارا ئىلاهنىڭ كۆكرىكىنى يارىلاندۇردى. قارا ئىلاه ئۇ تەرەپتە تۇردى، قىپقىزىل قان ئاقتى. ئاجۇنا كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى ـ دە، ئاقساقالغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئوق دەل جايىغا تەگدى، ئىككى تەرەپ ئۆزۈنغىچە تىركەشتى. ئىككى هارۋىلىقلار بىر ـ بىرىنى قوغلاشتى. قايسى ئاجۇنانىڭ هارۋىسى، قايسى سومونىڭ هارۋىسى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى، پەقەت ئۇلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىدىنلا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى.

بۇ جەڭنى كۆرۈپ نەندىنىڭ يۈرىكى بارغانسېرى تېز سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئۇلۇغ سومۇغا بولغان ئىشەنچىسىدىن سەل تەۋرىنىپ قالدى.

— ئاھ، گانگى دەرياسى ئوغلى، — دېدى نەندى، — سەن برونا ھايات چاغدا جەڭ قىلغاندا ئاجونا بىلەن قارا ئىلاھ ئىككىيـ-لەن مېنىڭ لەشكەرلىرىمنى تۇگەشتۈرۈەتكىلى تاس قالغانىدىڭ-لار. كارنا مېنىڭ سادىق دوستۇم ئىدى. ئەمما سېنىڭ كاساپىـ-تىڭدىن ئۇ ھازىر جەڭگە قاتناشمىدى. مەن ئالدىنىپ قالارمەنمىـ-كىن دەپ قورقۇۋاتىمەن. سەن ئاجونانى يوقىتىشىنىڭ ئامالىنى قىلمايدىغان ئوخشايسەن.

ئۇچىنچى كۈنى ۋىسىۋەكەرمە ئۆزى لەشكەر تارتىپ جەڭگە چىقتى. نەندىنى ئارقا سەپ ياردەمچىلىككە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ-لار ھېچقانداق يوچۇق قالدۇرماي ناھايىتى ئەتراپلىق ئورۇنلاش-تۇردى. ئەمدى چاتاق چىقمايدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەندى.

بەندى نەسەبىدىكىلەرمۇ پۇختا جەڭ تەييارلىقى قىلدى. ئا-جونا بىلەن مىنگان دۈشمەنگە تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى ھىلال ئاي شەكلىدە ئورۇنلاشتۇردى. ھىلال ئاي شەكىللىك قوشۇننىڭ ئوڭ تەرىپىدە بوجون، سول تەرىپىدە ئاجو-نا تۇردى، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

جەڭ باشلاندى، ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى. ھايال ئۆت-مەي ئادەم قېنى دەريا بولۇپ ئاقتى. ھارۋا، پىل، ئاتلار تىرىپىـ-رەن بولۇپ قاچتى، يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئاسمان قەھرىگە كۆتۈرۈلۈپ قۇياشنى توسۇۋالدى. ئاجونا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئەمما دۈشمەن مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋالغاچقا جايىدىن قوزغالمىدى. جولو قوۋمىدىكىلەر كۈچنى مەركەزلەش-تۈرۈپ ئاجوناغا قايتارما زەربە بەردى. گۈرزە - نەيزىلىرد-نىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازلىرى ئاسمان قەھرىدە ياڭرىد-دى. يالت - يۇلت قىلىپ نۇر چاقناپ كەتتى. ئاجونانىڭ ھارۋى-سىغا يامغۇر كەبى ئوق ياغدۇرۇلدى. ئاجونا خىسلەتلىك ياسىنى ئېلىپ، ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوق ئاتتى. ھارۋىسى

ئەتراپىغا بىر پائالىيەت قورغىنى ياسىدى. يەنە بىر تەرەپتە ساھۇ-
نى غول لەشكىرىنى باشلاپ شەنجەن بىلەن جىئانغا تاقابىل تۇرۇ-
ۋاتاتتى. ساھۇنى شەنجەننىڭ جەڭ ھارۋىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.
ئۇ جىئاننىڭ ھارۋىسىغا چىقىپ جىئان بىلەن ھارۋا ئۈستىدە
قاتتىق ئېلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئاخىر ساھۇنىنىڭ قوشۇنىنى يەڭ-
دى.

دېرونا بىلەن ۋىسىۋەكەرمە بىرلىشىپ جەنجەنگە ھۇجۇم قىل-
دى. ۋۇجۇن بىلەن شېتەن ياردەمگە كېلىپ، دېروناننىڭ ھۇجۇ-



مىغا تاقابىل تۇردى.

بۇجۇن ئوغۇللىرى بىلەن بىرگە نەندىنىڭ قوشۇنغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى. بۇجۇن نەندىگە قارىتىپ بىر تال ئوق ئېتىۋدى، ئوق بېرىپ نەندىنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى. نەندى شۇ زامان يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگەن ئادەم ھارۋىنى ھەيدەپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇ لەشكەرلەر شاھزادىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، جاسارىتىنى يوقىتارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلدى. بۇ ئەھۋال لەشكەرلەر ئارىسىدا قاتتىق مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. بۇجۇن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لەشكەرلەر ئارىسىدا قاتتىق قىر - چاپ قىلدى. دېرونا بىلەن ۋىسىۋەكەرمەمۇ لەشكىرىنىڭ مالىمان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق بىئارام بولدى، ئۇلار چېچىلىپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ، نەندىنىڭ ئالدىغا باردى.

نەندى ئاقساقالغا دېدى:

— لەشكەرلىرىمىز تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. سەن يەنە نېمىدەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرىسەن؟ سەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەرگە بەك مېھرىبانلىق قىلىۋاتقان ئوخشىمامسەن. سەن نېمىشقا ماڭا: «مەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنى ياخشى كۆرىمەن. مىنىگان بىلەن شەنجەننى ياقتۇرىمەن. ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، سەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلساڭ، ئۆلتۇرسەڭ بولمايدۇ» دېمەيسەن. سەن ماڭا راست گېپىڭنى دېگىن. ئۇلار ھەرگىزمۇ سېنىڭ رەقىبلىرىڭ ئەمەس. سەن ئۇلارغا ئۆچ بولساڭ ئۇلارنى مەغلۇپ قىل. ئەمدى سەن دېروناغا كۆڭلۈڭدىكى گەپنى ئېنىق دېگىن.

نەندى مەغلۇپ بولغاچقا كۆڭلى بۇزۇلدى. ئاقساقالنىڭ ئۆزىنى قوللىمىغانلىقىدىن خاپا بولۇپ شۇنداق قوپال گەپلەرنى قىلدى. ئەمما ۋىسىۋەركەرمە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن ساڭا ئېنىق دېدىمغۇ؟ سەن مېنىڭ نەسىھىتىمنى

ئاڭلىماي ئۇرۇش قىلدىڭ. مەن سېنى ئۇرۇش قىلما دەپ تۇسىـ ماقچى بولساممۇ، ئەمما ھازىر ئۇرۇش باشلاندى. مەن پەقەت ساڭا بولغان مەسئۇلىيىتىمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئورۇندايمەن. مەن بىر ياشىنىپ قالغان ئادەم، مەن ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم.

بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، يەنە جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتى. چۈشتىن بۇرۇنقى ئەھۋال بەندۇ نەسەبىدىكىلەرگە پايدىلىق بولـ دى. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن بەندۇ نەسەبىدىكىلەر سەل بىخەستىلىك قىلىپ قويدى. ئۇلار ۋەسسۋەكەرمەنىڭ يەنە جەڭگە



كىرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. نەندىنىڭ ئەيىبلەشلىرى ئاقسا-
قالنى غەزەپلەندۈردى. ھازىر ئۇ جىمى نەرسىنى كۆيدۈرۈپ تۈگى-
تىدىغان غايەت زور ئوتتەك جەڭ مەيدانىغا قاراپ چاپتى. ئۇ
لەشكەرلىرىنى يىغىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ شىددەت بىلەن جەڭگە ئات-
لىنىپ، بەندۇ نەسەبىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇگۇن چۇشتىن
كېيىن ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئاجايىپ چاققانلىشىپ كەتتى. بەندۇ
نەسەبىدىكىلەرنىڭ لەشكەرلىرى ئاقساقىلى بىرقانچە ۋىسىۋەكەر-
مە ئايلىنىپ، بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە يەردە جەڭ قىلىشۋاتقان ئوخ-
شايدۇ، دەپ قېلىشتى. ئۇنىڭغا ھېچكىم تاقابىل تۇرالمىدى،
ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان ئادەم خۇددى ئۆزىنى ئوتقا
ئۇرغان پەرۋانىدەك ۋەيران بولدى. بەندۇنىڭ لەشكەرلىرى پاتىپا-
راق بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى. قارا ئىلاھ، ئاجۇنا
سۇفا قوشۇنىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشسىمۇ
ئۇنۇمى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن قارا ئىلاھ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئاجۇنا جىددىي پەيت يېتىپ كەلدى. ئىرادەڭدىن يانما،
ۋەسىۋەكەرمە، دېرونا ۋە باشقا دوستلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ساقلى-
نىڭلار دېگەن ئەقىدىگە پەرۋا قىلما، سەن بىر ئىرادىگە كەلگەنىدى-
كىن ئەمدى ئىرادەڭنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇر، بولمىسا بىز ھالاك
بولىمىز. سەن ھازىر ئاقساقالغا ھۇجۇم قىل!

ئاجۇنا ۋارقىرىدى:

— ئالغا!

ئاجۇنانىڭ جەڭ ھارۋىسى ۋەسىۋەكەرمەگە قاراپ ئۇچقاندەك
يۈرۈپ كەتتى. ئاقساقالنىڭ ئوقلىرى ئۇنى قارشى ئالدى، ئاقسا-
قال ئاجۇناغا قارىتىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئاجۇنا
ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ تال ئوق ئاتتى، ئاجۇنا ئاتقان ئوق ئاقسا-
قالنىڭ ياسىغا تېگىپ، يانى سۇندۇرىۋەتتى. ئاقساقال يەنە بىر
يانى ئالدى، ئۇ يامۇ ئوخشاش تەقدىرگە يولۇقتى. ئاقساقال ئاجۇ-
نانىڭ ئوق ئېتىش ماھارىتىنى كۆرۈپ قەۋەت سۆيۈنۈپ كەتتى.

— يارايسەن! پالۋان.
ئۇ شۇنداق دېگەچ يەنە بىر تال ئوق ئېلىپ ئاجۇنانىڭ هارۋىسىغا قارىتىپ ئاتتى.
قارا ئىلاھ ئاجۇنانىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىدىن نارازى بولدى. ئاقساقال شىددەت بىلەن ئوق ئاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاجۇنا ماهارىتىنى ئىشقا سالمايۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ پۈتۈن نىيىتى بىلەن جەڭ قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئاقساقالغا هۆرمەت قىلاتتى.
قارا ئىلاھ: مۇبادا ئاجۇنا مۇشۇنداق جەڭ قىلسا لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى يوقىلىدۇ، ئاقىۋەتتە هالاك بولۇپ، يېغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى. قارا ئىلاھنىڭ هارۋا ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭ قىلىش ماهارىتى بەك ئۈستۈن ئىدى. ئەمما ۋىسىۋەكەرمەمۇ ئاجۇناغا كۆپ ئوق ئاتتى، ئوق تامامەن جايىغا تەگدى.
قاتتىق غەزەپلەنگەن قارا ئىلاھ ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى:
— ئاجۇنا، مەن چىداپ تۇرالمايۋاتىمەن. مۇبادا سەن ۋىسىۋەركەمەنى ئۆلتۈرمىسەڭ، مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرىمەن. ئۇ ئارقاننى قويۇپ، قورالىنى ئالغىنىچە هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ۋىسىۋەكەرمەگە ئېتىلدى.
ۋەسىۋەركەرمە هودۇقماي، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— كەل نىلۇپەر كۆز (قارا ئىلاھنىڭ بىر لەقىمى)، كەل، مەن ساڭا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. هەي ئالەمنىڭ قارا ئىلاهى، سەن راستتىنلا مېنى دەپ هارۋىدىن چۈشتۈڭمۇ؟ مەن هاياتىمنى ساڭا تەقدىم ئېتىمەن. مۇبادا سەن مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، مەن ئۈچ دۇنيادا هۇزۇر ـ هالاۋەت سۈرۈپ، نام چىقىرىمەن. ماڭا شەپقەت قىلىپ، جېنىمنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئېلىپ، مېنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇز.
ئاجۇنا بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ قاتتىق بىئارام بولدى. ئۇ

هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قارا ئىلاھنى قوغلىدى، مىڭ تەستە ئۇنىڭغا قوغلاپ يېتىشتى ۋە قارا ئىلاھتىن قايتىپ كېتەيلى، دەپ ئۆتۈندى.

— مېنىڭ سەۋرە قاچام توشتى، قايتىپ كېتەيلى. مەن ئەمدى مەسئۇلىيىتىمدىن باش تارتماي. ئۇ قارا ئىلاھتىن قايتىپ كېتەيلى، دەپ ئۆتۈندى. قارا ئىلاھ جەڭ هارۋىسىنىڭ چۇلۋۇرد- نى يەنە قولىغا ئالدى. ئاجۇنا جولۇ قەبىلىسىگە ئەسەبىيلەرچە هۇجۇم قىلدى، لەك مىڭ لەك مىڭ (مىڭلاپ ـ مىڭلاپ) لەشكەر ئۇنىڭ قولىدا جان تەسلىم ئەيلىدى. ئۇچىنچى كۈنى ئاخشىمى جولۇ لەشكەرلىرى يەنە ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. ئۇلار ئوت- قاشنىڭ يورۇقىدا بارگاهقا قېچىپ كېلىۋالدى ۋە دەتالاش قىلىش- تى:

ئاجۇناغا كىم تەڭ كېلەلەيتتى؟ ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئەجەبلەنگۈلۈكمۇ؟

شۇ كۈنى ئاجۇنانىڭ باتۇرلۇقى كىشىلەرنى هەيران قالدۇر- دى.

تۆتىنچى كۈنى بۇجۇن خۇددى ئىنشورا ئۇچقۇر تاغ بىلەن جەڭ قىلغاندەك جەڭ قىلدى. ئەينى چاغدا ئىنشورا ئۇچقۇر تاغنىڭ قانىتىنى چېپىۋەتكەنىدى. شۇڭا هازىر تاغ ئورنىدىن قوزغالماي تۇردى. جەڭگاهتا پىلنىڭ ئۆلۈكلىرى تاغدەك دۆۋى- لىنىپ كەتتى. قېچىپ كېتىۋاتقان پىللار سانسىزلىغان لەشكەر- لەرنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇنداق قىلىپ جولۇ قوۋمىدىكى- لەرنىڭ قوشۇنلىرى زور تالاپەتكە ئۇچرىدى. نەندى پۈتۈن لەش- كەرلەرگە بۇبۇنغا هۇجۇم قىلىڭلار دەپ پەرمان چۈشۈردى. ئەمما بۇجۇن تاغدەك مۇستەهكەم، تەۋرەنمەي تۇردى. بۇ چاغدا بەندۇ- نىڭ لەشكەرلىرىمۇ ياردەمگە كەلدى. نەندى ئاتقان ئوقلارنىڭ بەزىلىرى بۇجۇننىڭ كۆكرىكىگە تەگدى. بۇجۇن لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ جەڭ هارۋىسىغا

چىقتى.

— غەمنى تۈگىتىش كېرەك. ھازىر ناھايىتى ياخشى چاغ، — دېدى بوجۇن ھارۋىكەشكە، — مەن ھازىر پادىشاھ چىگونىڭ نۇرغۇن شاھزادىلىرىنى كۆردۈم، مەن ئۇلارنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن. چۇلغۇۋرىنى مەھكەم تۇتۇپ، ھارۋىنى ئالدى تەرەپكە ھەيدە. مەن ئۇ رەزگى ئەبلەخلەرنى جەھەننەمگە يوللىۋېتەي.

شۇ كۈنى نەندىنىڭ سەككىز قېرىندىشى بوجۇننىڭ قولىدا ئۆلدى. نەندىمۇ ساۋۇت كىيىپ، دۇبۇلغا تاقىۋالمىغان بولسا بوجۇننىڭ قولىدا جان بەرگەن بولاتتى. نەندى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. نەندى ئاتقان ئوق بوجۇن ئاتقان ئوقنى سۇندۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىسلىق ئوقنى نەندىگە ئېتىۋىدى، نەندىنىڭ ياسىغا تېگىپ، يانى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. ئەمما نەندى بولدى قىلماي يەنە بوجۇنغا ئوق ئاتتى، ئوق بوجۇننىڭ مەيدىسىگە تەگدى. شىددەت بىلەن تەگكەن ئوق زەربىسىدىن بوجۇن ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى ۋە كېيىن ھارۋىدا ئولتۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا بەندۇنىڭ لەشكەرلىرى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقىقا قارىماي نەندىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. پىڭشوۋ ئاتىسىنىڭ يارىلىنىپ ھارۋىغا يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى. جولۇ لەشكەرلىرىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ باردى. جولۇ لەشكەرلىرى بۇنداق شىددەتلىك ھۇجۇمنى دەماللىققا توسۇيالمايدىغاندەك قىلاتتى.

— بىز بۈگۈن لۇسا بىلەن ئۇرۇشمايلى. — ۋىسىۋەكەرمە دېلورۇناغا، — بىزنىڭ سانغۇن - سەرۋازلىرىمىز ھېرىپ ھالدىن كەتتى، ھازىر كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى، لوشانىڭ كۈچى كەچ بولغانسېرى ئاشىدۇ، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئەتە كۈچ سىنىشايلى.

پېشقەدەم قەبىلە باشلىقى ئۇرۇش توختىتىپ بارگاھقا قاي-

تىڭلار دەپ پەرمان قىلدى. نەندى بارگاھدا يىغلىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەنىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرى جەڭ-دە ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

— ئاھ، چەشىن! — دەپ ۋارقىرىدى پادىشاھ چىگو، — سەن ماڭا ھەر كۈنى شۇم خەۋەر ئەكېلىسەن، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئازابلايدىغان گەپلەرنى قىلىسەن، ھەمىشە مەغلۇپ بولدۇق، قې-رىنداشلىرىمىز ئۆلدى، دەيسەن. بۇنداق گەپلەرنى ئەمدى قىلما، ئاڭلار قۇلىقىم يوق. بىز قانداق جەڭ قىلساق ئاندىن ئادەملىرى-مىزنى قۇتۇلدۇرالايمىز؟ غەلىبە قىلالايمىز؟ مەن راستىتىنلا قات-تىق قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. قارىغاندا تەقدىر ئادەمدىن قابىل ئوخشايدۇ.

— ئالىيلىرى، — دېدى جاۋابەن چەشىن، — بۇ پۈتۈنلەي سىزنىڭ نادانلىقىڭىزدىن بولدىغۇ؟! ئەمدى ھەسرەت چەككەننىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن سىزگە نېمىدەپ يالغان خۇش خەۋەر يەتكۈزد-



مەن؟ قەيسەررەك بولۇڭ، راست خەۋەرگە قۇلاق سېلىڭ.

ياشىنىپ قالغان ئەما پادىشاھ چوڭقۇر ھەسرەتلىك خىيال قاينىمىغا پاتتى.

جەڭ تۆتىنچى كۈنى ئاخشىمى توختىدى. نەندىن ئۆزى يالغۇز ۋىسىۋەكەرمەنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن دېدى:

— ئاقساقال، ھەممە ئادەم سىزنىڭ جەڭ - ئۇرۇشتىن قورقمايدىغان باتۇر جەڭچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىدۇ. ئوخشاشلا دېرونا، زىلىن، مايون، چىنكەي، شەنچاۋ، گونشىن، چىئىر ۋە فوشوۋلارمۇ سىزگە ئوخشاش نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم سانغۇنلار بولۇپ، ئۇلار ئۆلۈمدىن زىنھار قورقمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ جاسارىتى چەكسىز، ئۇلارنى سىزگە ئوخشاش جاسارەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بىرلىشىپ سىلەرگە ھۇجۇم قىلغان تەقدىردىمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ھەرقانداق بىرىڭلارنى يېڭەلمەيدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈنكىن بىز ھەر كۈنى كوڭدى خانىشىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولۇۋاتىمىزغۇ؟

ۋىسىۋەكەرمە جاۋابەن دېدى:

— ۋەلىئەھدىم، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن ھەر قېتىم پۇرسەت بولسىلا سىزگە قانداق قىلسا پايدىلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سەمىمىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلىپ تۇردۇم، ئەمما سىز نەسىھەتىمگە قۇلاق سالمىدىڭىز. ھېلىھەم سىزگە دەيدىغان نەسىھەتىم شۇكى، سىز ئەڭ ياخشىسى بەندۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن يارىشىپ قېلىڭ. بۇ ئۆزىڭىز ئۈچۈن، پۈتۈن جاھان ئۈچۈن بىردىنبىر چىقىش يولى. سىلەر ئوخشاش جەمەتكە تەۋە. راھەت - پاراغەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولساڭلار بولىدۇ. مەن سىزگە بۇرۇنلا شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلغان بولساممۇ، ئەمما ئاڭلىمىدىڭىز. ئەكسىچە ئادالەتسىزلىك قىلىپ بەندۇ نەسەبىدى-



كىلەرگە قارشى تۇردىڭىز. مانا ئەمدى ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىش
تاپتىڭىز. بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنى قارا ئىلاھ ئۆزى ھىماتىغا ئال-
غان، ئىش شۇنداق تۇرسا سىزنىڭ غەلىبە قىلىشىڭىز خام خيال
بولمامدۇ؟ ئۇلار بىلەن ھازىر ئەپلىشىپ قالساڭلارمۇ كېچىكمەي-
سىلەر. سىز قابىل نەۋرە قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن دۇشمەنلەش-
مەستىن، دوست بولۇش — دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولىدۇر.
مۇبادا سىز ئاجۇنا بىلەن قارا ئىلاھنى خورلىسىڭىز يەنە ھالاك
بولۇشىڭىز تۇرغانلار گەپ، چۈنكى ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەر
ئەمەس، نالە ئىلاھى بىلەن نالەيەن ئىلاھىنىڭ ئوبرازى.
نەندى ئاقساقال بىلەن خوشلىشىپ قايتتى. كېچىچە كۆزىگە
ئۇيقۇ ئىلىنمىدى.
چوڭ ئۇرۇشنىڭ ئالتىنچى كۈنى مىنگان پادىشاھ جەنجىنىڭ
پەرمانىغا ئاساسەن، بەندۇنىڭ لەشكەرلىرىنى غەلىتە بېلىق[1] ھا-
لىتىدە رەتكە تىزدى. جولۇنىڭ لەشكەرلىرى چېۋىن شەكلىدە
رەتكە تىزىلدى. بۇ جەڭگە نۇرغۇن نام قويۇلدى، جەڭ ئەھۋالىغا
قاراپ بۇ ئىسىملار تاللىنىدىغان بولدى.
ئالتىنچى كۈنى ئەتىگەندە قاتتىق قىرغىنچىلىق باشلاندى.
دېرونانىڭ ھارۋىكىشى جەڭدە ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ھارۋىنى
دېرونا ئۆزى ھەيدىدى. ئادىتى بويىچە ئوق ئاتتى، ئوق تەگكەنلا
ئادەمنىڭ جېنىنى ئالدى، ھايال ئۆتمەي ھەرئىككىلا تەرەپ پاتىپا-
راق بولۇپ كېتىشتى، بىر - بىرىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم
قىلىشتى، قان دەريا بولۇپ ئاقتى، جەسەت سايىنىڭ تېشىدەك
يېتىشىپ كەتتى، جەڭگاھنىڭ ھەممە يېرىدە لەشكەرلەرنىڭ جە-
سەتلىرى، ئات، پىللارنىڭ تاپلىرى ۋە كاردىن چىققان ھارۋىلار
ياتاتتى.
بۇجۇن دۇشمەن ئىستىھكامىغا بۆسۈپ كىرىپ، نەندىنىڭ
قېرىنداشلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىل-

---

① رىۋايەتلەردىكى مۇڭگۇزلۇك غەلىتە بېلىق.

ماقچى بولدى. ئۇلار بۇجۇننىڭ ئىزدىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۆزلىرى ئۇنى ئوراپ كېلىشتى. نەنجان، نەنجوي، ئېيى، چىنشىن، شىنجۇن، چىئېر، خۇاجۇن، شەنجەن، مېيخۇي، مەياۋكەي، ئېئېر قاتارلىقلار بىرلىشىپ بۇجۇنغا ھۇجۇم قىلدى. بۇجۇن قورقۇش دېگەنلىرىنى ئەزەلدىن بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇلار بىلەن ئۆزى تەنها ئېلىشتى. ئۇلار بۇجۇننى ئەسىر ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بۇجۇن بولسا ئۇلارنى نەق مەيداندىلا ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلايتتى. ئۇرۇش قاتتىق ئەۋجىگە چىقتى. خۇددى قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەرش ئىلاھلىرى بىلەن ئاشۇرۇ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغاندەك قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بىر دىنلا بەندۇنىڭ ئوغلىنىڭ سەۋرى قاچىسى تاشتى - دە، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تۆمۈر لومنى ئېلىپ چىگوننىڭ ئوغۇللىرىغا قاراپ ئېتىلىپ باردى ۋە ئۇلارنى تۆمۈر لوم بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى.

مىنگان بۇجۇننىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ دۈشمەن ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە بۇجۇن مەغلۇپ بولۇپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى. ئۇ بۇجۇننىڭ ھارۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىۋىدى، ھارۋىنىڭ قۇرۇق تۇرغانلىقىنى، بۇجۇننىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە ھارۋىكەشتىن سورىدى:

— چويۇۋ، بىزنىڭ جېنىمىزدىنمۇ ئەزىز بولغان بۇجۇن قەيەرگە كەتكەندۇ؟

مىنگان بۇجۇن تالاپەتكە يولۇققان ئوخشايدۇ دەپ قالدى.

چويۇۋ تەۋەززۇ بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن پادىشاھ مۇجۇننىڭ ئوغلىغا دېدى:

— بەندۇننىڭ ئوغلى مېنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇپلا لوم تۆمۈرنى ئېلىپ، دۈشمەن لەشكەرلىرىگە قاراپ ئوقتەك يۈرۈپ

كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ماقۇل دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

مىنگان بۇجۇننى دۈشمەن قورشاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ، بۇجۇن ماڭغان جەسەتلەر ئارىسىدىكى يولنى بويلاپ ماڭدى، ئۇ هارىۋىنى شىددەت بىلەن هەيدەپ دۈشمەن قورغىنىغا بۆسۈپ كىردى. مىنگان ئاخىر بۇجۇننى تاپتى، بۇجۇننىڭ تۆت ئەتراپىنى دۈشمەن قورشىۋالغانىدى. دۈشمەن هارۋا ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئەمما بۇجۇن بولسا لوم تۆمۈر بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدەنلىرى يارىلانغانىدى. شۇ ئەسنادا مىنگان ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتتى - دە، ئۆزىنىڭ هارۋىسىغا چىقىرىپ، بەدەنلىرىدىكى ئوقلارنى يۇلۇپ ئالدى.

بۈگۈن ئۇرۇش قاتتىق مالىمانچىلىقتا ئۆتتى ۋە توختىماي قىرغىنچىلىق بولدى. بىر قېتىم بۇجۇن نەندىنىڭ ئىككى ئىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن بىر - بىرىنى تىللاشتى. ئاندىن ئوق ئېتىشىپ ئۇرۇشتى. نەندىگە ئوق تېگىپ هارۋا ئۈستىدە يىقىلدى. مېهرىبان ئۇستاز چاققانلىق بىلەن خەتەردىن قۇتۇلدى ۋە نەندىنى هارۋىسىغا چىقىرىپ ئېلىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ۋىسىۋەكەرمەنى لەشكەر باشلاپ يېتىپ كەلدى ۋە بەندۇنىڭ لەشكەرلىرىگە هۇجۇم قىلىپ، بەندۇنىڭ لەشكەرلىرىنى تارقىتىۋەتتى. كۈن ئولتۇرغان بولسىمۇ ئۇرۇش يەنە بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە داۋاملاشتى. بۈگۈنكى ئۇرۇش قاتتىق شىددەتلىك بولغاچقا يەنە لەكمىڭ لەكمىڭ سانغۇن، سەرۋازلار ئۆلدى.

نەندىنىڭ پۈتۈن بەدىنى يارىلانغاچقا قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ ۋىسىۋەكەرمەنى كۆرۈپ دېدى:

— ئۇرۇشتا هەر كۈنى يېڭىلىش، يېڭىش بولۇپ تۇرىدۇ، بىز يېڭىلدۇق، لەشكەرلىرىمىزنىڭ زور قىسمى جەڭدە ئۆلۈپ كەتتى.

ئاقساقال شېرىن سۆزلەر بىلەن نەندىگە تەسەللى بېرىپ:



— سەن نېمىشقا بۇنچە پەرىشان يۈرۈيسەن؟ بىز ھەممىمىز ناھايىتى ساغلام تۇرۇۋاتىمىزغۇ، دېرونا، سالىيە، چېنكام، ما- يۇن، چىئېر، پوشۇل، ساھۇنى، ئەپەندى دۆلىتىدىكى ئىككى قېرىنداش، سانىش دۆلىتىنىڭ پادىشاھى، موشېفو دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ۋە مېھرىبان ئۇستازلارنىڭ ھەممىسى ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىدىغۇ. بۇ سانغۇنلارنىڭ ھەممىسى سەن ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى، شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن نېمىشقا بۇنچە چۈش- كۈنلىشىسەن، ئۇنداق چۈشكۈنلەشمەي قەددىڭنى رۇسلا، — دېدى.

ۋىسىۋەكەرمە نەندىگە يۇقىرىقىدەك گەپلەر بىلەن تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يارىنى داۋالايدىغان خۇشبۇي مەلھەم- نى بەردى. نەندى بۇ خۇشبۇي مەلھەمنى يارىسىغا سۈرتكەندىن كېيىن پۇتۇن بەدىنى يېنىكلەپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. قېرى ئەۋلىيانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەسەللىسى ئۇنىڭغا قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، جەڭ مەيدانىغا يېڭىۋاشتىن يۈرۈش قىلدى. بۇ كۈنى ئۇلار يۇمىلاق شەكىللىك سەپ تۈزدى، ھەربىر پىلغا يەتتە جەڭ هارۋىسى ياندىشتۇرۇپ، ھەربىر جەڭ هارۋىسىغا يەتتە چەۋەنداز ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چەۋەندازلارغا ئون نەپەر ئوقياچى سەپلەپ بېرىلدى، ئوقياچىلارنىڭ ئەتراپىنى ئون نەپەر سۇپەرچى قوغداپ تۇردى، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىگە دۇبۇلغا قويىاق كىي- دۈرۈلدى.

نەندى بۇ زور ھەم خىل قوراللانغان قوشۇننىڭ مەركىزىدە ئەرش ئىلاھى ئىندىراغا ئوخشاش مەزمۇت تۇراتتى.

جەنجەن خان بەندۇ قوشۇنلىرىدىن ۋاجرا سېپى تۈزدى. بۇگۈنكى جەڭمۇ خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ناھايىتى دەھشەتلىك بولدى. ۋىسىۋەكەرمە شەخسەن ئۆزى ئاجۇنانىڭ ھوجۇمىغا تاقا- بىل تۇردى. دېرونا بىلەن ۋىستورو يەنە بىر جەڭگاھتا تۇتۇشتى. شۇفا بىلەن مايۇڭ يەنە بىر جەڭ مەيدانىدا شىددەت بىلەن ئېلىش-

تى. نەندى بىلەن مىنگان يەنە بىر جايدا قاتتىق ئېلىشتى. ۋۇجوڭ بىلەن شېتەن ئۆز تاغىسى سالىيا بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. ئەپەندى دۆلىتىدىكى ئىككى قېرىنداش جەنفېنغا تاقابىل تۇردى. بۇجۇن ئۆزى يالغۇز چېمكام، خۇاجۇن، چىئېر ۋە نانجى بىلەن ئېلىشتى. بۇنىڭدىن باشقا پىڭشۇ بىلەن فۇشۇ، جاڭشېن بىلەن شەنجەن، گۇاڭشېڭ بىلەن يوڭچى، جەنجەن خان بىلەن ۋېنشۇ، شىيەنگۇاڭ بىلەن مېھرىبان ئۇستازلارمۇ بىر - بىرسى بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلىدى.

ۋېستورو دېروناغا تەڭ كېلەلمەي، ئات، هارۋا ۋە مۇهاپىزەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئامالسىز ئوغلى سانكارنىڭ جەڭ هارۋىسىغا چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ۋېستورونىڭ باشقا ئىككى ئوغلى يودۇل بىلەن بانجىن، ئۇرۇشنىڭ تۇنجى كۈنىلا قۇربان بولغانىدى. يەتتىنچى كۈنگە كەلگەندە، يەنى ۋىستورو سانكارنىڭ هارۋىسىغا چىققان چاغدا ئۇمۇ قۇربان بولدى. مۇجۇ پادىشاھنىڭ ئوغلى شۇفا مايوك تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ جەڭ هارۋىسى پاچاقلىنىپ كەتتى. ئۇ بىر قولىدا شەمشەرنى، بىر قولىدا قالقاننى كۆتۈرۈپ هارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشتى، مايۇڭ نەيزىسىنى ئۇنىڭ شەمشىرىگە قارىتىپ ئېتىپ، ئۇنىڭ شەمشىرىنى سۇندۇرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شۇفا سۇنۇق شەمشىرىنى ئوينىتىپ، تەڭداشسىز بىر كۈچ بىلەن مايۇڭغا ئاتقانىدى، لېكىن ئۇنى مايۇڭ ئوق ئېتىپ توسۇۋالدى. شۇفا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ شەنجەننىڭ جەڭ هارۋىسىغا چىقىپ چېكىندى. شەنجەن بىلەن جاڭشېن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا، دەسلەپتە شەنجەن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرغاچقا، جاڭشېن قېچىپ كەتتى.

مىنگان بىلەن نەندى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە نەندىنىڭ ئېتى ئۆلگەچكە، ئۇ ئامالسىز هارۋىدىن چۈشۈپ قىلىچىنى چىقىرىپ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ چاغدا ساھۇنى چاققانلىق بىلەن

ئېتىلىپ كېلىپ بۇ شاھزادىنى ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا چىقىرىپ چېكىندى. چېمكام بۇجۇنگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يېڭەلمەي، ئەكسىچە ئۆزى ئات ۋە ھارۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي ساھۇنىنىڭ ھارۋىسىغا ئېتىلدى، لېكىن ئۇنىڭ تېنىنىڭ ھەممە يېرىگە بۇجۇن ئاتقان ئوقلار قادىلىپ، خۇددى ئورمانلىقتىكى ئوق يەپ قاچقان چوشقىغىلا ئوخشاپ قالدى.

ئەپەندى دۆلىتىدىكى ۋېنتو ۋە ئانۇۋېنتو ئاكا - ئۇكىلار جەنفېن تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىنىپ، پۈتۈن قوشۇنى يىمىرىلدى. فۇشۇ پىڭشۇغا ھۇجۇم قىلىپ، پىڭشۇنىڭ قوشۇنىنى تولۇق يوقاتتى، شۇنداق بولسىمۇ پىڭشۇ يەنىلا ئۆزى يالغۇز باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاقىۋەت ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چۇلۇ قوشۇنى بۇنىڭدىن يەنىلا قاتتىق خۇشال بولدى.

سارىيا ئىككى جىيەنى بىلەن جەڭ قىلدى، ۋۇجۇڭنىڭ ئېتى ئۆلۈپ، ئۆزى شېتەننىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋالدى، ئىككىيلەن بىر ھارۋىدا تۇرۇپ داۋاملىق جەڭ قىلدى. سارىياغا شېتەننىڭ ئوقى تېگىپ، ھارۋىدا ھوشىدىن كەتتى، مۇھاپىزەتچى ھارۋىنى ئۇستىلىق بىلەن ھەيدەپ قېچىپ سارىيانى قۇتقۇزۇۋالدى.

نەندىنىڭ قوشۇنلىرى سارىيانىڭ جەڭگاھتىن چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشتى. مادېرنىڭ ئىككى ئوغلى بۇرغىلىرىنى چېلىشقىنىچە غەلىبە تەنتەنىسى قىلىشىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، سارىيانىڭ قوشۇنىنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى.

چۇشتىن كېيىن جەنجەن خان قوشۇنىنى باشلاپ ۋېنشۇغا ھۇجۇم قىلدى. ۋېنشۇنىڭ ئاتقان ھەربىر تال ئوقى زايا كەتمەيدىتى، ئۇ جەنجەن خان ئاتقان ئوقنى توسۇۋېلىپلا قالماستىن، ئوق ئېتىپ ئۇنىڭ ساۋۇتىنى تېشىۋېتىپ ئۇنى ئېغىر زەخىملەندۈر-

دى. جەنجەن خان بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، شىددەت بىلەن ئوق ئۈزۈپ ۋېنشۇنىڭ كۆكرەك ساۋۇتىنى تېشىۋەتتى. بۇ كۈنى جەنجەن خان تەرسالىشىپ، ناھايىتى قاتتىق غەزەپلىنىپ ۋېنشۇنىڭ خىزمەتكارى ۋە ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ، ۋېنشۇنىڭ جەڭ ھارۋىسىنى پاچاقلىۋېتىپ، ۋېنشۇنى جەڭگاھتىن قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نەندىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ روھى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى.

شيەنگۇاڭ مېھرىبان ئۇستازغا ھۇجۇم قىلىپ، قوغدىغۇچى ۋە جەڭ ھارۋىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇ ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ گۈرزىسى بىلەن مېھرىبان ئۇستازنىڭ قوغدىغۇچىسى بىلەن ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مېھرىبان ئۇستاز ھارۋىدىن چۈشۈپ ئوق ئۈزدى. شيەنگۇاڭغا نۇرغۇن ئوق تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بازغىنىنى پۇلاڭلىتىپ مېھرىبان ئۇستازغا قارىتىپ ئاتتى. لېكىن مېھرىبان ئۇستازنىڭ ئوق ئېتىش ماھارىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولغانلىقتىن، ئوق ئېتىپ ئۇنىڭ گۈرزىسىنى توسۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىيلەن شەمشەرلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يەكمۇيەك ئېلىشىشقا چۈشتى، نەتىجىدە ھەر ئىككىيلەن ئېغىر يارىلىنىپ يەرگە يىقىلدى. بۇ چاغدا بۇجۇن يېتىپ كېلىپ شيەنگۇاڭنى ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا چىقىرىپ ئېلىپ كەتتى. دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ساھۇنى ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىپ مېھرىبان ئۇستازنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەتتى.

جۇلۇ قوۋمىنىڭ باتۇرلىرىدىن بىرى بولغان گۇاڭشېڭ ئېتىلىپ كەلدى، يۈچى ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. يۈچى ئارقا ـ ئارقىدىن 96 تال ئوق ئېتىپ، ھەممىسىنى دېگۇدەك ئۇنىڭ كۆكرەك ساۋۇتىغا تەگكۈزدى، چاچراپ چىققان قانلار ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ يەنىلا يۈچىنىمۇ چېكىندۇردى.

يوڭچىنىڭ ئۈچ قىرىندىشى جىئانغا ھۇجۇم قىلدى، جىئان ئۆلارنىڭ ھەممىسىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمىدى، چۈنكى بۇرۇن بۇجۇن ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچكەنىدى. ئارقىدىن ۋىسىۋەركەرمە ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىپ جىئانغا ھۇجۇم قىلدى.

ئاجۇنا بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قەھرىمان قوغدىغۇچىسىغا:

— قارا ئىلاھ، ھارۋاڭنى تېز ھەيدەپ ۋىسىۋەركەرمەنىڭ يېنىغا بار، — دېدى.

بۇ چاغدا بەندۇنىڭ باشقا بىر ئوغلى ئاجۇنانىڭ يېنىغا كەل-



دى. لېكىن ئاقساقالنىڭ بەش قېرىندىشى تاكى كۆن ئۆلتۈرۈپ جەڭ توختىغۇچە دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاش پىشىمغىچە يېقىملىق كۈيلەر چېلىنىپ، جەڭچىلەر ئارام ئېلىشتى. قەسىدىچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بىر ئاش پىشىم داۋاملاشقان ئۇرۇش ۋە ئۆچمەنلىك ھەققىدە بىرەر ئېغىز سۆز بولۇنمىدى، بۇ خۇددى جەننەتتىكىدەك گۈزەل بىر چاغ بولۇپ، ناھايىتى خۇشال بىر مەنزىرە ھاسىل بولدى.

سەككىزىنچى كۈنى تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا، ۋىسىۋەكەرمە قوشۇنلىرىدىن تاشپاقا شەكىللىك سەپ تۈزدى. جەنجەن خان مىنگانغا:

— ئاۋۇ ياققا قارا، دۈشمەنلەر تاشپاقا شەكىللىك سەپ تۈزۈپتۇ، سەن دەرھال تاشپاقا شەكىللىك سەپنى تارمار قىلالىغۇدەك سەپتىن بىرنى تۈز، — دېدى.

مىنگان ۋەزىپىنى دەرھال ئىجرا قىلىپ، بەندۇ قوشۇنلىرىنى ئۈچ ئاچا شەكىللىك سەپ قىلىپ تۈزدى. ئۈچ ئاچىنىڭ بىرسىگە بۇجۇننى، يەنە بىرسىگە شەنجەننى ئورۇنلاشتۇردى، ئۈچ ئاچىنىڭ مەركىزىدە بولسا جەنجەن خان تۇردى.

بۇ كۈنى ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە بۇجۇن چىگو خاننىڭ سەككىز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. نەندى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولدى. قارىغاندا بۇجۇن شۇ كۈنى ئەينى چاغدا ھاقارەت ۋە خورلۇققا ئۇچرىغاندا قەسىردە قىلغان قەسەمنى ئورۇنلايدىغاندەك قىلاتتى. ئاجۇنا شۇ كۈنى ناھايىتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ئامراق ئوغلى يەنفېڭ جەڭدە قۇربان بولدى. يەنفېڭنى ئۇنىڭ ئەجدەر جەمەتىدىن بولغان ئايالى تۇغقان بولۇپ، ئۇ جولۇ جەڭگاھىغا ئالاھىتەن جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. نەندى ئۆزىنىڭ روشالىق دوستى جاڭشېنىنى ئەجدەر جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بۇ جەڭچىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن يەنفېڭ قۇر-

بان بولدى. ئاجۇنا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ قارا ئىلاھقا:

— ۋېدرو ھەر ئىككى تەرەپ چىداپ تۇرغۇسىز دەرد - ئەلەمگە دۇچار بولىدۇ دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن، بىز بىر - بىرىمىزنى قاچانغىچە قىرغىن قىلىشارمىز؟ بۇ پەقەتلا بايلىق ئۈچۈنلا بولۇۋاتقان ئىشقۇ. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم جەڭدە ئۆلۈپ كەتتى، ئاقىۋەت ئۇلار ياكى بىز غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ خۇشال بولغۇدەك نېمىسى بار! قارا ئىلاھ، مەن جەنجەلنىڭ قارىشىنىڭ نەقەدەر توغرىلىقىنى ئەمدى بىلگەندەك بولۇۋاتىمەن. ئۇ نەندى بىزگە پەقەت بەش كەنتنىلا بېرىپ، قالغانلىرى ئۆزىگە تەۋە بولۇپ تۇرۇۋەرسە قانائەت قىلىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ مۇشۇ شەرتىگىلا قوشۇلساق ئۇ ئۇرۇش قوزغىمايدۇ دېگەنىدى، لېكىن نەندى بەك جاھىلكەن، بەش كەنتنى بېرىشكىمۇ قوشۇلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلا تەرەپ مۇشۇنداق جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. مېنىڭ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشىم باشقىلارنىڭ مېنى توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق، باشقىلارنىڭ ياۋۇزلۇق قىلىشىغا يول قويدى، دەپ ئەيىبلىشىدىن قورققانلىقىمدىن بولۇۋاتىدۇ. مەن قۇربان بولۇپ جەڭگاھتا سۇنايلىنىپ يېتىشقان جەڭچىلەرنى كۆرسەملا يۈرۈكۈم پۇتمەس - تۈگىمەس دەردكە مۇپتىلا بولىمەن. ھەي! بىزنىڭ بۇنداق ۋەھشىيلەرچە تىل بىرىكتۈرۈشىمىز نېمىدېگەن ئىپلاسلىق - ھە!» دېدى.

توققۇزىنچى كۈنى ئەتىگەندە، جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن نەندى ئاقساقال بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. ئۇ ناھايىتىمۇ بەك چېچىلىپ ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ بىمەنە گەپلىرى ئاقساقالنىڭ يۈرىكىگە خۇددى نەشتەردەك سانجىلدى. شۇنداقتىمۇ ئاقساقال ئېغىر - بېسىق كىشى بولغاچقا، قايغۇرغان ھالدا:

— خۇددى نەزىر ئوتىغا سېرىق ماي چاچقاندەك، مەنمۇ ئۆز



ھاياتىمنى ساڭا بېغىشلىدىم، مەن سەن ئۈچۈن شۇنداق ساداقەت كۆرسىتىپ، جان تىكىپ ئىش قىلىپ بېرىۋاتسام، سەن نېمىشقا مېنى ھاقارەتلەيسەن؟ سەن خۇددى ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ھاماقەتلەردەكلا گەپ قىلدىڭ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەم ئۆلگەندە دەرەخمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئالتۇن كۆرۈنەرمىش، سەن ھازىر ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرەلمەيسەن. سېنىڭ كۆزۈڭ تۇتۇلۇپ قاپتۇ، سېنىڭ ئادەتتە تېرىغان ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىڭ ئەمدى مېۋىگە كىرىپ يىغىۋالغۇدەك بوپتۇ. سېنىڭ ھازىرقى ئەڭ توغرا تاللىشىڭ پۈتۈن كۈچۈڭنى ئىشقا سېلىپ جەڭ قىلىش. بۇ سېنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلىدىغان چوڭ يول. ئەگەر سەن مېنى بىر ئايالنى ئۇر دېسەڭ بۇنى مەن قىلالمايمەن، شۇڭا مەن شۇفا بىلەن ھەرگىز جەڭ قىلمايمەن. مەن ھەم بەندۇنىڭ ئوغلىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرەلمەيمەن، چۈنكى مېنىڭ ۋىجدانىم بۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ. مۇشۇ ئىككى ئىشتىن باشقا، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ساڭا قارشى تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق جەڭچى بىلەن جەڭ قىلىشقا رازىمەن. ئۈمىدسىزلەنگەننىڭ پايدىسى يوق، شۇڭا سەنمۇ كىشەترىيىلەرگە خاس ھالدا داۋاملىق كۆرەش قىل. شۇنداق قىلالىساڭلا ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەرەپ يەنىلا ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ» دېدى.

ۋىسىۋەكەرمە نەندىگە بۇ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئاقىلانە ۋە قىزغىنلىق بىلەن نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىپ ئىلھام بەردى ۋە ئارقىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇگۈنكى جەڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

نەندى روھلىنىپ كەتتى. ئۇ نەنجاڭنى تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— قېرىندىشىم، بىز بارلىق كۈچىمىزنى بۈگۈنكى جەڭگە سالايلى، مەن ئاقساقالنىڭ جان - دىلى بىلەن بىز ئۈچۈن جەڭ

قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ پەقەت شۇفاغىلا قورال ئىشلەتمەيدىكەن، شۇڭا بىز چوقۇم ئۇنىڭ شۇفانىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر شىر ھۇجۇم قىلمىسا ياۋا ئىت شىرنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن، ـ دېدى.

ئۇرۇش 10 ـ كۈنگە قەدەم قويدى. ئاجۇنا شۇفانىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ۋىسىۋەكەرمەگە ھۇجۇم قىلدى. شۇفا ئوق ئېتىپ ئاقساقالنىڭ كۆكرىكىگە تەگكۈزدى. شۇڭا ئاقساقالنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا غەزەپ ئوتى پەلەككە يەتتى، بۇ پېشقەدەم سانغۇننىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ئۇچقۇن خۇددى شۇفانى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئاقساقال يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇفا بىلەن



ئېلىشماسلىقنى قارار قىلدى، چۈنكى شۈفا بىر ئايال ئىدى ھەم ئاياللار بىلەن جەڭ قىلىش بىر شەرەپلىك جەڭچى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ مەھشەر كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى. شۈفا داۋاملىق ئوق ئېتىپ رەقىبىنىڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن قىلچىمۇ كارى بولمىدى. بۇ چاغدا ئاجۇنانىڭمۇ جەھلى قېتىپ، شۈفانىڭ ئارقىسىدىن ۋەسىۋەركەمەنىڭ ساۋۇتىنىڭ ئاجىز يېرىنى نىشانلاپ، ئاقساقال مىدىرلىماي ئۆرە تۇرغان پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئوق ئۈزدى.

بەدىنىگە شۇنچە كۆپ ئوق تەگكەن بولسىمۇ ۋىسىۋەركەرمە كۈلۈپ تۇرۇپ، نەنجاڭغا:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاجۇنانىڭ ئوقى، ھەرگىزمۇ شۈفا ئاتقان ئوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشى بالا قىسقۇچ پاقىنىڭ ئانىسىنىڭ تېنىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئانىسىنىڭ كۆكرىكىنى يارغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش، — دېدى.

ئاقسال ئۆزىنىڭ ئامراق شاگىرتىنىڭ بەدىنىدىكى ئوققا قارىغىنىچە بىر تەرەپتىن نەنجاڭغا گەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر دانە خەنجەرنى ئاجۇناغا قارىتىپ ئاتتى. ئاجۇنا ئارقا- ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىپ خەنجەرنى پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋىسىۋەركەرمە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ بىر قولىغا شەمشىرىنى، بىر قولىغا قالقىنىنى ئېلىپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئۇنىڭ قالقىنىغا ئاجۇنانىڭ ئوقى تېگىپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ۋىسىۋەكەرمەنىڭ بەدىنىدىن ئوق تەگمىگەن يەر قالماي ھارۋىسىدىن خۇددى ئۆرۈلگەن دەرەختەك يىقىلىپ چۈشتى. ئاقساقال يىقىلغان ھامان بۇلۇتلار ئۈستىدە جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈردى، مەيىن شامال

يەر يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى، يامغۇر تامچىلىرى جەڭ مەيدانىغا تامچىلىدى.

كۆكتىن چۈشكەن گانگى دەرياسى شىددەتلىك ئۆركەشلەپ زېمىن ۋە زېمىن بېقىۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنى پاك ـ پاكىز تازىلىدى. گانگى دەرياسى ئىلاھەسىنىڭ ئوغلى، ئۇلۇغ ۋە مېھرىـ بان ۋىسىۋەركەرمە مۇشۇنداق يىقىلدى. ھېچنېمىدىن قورقمايدىـ غان بۇ قەھرىمان بۇرۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئاتىسى فۇشېن خاننى خۇشاللىققا ئېرىشتۈرگەن؛ تەڭداشسىز بۇ مەرگەن بۇرۇن پالتىلىق رەمەنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغان؛ خالىس ھالدا ھەققانىيەتنى ياقىلايدىغان بۇ كىشى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق نەندىگە بولغان قەرزىنى ئادا قىلدى. ئۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغاچـ قا، جەڭگاھتا يېتىپ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن جەڭگاھنى تازىلىدى. قېرى ئاقساقالنىڭ يىقىلىشى بىلەن جولۇ قوۋمىدىكىـ لەرنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ۋىسىۋەركەرمەنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئوق سانجىلىق بولغاچقا تېنى يەرگە تەگمىدى. ئۇنىڭ تېنىدىن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىـ غان نۇرلار چاچراپ، خۇددى بىر نۇرلۇق كارىۋات ئۈستىدە ياتقاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوقتىن ياسالغان كارىۋات ئۈستىدە ياتاتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بۇ چاغدا جەڭنى توختاتتى، بارلىق سانغۇنلار كېلىپ بۇ ئوق كارىۋىتى ئۈستىدە ياتقان ئۇلۇغ قەھرىماننى ئورىۋېلىشتى. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى خانلار ۋىسىۋەركەرمەنى خۇددى ئىلاھلار جەننەتنى چۆرىدەپ تۇـ رۇشقاندەك ئېھتىرام بىلەن چۆرىدەپ تۇرۇشتى.

— يۆلەنگۈدەك بىر نەرسە يوق بېشىم قېيىپ كېتىدـ ۋاتىدۇ — دېدى ئاقساقال. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشقان شاھزادىلەر دەرھال بىرنەچچە ياستۇق كەلتۈرۈشتى، ئاقساقال كۈلۈپ تۇرۇپ بۇ ياستۇقلارنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاجۇناغا: ئاجۇنا، ئوبدان بالام، ماڭا جەڭچىلەرگە ماس كېلىدىغان ياستۇقتىن بىرـ

نى ئەپكېلىپ بەر، — دېدى.
تېخى بايىلار ئۆتكۈر ئوقى بىلەن ئاقساقالنى ئاتقان ئاجۇنا، ئاقساقالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سادىقىدىن ئۈچ تال ئوق ئېلىپ يەرگە چوقۇدى ـ دە، قېرى ئاقساقالنىڭ بېشىنى ئۈچ تال ئوقنىڭ باشقىغا قويدى.
ۋىسىۋەركەرمە ئەتراپىدىكى سانغۇنلارغا قاراپ:
— شاھزادىلەر ماڭا ياستۇق قىلىشقا پەقەت ئاجۇنانىڭ ئوقىلا يارايدۇ، بۇ ياستۇقتىن ئىنتايىن رازى بولدۇم. مەن تاكى قۇياش شىمالغا ئۆتكۈچە مۇشۇنداق ياتىمەن، پەقەت شۇندىلا مېنىڭ روھىم ئاندىن مەندىن ئايرىلىدۇ. مەن ۋاپات بولغاندا ئاراڭلاردىن ھايات قالغۇچىلار كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشسەڭلار بولىدۇ، — دېدى.
ئاقساقال يەنە ئاجۇناغا قايرىلىپ قاراپ:
— بەك ئۇسساپ كەتتىم ئازراق سۇ بەرگىن، — دېدى.
ئاجۇنا دەرھال كىرىچنى تولۇق تارتىپ، ئاقساقالنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يەرگە قارىتىپ ئاتتى. ئوق تەگكەن يەردىن شۇ ھامان بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ، جان تالىشىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ لېۋىگە چۈشتى. قەسىدىچىلەر بۇنى:
— گانگى دەرياسىنىڭ ئىلاھەسى چىقىپ ئامراق ئوغلىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى — دېيىشتى.
ۋىسىۋەكەرمە سۇنى ئىچكەندىن كېيىن خېلى راھەتلەنگەندەك بولۇپ قالدى.
ئۇ جولۇ قۇۋمىنىڭ شاھزادىسىگە:
— نەندى سېنىڭ چۈشىنىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن، ئاجۇنانىڭ قانداق قىلىپ مېنىڭ تەشنالىقىمنى باسقانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئويلاپ باققىن، بۇ ئالەمدە يەنە ئۇنىڭدىن باشقا كىم مۇشۇنداق قىلالايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تېز يارىشىپ قال، مېنىڭ ئۆلۈمىم بىلەن بۇ ئۇرۇشنىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلى-

مەن. بالام گېپىمنى ئاڭلاپ، بەندۇ نەسەبىدىكىلەر بىلەن تىنچ ئۆتۇڭلار، ـ دېدى.

نەندى ئاقساقالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خاپا بولدى. ئۆلۈم بې-شىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ناندى دورا ئىچىشنى خالىمايۋاتات-تى.



شاھزادىلەر ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھلىرىغا قايتىشىپ ئارام ئې-
لىشتى.
كارنا ۋىسىۋەركەرمەنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىق خەۋ-
رىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كېلىپ،
ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:
— قوۋم بېگى، لوتونىڭ ئوغلىنىڭ سىزنى قەستەن خاپا
قىلغۇسى يوق ئىدى، مانا ئەمدى ئۇ ئالدىڭىزدا تىز چۆكۈپ
ئولتۇرۇپ سىزدىن گۇناھىنى تىلەۋاتىدۇ، — دېدى.
كارنا كەمتەرلىك بىلەن ئاقساقالغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن
كېيىن، قېرى قوۋم ئاقساقىلى بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ
قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،
ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى ۋە ئارقىدىن يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن:
— يىگىت، سەن لوتونىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى كۈنتىنىڭ
ئوغلى. بۇنى ماڭا ئالەمنىڭ ھەممە سىرلىرىنى بىلىدىغان ئەۋلىيا
لوتو ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ بەرگەن. قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى،
مەن سېنى ياخشى كۆرمەيمەن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ھېچقانداق
سەۋەبسىزلا بەندۇ قوۋمىغا ئۆچمەنلىك قىلىشىڭ كۆڭلۈمنى بەك
يېرىم قىلىدى. مەن سېنىڭ باتۇرلۇقىڭنى ۋە مەردلىكىڭنى ئوبدان
بىلىمەن، ھەۋەس قىلىمەن. مەن يەنە سېنىڭ ماھارىتىڭنىڭ
ئاجۇنا ۋە قارا ئىلاھ بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلى-
مەن. سەن ئەسلىدە بەندۇ قوۋمى بىلەن دوستانە ئۆتسەڭ ياخشى
بولاتتى، بۇ سېنىڭ توغرا يولۇڭ بولاتتى، چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ
ئاكىسى. مېنىڭ بۇ ئۇرۇشتىكى پائالىيەتلىرىم تۈگىدى. سېنىڭ
ئۆچمەنلىكىڭنىڭمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىشىنى ئۈمىد قىلىمەن،
كارنا مېنىڭ ئۈمىدىم پەقەت مۇشۇ — دېدى.
كارنا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئېھتىرام بىلەن ئاڭلىغاندىن كې-
يىن:
— ئاقساقال، مەن ئۆزۈمنىڭ ھارۋىكەشنىڭ ئوغلى ئەمەس،

گۆڭدىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن. لېكىن مەن نەندىنىڭ ئاش - تۆزىنى يەپ چوڭ بولدۇم، شۇڭا ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر سادىق بولۇشۇم، ئارا يولدا ئاسىيلىق قىلماسلىقىم كېرەك. مېنى هازىرلا بەندۇ قوۋمىغا قايتىپ كەل دېسىڭىز، بۇنى مەن قىلالمايمەن. مېنىڭ نەندىگە زۆرۈر بولغان پەيتتە ئۆز هاياتىم بىلەن نەندۇنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچىگە جاۋاب قايتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ، مەن گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتتە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۇم، شۇنداقتىمۇ سىز مېنى كەچۈرۈپ، ماڭا بەخت تىلەڭ، — دېدى جاۋابەن.

بۇ ئۇلۇغ ئۇستاز ھەققانىيەتنىڭ قائىدە - مىزانلىرىنى تو-لۇق بىلەتتى، ئۇ كارنانىڭ سۆزىنى ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە ئۆزۈڭنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە قىل، شۇنداق قى-لىشىڭ يوللۇق، — دېدى.

ۋىسىۋەركەرمە يارلىنىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئۇ-رۇش يەنىلا توختىمىدى. جولۇ قوۋمىدىكىلەر قېرى قوۋم بېگى-نىڭ ئاقىلانە نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرد-ۋەردى.

ۋىسىۋەكەرمەنىڭ قوماندانلىقىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا جولۇ قوۋمىدىكىلەرنىڭ زور قوشۇنى خۇددى سەركىسىدىن ئايرىلىپ قالغان پادىدەك بولۇپ قالدى. دەرۋەقە ۋىسىۋەكەرمە يارىلىنىپ يىقىلغاندا جولۇ قوۋمىدىكىلەر:

— كارنا بىزگە ئەمدى سەن رەھبەرلىك قىلىپ، بىزنى قوغدىمىساڭ بولمىدى — دەپ ۋارقىراشتى.

جولۇ قوۋمىدىكى سەركەردىلەر پەقەت كارنالا قوماندانلىق قىلسا جەڭدە غەلىبە قىلىشىمىزدا مەسىلە يوق دەپ قاراشتى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدە ۋىسىۋەركەرمە قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇش قىلغاندا، قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى كارنا قاتناشمىغان-دى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئاقساقالنىڭ ئۆزىنى تىللىغانلىقىغا خاپا

بولغاچقا، بۇرۇن: «ئەگەر سەنلا ئۇرۇش قىلىدىكەنسەن، مەن قاتناشمايمەن. ئەگەر سەن بەندۇنىڭ بەش ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، نەندىنى يېڭىۋالالىساڭ ياخشى، مەنمۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، شاھىمىز بىلەن خوشلىشىپ ئورمانلىققا كېتىمەن. لېكىن سەن ئۇرۇشتا ئۆلۈپ ئۇ ئالەمگە كەتسەڭ ئۇ ھالدا مەن، سەن ھارۋا ئاتلىقلار سانغۇنى بولالمايدۇ دەپ قارىغان ئادەم مەن، جەڭ ھار-ۋامغا چىقىپ، قابىلىيىتىنى مەندىن يۇقىرى دەپ قارىغان ئادەم-لىرىڭ بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، نەندىنى غەلىبە-گە ئېرىشتۈرىمەن» دېگەنىدى.

كارنا قەسەم قىلغاندىن كېيىن نەندىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئالدىنقى ئون كۈندىكى ئۇرۇشقا قاتناشمىدى. مانا ئەمدى ۋىسىد-ۋەركەرمە ئوق كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشى-نى كۈتۈۋاتقان، پۈتۈن قوشۇن كارنانى چاقىرىۋاتقان پەيتتە، ئۇ پىيادە ھالدا ۋىسىۋەكەرمەنىڭ يېنىغا كېلىپ، يەنە بىر قېتىم ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— پالتىلىق رەمەنى يەڭگەن سەركەردە، سەن ھازىر شۇپا تەرىپىدىن يارىلىنىپ جەڭ مەيدانىدا يىقىلىپ يېتىپسەن. سەن پاكلىقنىڭ سىمۋولى، پاك تۇرمۇشنىڭ ئۈلگىسى. سەنمۇ يارىلى-نىپ مۇشۇنداق ياتقانغا قارىغاندا، بۇ ئالەمدە ھېچقانداق كىشى ئۆزىنىڭ تۆھپىسىگە چۇشلۇق نەرسىگە ئىگە بولالمايدىكەن. سەن جولۇ قوۋمىدىكىلەرنى قېيىنچىلىقتىن ئۆتكۈزىدىغان كېمە ئىدى-ڭ. بۇنىڭدىن كېيىن بەندۇ قوۋمىنىڭ جولۇ قوۋمىغا بېرىدى-غان زەربىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىدە ئۇ-لارنىڭ تارتىدىغان ئازاب - ئوقۇبىتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، خۇددى كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ئورمانلىقنى ئۆرتەپ تۈپتۈز قىلىۋەتكەنى-دەك، ئاجۇنا بىلەن قارا ئىلاھ جولۇ قوشۇنىنى چوقۇم گۇمران قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ مۇقەررەر نەتىجە. سېنىڭ مېھرىبان كۆزلى-رىڭ بىلەن ماڭا قاراپ، ماڭا بەخت تىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن،

چۈنكى مەن پۈتۈن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپ-شۇرۇۋالدىم، — دېدى.

ۋىسىۋەكەرمە كارنارغا بەخت تىلەپ:

— ئەگەر ئۇرۇقنى مۇنبەت تۇپراققا تېرىساڭ يامغۇر ياغقان هامانلا ئۈنۈپ چىقىدۇ، ساڭا مەڭگۈ ئىشىنىشكە بولىدۇ، سەن مەڭگۈ ساداقەتمەن. سەن نەندى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ نەندىنى قوغدا. سەن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۈچۈن گانپۇسايلارنى بويسۇندۇرغان، هىمالايا تېغىدا قويۇندەك چېپىپ يۈرىدىغان بەدىۋلەرنى مەغلۇپ قىلغان، تاغلىق ياۋايىلارنى تارمار قىلغانىدىڭ، سەن شۇنداق جەڭ قىلىپ، سانسىز ئەجر - تۆهپە كۆرسەتتىڭ. سەن جولۇ قوشۇنىنى ئۆزۈڭنىڭ بايلىقى هېسابلاپ، ئۇنى ئوبدان قوغداپ، ئوبدان قوماندانلىق قىل، غەلىبە قىلىشىڭغا تىلەكداشمەن، ساڭا ئامەت يار بولغاي، دۈشمەنلىرىڭ بىلەن جەڭ قىلىۋەر، — دېدى.

ئاقساقال كارناغا بەخت تىلىگەندىن كېيىن، كارنا جەڭ هارۋىسىغا چىقىپ جەڭگاهقا يۈرۈپ كەتتى. باتۇر كارنا جەڭ هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ جەڭگاهقا كىرگەندە، نەندىنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنى يەنە پارلاپ، ۋىسىۋەكەرمەدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىكى ئازابى سەل يەڭگىللىگەندەك بولدى. نەندى بىلەن كارنا كىمنىڭ قوشۇننىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى بولۇشى هەققىدە مەسلى-هەتلەشتى. كارنا:

— بىزنىڭ بۇ تەرەپتىكى هەرقانداق بىر قوۋمنىڭ سەركەر-دىلىرىنىڭ قايسىسىلا بولمىسا پۈتۈن قوشۇننىڭ ئەڭ ئالىي قوماند-دانلىقىغا ماس كېلىدۇ، ئۇلار باتۇرلۇق، قەيسەرلىك، جەڭ تۆهپىسى، ئۇرۇش تاكتىكىسى، قەهرىمانلىق، يۈرەكلىك، ئائىد-لە كېلىپ چىقىشى ۋە ئەقىل - پاراسەت جەهەتتە ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. هالبۇكى، ئۇلارنىڭ هەممىسىنىلا قوشۇننىڭ ئالىي قوماندانى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىرەرسىنى سايلىساق باشقىلىرىنىڭ خۇشال بولماسلىقى تۇرغانلا گەپ، يەنە تېخى بۇ

سەۋەبتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىماسلىقى مۇمكىن، ئەگەر بۇنداق بولۇپ قالسا بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق. شۇڭا مېنىڭچە، شاھزادە ۋە سەركەردىلەرنىڭ ئۇستازى بولغان دېرۇنانى ئالىي قوماندان قىلساق، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھازىرقى بارلىق سەركەردىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغى. قوشۇنىمىزغا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە ھېچقانداق بىر كىشىتە يوق. ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ، شۇڭا يەنىلا ئۇنى بېكىتسەك، — دېدى.

نەندىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىش مۇشۇنداق بېكىتىلدى.

دېرونا جولۇ قوشۇننىڭ ئالىي قوماندانلىقىغا بەلگىلەنگەندىن كېيىن، نەندى، كارنا ۋە نەنجاڭلار مەسلىھەتلىشىپ بىر تەدبىرنى ئويلاپ چىقىشتى. نەندى دېرونانى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇغاچ، ئۇنىڭغا:

— ئۇستاز، بىز سىزنىڭ جەنجەننى تىرىك تۇتۇپ بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز باشقىنى ئۈمىد قىلمايمىز، ھەتتا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلمايمىز، ئەگەر سىز بىز ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بەرسىڭىز، بىزمۇ سىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قىلغان قوماندانلىقىڭىزدىن ناھايىتى رازى بولغان بولاتتۇق، — دېدى.

دېرونا نەندىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇ بەندۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشنى، ھەتتا بۇنداق خىيالدا بولۇشنىمۇ قەتئىي خالىمايتتى. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن جولۇ قوۋمىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەملەشسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا گوڭدىنىڭ بالىلىرىنى، بولۇپمۇ ھېچقانداق يامان نىيىتى يوق جەنجەننى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ نەندىنىڭ جەنجەننى تىرىك تۇتۇش ھەققىدىكى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى يەلكىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغان ئادەمدەك ئىنتايىن خۇشال

بولۇپ كەتتى. ئۇ نەندىغا:

— نەندى ساڭا بەخت تىلەيمەن، سەنمۇ راستتىنلا جەنجەڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى خالىمامسەن؟ بۇ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن. خانىش گۇڭدىنىڭ چوڭ ئوغلى جەنجەننىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھېچقانداق دۈشمىنى يوق، شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى 〈بىغۇبار〉 دەپ ئاتىشىدۇ، سېنىڭ بۇ ئۇلۇغ قارارىڭ بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىسپاتلىدى، ھەتتا سەنمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى خالىماي تىرىك تۇتماقچى بولغانىكەنسەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ تەڭداشسىز شان - شۆھرىتى يەنە ئۇن ھەسسە ئۆرلەيدىغان بولدى، — دېدى.

— نەندى سېنىڭ مەقسىتىڭنى بىلدىم، — دېدى دېرونا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— سەن ئاۋۋال بەندۇ قوۋمىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاندىن يەنە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى ئويلاۋېتىپسەن. مەن سېنىڭ جەنجەننى تىرىك تۇتماقچى بولغانلىقىڭغا قاراپ مەقسىتىڭنى ناھايىتى ئېنىق بىلدىم.

دېرونا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— راست، جەنجەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم، ئەرش ئىلاھلىرى گۇڭدى خانىشنىڭ بۇ ياخشى ئوغلىغا بەس - بەس بىلەن بەخت - سائادەت ئاتا قىلىشقان، ئۇ ھەتتا ئۆز رەقىبىنىڭمۇ كۆڭلىنى ئۇتۇۋاپتۇ.

لېكىن نەندى جەنجەننى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، ھېچنېمىگە ئېردەشەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك ئىش بولۇپ، بەندۇ قوۋمىدىكىلەرنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغاپ ئۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدى ھەم نەندى بۇنىڭ ئۆز قوشۇنىنىڭ پۇتۇنلەي گۇمران بولۇشىنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. يەنە كېلىپ ئۇرۇش شەپ-
قەتسىزلەرچە داۋاملىشىۋەرسە ئىككىلا تەرەپ ھالاك بولاتتى، قارا
ئىلاھ يەنىلا ھايات بولغاچقا ئۇ ھاكىمىيەتنى قارا مەلىكە ياكى
گۇگدى خانىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇنداق بولغاندا جەنجەنني
ئۆلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن
قارىغاندا، ئەگەر جەنجەنني تىرىك تۇتۇۋالغاندا، ئۇرۇش ناھايىتى
تېز ئاخىرلىشاتتى ۋە غەلىبىمۇ ئۆزىگە مەنسۇپ بولاتتى. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇ يەنە جەنجەننىڭ تۇغما ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە كىشەترد-
يىلەرگە بولغان ئەنئەنىۋى ھۆرمىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئەخ-
مەق قىلىشنى ئويلىغانىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، جەنجەنني يەنە
بىر قېتىم قىلتاققا ئىلىندۇرۇپ ئورمانلىقتا سۆرگۈن قىلماقچىد-
دى. ئون كۈنلۈك ئۇرۇش نەندىنى يەنە داۋاملىق ئۇرۇش قىلد-
ۋەرسە پەقەتلا قوۋمىنىڭ گۇمران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرد-
دىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆزد-
نىڭ شەخسىي غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرالمايتتى. نەندى ئۆزىنىڭ
بۇ خىل مەقسىتىنى دېروناغا ئوچۇق ئېيتقانىدى. كېيىن ئۇستاز
دېرونا ناھايىتى ئۇمىدسىزلىنىپ كۆڭلىدە نەندىنى قارغىغان بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇ مەيلى قايسىلا مەقسەتتە بولمىسۇن، جەنجەننىڭ
ھايات قېلىشىنى ياخشى ئىش دەپ قارايتتى.

دېروناننىڭ نەندىگە جەنجەنني تىرىك تۇتۇپ بېرىشكە كاپالەت-
لىك قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئايغاقچىلار ئارقىلىق بەندۇ
قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا تارقالدى. بەندۇ قوۋمىدىكىلەر ئەگەر بۇ
ئۇستازنىڭ بىرەر ئىشنى قارار قىلسا شۇنى قىلماي قويمايدىغانلىد-
قىنى بىلەتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تەڭداشسىز جاسارىتى ۋە
قەيسەرلىكىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى.
ئۇلار قوشۇنلىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەنجەن
شاھنىڭ ئەتراپىدىن مۇھاپىزەتچىلەرنى ئايرىمىدى. مەيلى قانداق
ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق

بىلەن مەيلى قانداق ھۆجۇمغا ئۇچرىسىمۇ جىيەنجەننى قوغداش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ ئاجراتتى دېرونا نەندىگە:
— پەقەت ئاجۇنا جەنجەننىڭ يېنىدا بولسىلا، بىز ھەرقانچە كۈچىگىنىمىز بىلەنمۇ ئۇنى تۇتالمايمىز، ئەگەر بىرەر تەدبىر قوللىنىپ ئاجۇنانى جەڭگاھنىڭ باشقا بىر يېرىگە كەتكۈزۈۋېتىپ، جەنجەننى يالغۇز ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلالىساق، مەن بەندۇ قوشۇننىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ جەنجەننى تۇتۇۋالالايتتىم. مەن ساڭا شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى، ئەگەر ئۇلار شان - شەرەپنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كەتمىسىلا، مەن ئۇنى تۇتۇپ ساڭا ئەكېلىپ بېرىمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ قېچىپ كەتسە يەنىلا بىز يەڭگەن بولىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟، - دېدى.
سەنشۇ خانلىقىنىڭ شاھى شەنيۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر پىلاننى ئويلاپ چىقتى، ئۇلار ئاجۇناغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئاجۇنانى جەڭ مەيدانىدىن چەتلىتىشكە قەسەميات قىلىشتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر زور قوشۇن توپلاپ، گۇلخاننى چۆرىدىشىپ، ئۈستىگە چۆپتىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىشىپ، خۇددى ئۆلۈپ كەتكەندەك ئۆزلىرىنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشتى ۋە:
— ئاجۇنانى ئۆلتۈرمىگۈچە ھەرگىز قايتمايمىز، ئەگەر جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كەتسەك كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىلەر قاتارىدا جازالىنىشقا رازىمىز، — دەپ قەسەميات قىلىشتى.
ئۇلار مۇقەددەس گۇلخاننىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق قەسەميات قىلىشقاندىن كېيىن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدى، چۈنكى جەنۇب تەرەپ ئۆلۈم ئىلاھى تۇرۇشلۇق تەرەپ ئىدى. ئۇلار: «ئاجۇنا، ئاجۇنا» دەپ قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ ئاجۇناغا جەڭ ئېلان

قىلدى. بۇ بىر ئۇلۇغ پىدائىيلار قوشۇنى بولۇپ، دېرونا ئۆزلىـ
ـرىگه تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا قەسەميات قىلىشقانىدى.
ئاجۇنا جەنجەن شاهقا قاراپ:
ـ شاهىم، پىدائىيلار مېنى توۋلىشىپ، جەڭگه چاقىرىۋاتىدـ
ـدۇ. مەن بۇ رىقابەتنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئامالسىزمەن، ئاڭلاپ
بېقىڭه شەنيۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ماڭا جەڭ ئېلان
قىلىۋاتىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ هەممىسىنى يوقىتىپ هازىرلا قايتىپ
كېلىمەن، مېنىڭ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى.
جەنجەن شاه ئۇنىڭغا:
— قەدىرلىك قېرىندىشىم، دېرونانىڭ مەقسىتىنى سەنمۇ
بىلىسەن، سەن ئوبدانراق ئويلانغاندىن كېيىن ئاندىن قارار چىـ
ـقار. دېرونا نەندىگه مېنى تىرىك تۇتۇپ بېرىشكه ماقۇل بوپتۇ،
بۇ ئۇستاز بەك مەرگەن، ئاتقان ئوقى زايه كەتمەيدۇ، قىلالمايدىـ
ـغان ئىشىمۇ يوق. ئۇ بەك باتۇر هەم كۈچلۈك، هېرىپ چارچاشـ
ـنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ناهايىتى ئۆتكۈر،
ئۇنىڭ كۆزىدىن هېچقانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دېدى.
ئاجۇنا ئۇنىڭغا:
— شاهىم، بۇ يەردە سىزنى جېنشېڭ قوغدايدۇ، ئۇ پەقەت
سىزنىڭ يېنىڭىزدا هاياتلا بولىدىكەن هېچقانداق ئىش كېلىپ
چىقمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.
ئاجۇنا گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بەنگالورنىڭ شاهزادىسى
جېنشېڭنى جەنجېننى قوغداشقا بۇيرۇپ، ئۆزى بولسا ئاچ قالغان
شىردەك پىدائىيلار قوشۇنىغا تاشلاندى.
«قارا ئىلاه، قارا ئۇ سەنشۆ خانلىقىنىڭ ئادىمىغۇ، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قەسىـ
ـمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن هۇجۇم قىلىشـ
ـماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنى جەننەتكه كىرىمىز دەپ ئويلاپ قېلىشىپ
خۇشال بولۇپ كېتىشىۋاتقان ئوخشايدۇ.



ئاجۇنا ئۆزىنىڭ مەشھۇر قوغدىغۇچىسىغا گەپ قىلغاچ پىدا-
ئىيلار قوشۇنىغا يېقىنلاشتى.

بۇ ئۇرۇشنىڭ 12 - كۈنى بولۇپ، جەڭ ئىنتايىن كەسكىن-
لەشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاجۇنانىڭ ھۇجۇمى كۆرۈنەرلىك نەتىجى-
گە ئېرىشىپ سەنشۆ خانلىقىنىڭ جەڭ سېپى تەۋرىنىشكە باشلى-
دى. لېكىن شەنيۈ كۆپچىلىكنىڭ قەسىمىنى ئېسىگە سېلىپ
ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتتى. ئۇ:

— باتۇرلىرىم، بىز مۇقەددەس گۇلخاننىڭ ئالدىدا بارلىق
سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ ئالدىدا قەسەم بەرگەن. بۇنداق قور-
قۇنچلۇق قەسەمنى بەرگەنىكەنمىز قورقۇپ قاچساق بولمايدۇ.
ھەرگىزمۇ كۆپچىلىكنىڭ كۈلكىسىگە قالماسلىقىمىز كېرەك، —
دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پىدائىيلار قوشۇنى قىيقاس - چۇقان كۆتۈ-
رۈپ داھىيسىنىڭ سۆزىنى ماقۇللىشىپ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ،
ئەڭ زور جاسارىتىنى كۆرسىتىپ ئاجۇنانى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

— قارا ئىلاھ، ئۇلار ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىشنى قارار
قىلغان ئوخشايدۇ، تېز يېتىشىپ ماڭ!، — دېدى ئاجۇنا.

قارا ئىلاھ ئاجۇنانىڭ جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ خۇددى ئەينى
چاغدا ئەرش ئىلاھى ئەسۇرە بىلەن جەڭ قىلغان چاغدىكى ئىندىرا
ئىلاھىنىڭ ھارۋىسىدەك جەڭ مەيدانىغا ئۇچقاندەك چېپىپ كەت-
تى. ئۇ بىردەم بۇ يەرگە بارسا، بىردەم ئۇ يەرگە چېپىپ بارات-
تى، ھارۋا قەيەرگىلا بارسا ئاجۇنانىڭ مۇقەددەس ئوقياسىدىن
سەنشۆ خانلىقىنىڭ پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ئۇستىگە ئۆلۈم ئۇرۇ-
قىنى چاچاتتى. يىمىرىلگەن قوشۇن ئارىسىدىن قانلار چاچراپ
ئەتىياز مەزگىلىدىكى قىزىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن
ئورمانلىققا ئوخشاپ قالاتتى. بۇ قېتىمقى جەڭ ئادەتتىن تاشقىرى
شىددەتلىك بولدى. بىر مەھەلدىن كېيىن ئاجۇنانىڭ جەڭ ھارۋى-
سى ۋە تۇغى يامغۇردەك ياغقان ئوقلار دەستىدىن كۆرۈنمەي

قالدى. قارا ئىلاھ:

ئاجۇنا تىرىكمۇسەن، — دەپ توۋلىدى.

— تىرىك، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئاجۇنا.

ئۇ كىرىچنى راسا كېرىپ ئوق ئۈزۈپ ئۇ ئوق يامغۇرىنى تارقىتىۋەتتى.

ھالاكەت ئىلاھى قىيامەت ئۇسسۇلى ئويناۋاتقاندەك، جەڭ مەيدانىدا بىر خىل قورقۇنچلۇق مەنزىرە شەكىللىنىپ ھەممىلا يەرنى ئۇزۇلۇپ كەتكەن پۇت - قوللار ۋە باشسىز جەسەتلەر قاپلاپ كەتتى.

دەل ئاجۇنا پىدائىيلار قوشۇنىغا تاقابىل تۇرغىلى كەتكەن چاغدا، دىرونا بەندۇ قوشۇنىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، جەنجەن شاھ تۇرۇۋاتقان يەرگە ئوقتەك ئېتىلدى. جەنجەن شاھ ئۇلارنىڭ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پەنگالورنىڭ شاھزادىسى جېنشېڭغا:

— ئۇ براھمان بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، دىققەت قىلىپ ئۆزۈڭنىڭ قوشۇنىغا ئوبدان قارا، — دېدى.

مۇجۇ شاھىنىڭ ئوغلى مېنگان دىروناننى كۆتمەيلا ئالدىغا چىقىپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ جەڭگە ئاتلاندى.

دىرونا مېنگاندىن چەتلەپ ئۆتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە مېنگاننىڭ قولىدا ئۆلۈش پۈتۈلگەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن ھازىر تېخى ئۆلىدىغان ۋاقتى بولمىغاچقا، ئۇ ھارۋىسىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، مۇجۇ شاھى باشلاپ ماڭغان قوشۇنغا قاراپ ئاتلاندى. مۇجۇ شاھىنىڭ قوشۇنى دىرونانىڭ قولىدا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ جەڭگاھتا قان دەريا بولۇپ ئاقتى. دىرونا دىققىتىنى پەيدىنپەي جەنجەنگە يۆتكىدى. بەندۇ قوشۇنى ئىنتايىن قەيسەر بولۇپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ دىرونانى چېكىندۇردى.

جېنشېڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەي، دىرونانىڭ جەڭ ھارۋىسىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ شىددەت بىلەن

ئېلىشىپ كەتتى. قانلىق قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان دېرونا يەنىلا ھالاكەت ئىلاھىنىڭ ئورنىدا تۇراتتى، نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەر بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ئۇنىڭ قولىدا جان بېرىۋاتاتتى، بەنگالورنىڭ شاھزادىلىرىدىن فېلىجا ۋە جېنشېڭ ئارقا - ئارقىدىن قۇربان بولدى.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن پىلوتونىڭ ئوغلى بەيجۇن ئالدىغا چىقىپ دېرونانى توسۇماقچى بولدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بەيجۇننىڭ كاللىسى يەرگە دومىلاپ چۈشتى، قولىقىدىكى ھالقىسى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. يەنە بىر سەركەردە شېدۇم ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا جەڭگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن شۇسەي دېرونانى توسماقچى بولىۋىدى ئۇمۇ قۇربان بولدى.

جەنفېن، شەنجەن، شۇفا ۋە جېيۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېرونانى توسماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى دېرونا تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. بارلىق سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، بۇ چاغدا دېرونا جەنجەن شاھقا قىستاپ كەلگەندى. مۇجۇ شاھىنىڭ يەنە بىر ئوغلى بەنگالور سارائلارچە ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ دېرونانى توسۇماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئېغىر يارىلىنىپ ئاقار يۇلتۇزدەك ھارۋىسىدىن دومىلاپ چۈشتى.

ئەندى خۇشال بولۇپ كارناغا:

— كارنا، بىزنىڭ بۇ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك باتۇرىمىزنى كۆردۈڭمۇ، بەندۇ قوشۇنىدىن ئەمدى ئالدىغا چىقىپ جەڭ قىلغۇدەك ئادەم قالمىدى. قارا، دۈشمەنلەر دېرونانىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا نېمىدېگەن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن - ھە!، — دېدى.

كارنا بېشىنى چايقاپ:

— ئۆزۈڭگە ئۇنداق ئىشىنىپ كەتمە، — دەۋېتىپ: بەندۇ قوۋمىدىكىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇنداق ئوڭاي ئە-

مەس، ئۇلار مەڭگۈ تەسلىم بولمايدۇ، ئۇلار ئۇچرىغان خورلۇق بەك زور، ئاسانلىقچە ئۇنتۇپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. سەن بۇرۇن ئۇلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى، تىرىك پېتى ئوتتا كۆيدۈرمەكچى بولغانىدىڭ، ئۇ قېتىمقى ئىشتا سەن ئۇلارنى يەتكۈچە هاقارەتلىدىڭ. سەن ئۇلارنى يەنە ئورمانلىقتا نۇرغۇن يىل ياشاشقا مەجبۇر قىلدىڭ، شۇڭا ئۇلار ھەرگىز تەسلىم بولمايدۇ. ئاۋۇ ياققا قاراپ باقە، ئۇلار تۇغ ــ ئەلەم، ناغرا ــ سۇنايلىرىنى يېڭىۋاشتىن رەتكە سېلىپ، بارلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دېروناغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، قارىغىنە بۇجۇن، شەنجەن، جەنفېن، ۋاڭفا، ۋۇجۇڭ، جىيۇڭ، مۇجۇ شاھى، پىلوتو، شۇفا، يۇڭچى ۋە باشقا سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى دېرونانى قىستاپ كېلىپ جەنجەننى قوغدىماقتا. بىز مۇشۇنداق بىر ئېغىر يۈكنى ئۇستازنىڭ يەلكىسىگە ئارتىپ قويۇپ، بۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇۋالساق بولمايدۇ. ئۇ ھەر قانچە باتۇر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچىمۇ چەكلىك. بىر توپ بۆرە بىر زور پىلنى قورشىۋېلىپ ئۇنى يەۋېتەلەيدۇ. بىز تېزلىكتە ئاتلىنايلى، دېرونا يالغۇز جەڭ قىلىۋەرسە بولمايدۇ، — دېدى.

گەرچە نەندى تەرەپتىكىلەر قانچىلىك كۈچىمىسۇن، لېكىن يەنىلا جەنجەننى ئەسىرگە ئالالمىدى.

ئۇرۇش يەنە ئۆزئارا قىرغىنچىلىقلار بىلەن داۋاملاشماقتا ئىدى…

نەندى بىر توپ زور پىللارنى باشلاپ بۇجۇنگە ھۇجۇم قىلدى. ھارۋىسىدا تۇرۇپ بىرەر تال ئوقنىمۇ زايا كەتكۈزمەي ئۆزىنى قوغدايتتى. ئۇ ھىلال ئاي شەكىللىك ئۆتكۈر ئوقياسىنى ئېتىپ نەندىنىڭ تۇغى بىلەن ئوقياسىنى چۇشۇرۇۋەتتى. ماۋكۇچ دۆلىتىنىڭ شاھى ئەنگا شاھزادىسىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پىلغا مىنىپ بۇجۇنگە ئېتىلىپ كەلدى. لېكىن بۇجۇن ئوق ئېتىپ پىلنى يىقىتىپ بۇ شاھنى ئۆلتۈرۈۋەت-

تى. شۇنىڭ بىلەن جولۇ قوشۇنىنىڭ بۇ تارمىقى قالايمىقانلىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى.

پىل توپى قالايمىقان چېپىپ يۈرگەن چاغلاردا، جەڭ ئارغىماقلىرىمۇ ئۈركۈپ كېتىپ نەچچە مىڭلىغان پىيادە جەڭچى جەڭ مەيدانىدا پىللار ۋە ئارغىماقلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى.

دۇڭگۋاڭ خانلىقىنىڭ پادىشاھى، باتۇر فۇشۇ جولۇ قوشۇنىنىڭ بۇ قەدەر قالايمىقانلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ناھايىتى غەزەپلىنىپ ئۆزىنىڭ داڭلىق پىلى مىياۋيەنگە مىنگىنىچە بۇجۇنگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ زور پىل يوغان قۇلاقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، خارتۇمىنى سوزۇپ بىر ئۇسۇپلا بۇجۇنىنىڭ ھارۋىسىنى ئۆرۈۋەتتى، ئات ۋە جەڭ ھارۋىسى بىر دۆۋە قالايمىقان نەرسىگە ئايلىنىپ، نېمە نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى. لېكىن بۇجۇن جىددىي پەيتتە ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈۋالغاچقا ھېچقانداق يېرى زەخىملەنمىدى. بۇجۇن پىلنىڭ بارلىق ئادىتىنى چۈشەنگەچكە، بۇ زور پىلنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بىر قىسىم جاننى ئالىدىغان يەرلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى، بۇ زور پىل غالجىرلىشىپ خۇددى ساپال ياسايدىغان چاقىا ئوخشاش توختىماي پىرقىرىدى. ئۇ پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن بۇجۇندىن قۇتۇلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇجۇن ئۇنىڭ تۆت پۇتىنىڭ ئارىسىغا چاپلىشىۋېلىپ، پەستە تۇرۇپ ئۇنى توختىماي قىيىنىدى. بۇ زور پىل بېشىنى ئېگىپ خارتۇمى بىلەن بۇجۇننى يۆگەپ ئۇنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قىستاپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇجۇن قانداقتۇر بىر ئامال بىلەن قېچىپ چىقىپ، يەنە پىلنىڭ پۇتىنىڭ ئارىسىغا قىسىلىۋېلىپ، پىلنىڭ قورسىقىغا چاپلىشىۋېلىپ بۇ پىلنى قاتتىق قىيىنىدى.

بۇجۇن مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ۋاقىتنى سوزۇش ئارقىلىق بەندۇ قوشۇنىدىن بىرەرسىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ فۇشۇنىڭ

پىلغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇجۇن پىلنىڭ قورسىقىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇۋېلىپ، جەڭ مەيدانىدا كۆرۈنمىگەچكە، سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلىشىپ: «بۇجۇن ئۆلدى، فۇشۇنىڭ پىلى بۇجۇننى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېيىشىپ چۇقان سېلىشتى، جولۇ قوشۇنىنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك بۇ خىل چۇقان جاراڭلاپ تۇردى.

جەنجەن خان بۇ ۋارقىراشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇمۇ بۇجۇننى ئۆلدىمىكىن دەپ قالدى ۋە قوشۇننى فۇشۇنى تېز ئۆلتۈرۇشكە ئالدىراتتى. شۇنىڭ بىلەن توشانا خانلىقىنىڭ شاھى فۇشۇ بىلەن جەڭ قىلىشقا ئاتلاندى. ئۇنىڭ پىلىمۇ ئىنتايىن ۋەھشىي بولۇپ، ئىككى زور پىل ئېلىشىپ كەتتى. فۇشۇنىڭ پىلىنىڭ ئۆزۈن چىشى يان تەرەپتىن توشانا شاھىنىڭ پىلىنىڭ قورسىقىغا سانچىلىپ، توشانا شاھىنىڭ پىلى يەرگە يىقىلىپ ئۆلدى. بۇ چاغدا بۇجۇننىڭ مياۋيەنىنىڭ ئاستىدىن ساق - سالامەت چىقىۋالدى. بەندۇ قوشۇندىكىلەر بۇجۇننىڭ ھاياتلىقىنى كۆرۈپ بىرلىكتە چۇقان كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى.

فۇشۇ خانىنىڭ پىلى بەندۇ قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلىپ نۇرغۇنلىغان سەركەردە - سەرۋازلارنى جەڭگاھتا يىقىتىۋەتتى ۋە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ قەيەرگىلا بارسا شۇ يەرنى قورقۇنچ قاپلىدى. فۇشۇ شاھ ئىندىرا ئىلاھ ئەسۇرە بىلەن جەڭ قىلغاندا ساماۋى پىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. بۇ پىل ئىنتايىن غەزەپلەنگەن بولۇپ قۇلاقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇزۇن خارتۇمىنى سوزۇپ، بەندۇ قوشۇنىنىڭ ئارىسىدا ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈردى، ئۇنىڭغا ئېتىلغان ئوقلار ئۇنىڭغا قىلچە زەخمەت يەتكۈزەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغاۋاتاتتى، پىل غالجىرلاشقان يەردە ئاسمان - پەلەك توپا كۆتۈرۈلۈپ قارا بۇلۇتتەك قوياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى.



ئاجۇنا ھەدەپ پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىۋېتىپ يىراقتىن ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە فۇشۇنىڭ بەھەيۋەت پىلى كەلتۇرۇپ چىقارغان شاۋقۇن - سۈرەننى ئاڭلىدى. ئۇ ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قارا ئىلاھگە:

— قارا ئىلاھ، بۇ فۇشۇنىڭ مىاۋيەن دېگەن پىلىنىڭ ئاۋازىغۇ، دۇڭگۇاڭ دۆلىتىنىڭ بۇ شاھى ۋە ئۇنىڭ بەھەيۋەت پىلى ناھايىتى قورقۇنچلۇق، ھېچقانداق ئادەم ئۇنى بۇنداق ئۇرۇش قىلىشنى توسۇيالمايدۇ، ئۇ چوقۇم بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن ئوخشايدۇ. بىز دەرھال بېرىپ ئۇلارنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇۋالايلى، بۇ پىدائىيلار قوشۇننى ھېلىمۇ خېلى قاتتىق جازالىدۇق، دېرونا بىلەن جەڭ جەن خان ئۇرۇش قىلىۋاتقان يەرگە بارايلى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن قارا ئىلاھ جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى.

شەنيۇ ئاكا - ئۇكىلار ھارۋىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ:

— توختا، توختا، — دەپ ۋارقىرىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاجۇنانىڭ ھارۋىسىغا قارىتىپ ئوق چىقاردى.

ئاجۇنا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي«بۇ يەردە شەنيۇ ماڭا جەڭ ئېلان قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭ ئۇنى رەت قىلغۇم يوق، لېكىن شىمال تەرەپتە بولسا بىزنىڭ ئۇرۇش سېپىمىز بۇزۇلۇپ بىزنىڭ ياردىمىمىزنى كۈتۈۋاتقاندۇ» دەپ ئويلىدى.

ئاجۇنا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىنىۋاتقاندا، بىر خەنجەر ئۇنىڭغا، يەنە بىر خەنجەر قارا ئىلاھقا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرغەزەپكە كېلىپ، نىشانغا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئېتىپ شەنيۇنى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ فۇشۇ شاھ قالايمىقانچىلىق چىقىرىۋاتقان يەرگە يېتىپ كەلدى. ئاجۇنانىڭ ھارۋىسى كۆرۈنۈشى



بىلەن بەندۇ قوشۇنى قايتىدىن روھلىنىپ، تەرتىپىنى شۇ ھامان
ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاجۇنامۇ فۇشۇ تۇرۇۋاتقان جەڭ سېپىگە
يېتىپ كەلدى. فۇشۇ پىلىغا مىنىپ ئاجۇناغا خۇددى ئۆلۈم ئىلا-
ھىدەك ھۇجۇم قىلدى، لېكىن قارا ئىلاھنىڭ ھارۋا ھەيدەش
ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، بۇ ھايۋاننىڭ ھەربىر قې-
تىملىق ھۇجۇمىدىن قېچىپ قۇتۇلدى.

فۇشۇ ئاجۇنا بىلەن قارا ئىلاھقا يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى،
لېكىن ئاجۇنا ئوق ئېتىپ بۇ زور پىلنىڭ ساۋۇتىنى تېشىۋېتىپ،
بۇ پىلنى يارىلاندۇردى. فۇشۇ ئۆزىنىڭ پىلىنىڭ بەرداشلىق بې-
رەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قارا ئىلاھقا قارىتىپ نەيزە ئاتتى.
ئاجۇنا ئالدىراشلىق بىلەن ئوقيا ئېتىپ ئۇ نەيزىنى ھاۋادىلا پاچاق-
لىۋەتتى، لېكىن فۇشۇ يەنە بىر نەيزە ئېتىپ ئاجۇنانىڭ دۇبۇلغى-
سىغا تەگكۈزدى.

ئاجۇنا دۇبۇلغىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئوقياسىنى ئېلىپ يۇقى-
رى ئاۋازدا:

— فۇشۇ كۆزۈڭنى ئېچىپ بۇ دۇنياغا يەنە بىر قارىۋېلىپ
ئۆلۈشكە تەييارلان، — دەپ ۋارقىرىدى.

فۇشۇ خانى ياشقا چوڭىيىپ قالغان سەركەردە ئىدى. ئۇنىڭ
بېشىدىكى ئاپئاق چاچلىرى ۋە يۈزىدىكى قورۇقلىرى ئۇنى شىر
سۈپەت كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتەن بەك قېرىپ كەتكەند-
دى، پېشانىسىدىكى تېرىلىرى بوشىشىپ ساڭگىلاپ كەتكەن بو-
لۇپ، كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى، ئۇ ئامالسىز تاۋار ياغلىق
بىلەن پېشانىسىنى تېڭىۋېلىپ كۆرەلمەي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالات-
تى. فۇشۇ شاھىنىڭ پەزىلىتى دۇرۇس ۋە ئالىيجاناب بولۇپ،
پەقەت ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغىلا تايىنىپ داڭ چىقارمىغانىدى. ئۇ
شۇ دەۋردىكى باتۇرلار ئىچىدە ئەڭ داڭلىق بىرسى ئىدى. كىشى-
لەر ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا «ئىندىرانىڭ دوستى»
دەپ نام بېرىشكەنىدى.

— ئەتراپىڭنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈۋال.

ئاجۇنا بۇ ئۇلۇغ بوۋايغا گەپ قىلغاچ يەنە بىر تەرەپتىن ئوق چىقىرىپ ئۇنىڭ ئوقياسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ سادىقىنى پارچە-لىۋەتتى ۋە ئوق ئېتىپ ئۇنىڭ كۆكرەك ساۋۇتىنىڭ تۇتاشقان يېرىنى ئۈزۈۋەتتى.

فۇشۇ خان بارلىق قوراللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ پىل سا-ۋايدىغان تايىقىنى ئاجۇناغا ئاتتى. ئۇ پىشەننۇنىڭ ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە قارىتىپ ئاتتى. ئەگەر قارا ئىلاھ ئارىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىۋېلىپ ئۆزىنى تۇتۇپ بەرمىگەن بولسا، ئاجۇنا جېنىدىن ئايرىلىپ قالغان پولاتتى. بۇ تاياق قارا ئىلاھنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپ خۇددى بىر تىزىق مارجاندەك جۇلالىنىپ تۇردى. پىشەننۇنىڭ ئەپسۇنىنى ئوقۇپ ئېتىلغان قو-رال پىشەننۇنى زەخىملەندۇرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىلاھ-نىڭ بويىنىدىكى زىننەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاجۇنا نارازى بولۇپ:

— قارا ئىلاھ، سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بېرىپ دۈش-مەننىڭ ئاتقان قورالىنى توسۇۋالىسەن، سەن ئۆزۈڭ مەن بىر مۇھاپىزەتچى، بارلىق جەڭ سىزىگە مەنسۇپ دېگەنىدىڭغۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇنداق ئىشنى قىلىسەن، - دېدى.

— قەدىرلىك ئاجۇنا، سەن بىلمەيسەن، ئەگەر بۇ قورال بولسا ئۆلمەي قالمايتتىڭ، ئۇ ئەسلىدىنلا مېنىڭ نەرسەم ئىدى، ئەمدى مال ئىگىسىگە قايتتى، — قارا ئىلاھ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، بىر تەرەپتىن كۈلدى. ئارقىدىنلا ئاجۇنا ئاتقان بىر تال ئوق خۇددى يىلان چۇمۇلە ئۇۋىسىغا كىرگەندەك ئۇچۇپ بېرىپ فۇشۇنىڭ پىلىنىڭ بېشىغا كىرىپ كەتتى.

فۇشۇ بۇ زور مەخلۇقنى ھەيدەپ ئالدىغا چىقماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قېتىپ قالغاندەك مىدىر قىلماي تۇرۇۋەر-دى. بۇ پېشقەدەم سەركەردىنىڭ جاراھەتلىق بويرۇقلىرىمۇ خۇددى

بايلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ھېچقانداق رول ئوينىيالمىدى.

بۇ زور مەخلۇق خۇددى ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىدەك ئورنىدا مىدىرلىماي تۇراتتى، بىر ھازادىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز يىقىلىپ ئۆزۈن چىشلىرى يەرگە زەرب بىلەن ئۇرۇلدى ـ دە، ئۇ ئېچىنىشلىق ھۆركىرەپ تىنىقى ئۆزۈلۈپ ئۆلدى.

ئاجۇنا بۇ زور مەخلۇقنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئەپسۇسلىنىپ پىلنى ئۆزىگە ئەپقېلىپ فۇشۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىگە ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى. ئاجۇنانىڭ ئاتقان ئوقى بۇ پېشقەدەم شاھنىڭ پېشانىسىنى تېڭىۋالغان شايى ياغلىقىنى يىرتىۋەتكەچكە ئۇنىڭ قورۇقلىرى ساڭگىلاپ، بۇ پېشقەدەم شاھ قارىغۇغا ئوخشاپ قالدى. ئارقىدىن ھىلال ئاي شەكىللىك ئوق باشىقى ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ كىردى. فۇشۇ شاھ پىلنىڭ دۈمبىسىدىن خۇددى بوران ـ چاپقۇندا يىقىلغان دەرەختەك يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئالتۇن زۇننارى خۇددى يىقىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدەك چاقناپ تۇراتتى. جولۇ قوشۇنى شۇ ھامان قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

نەندىنىڭ غەزىپى چېكىگە يېتىپ ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇستاز دېرونا بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ:

— ھۆرمەتلىك براھمان، بىزنىڭ تالاپىتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، مانا ئەمدى فۇشۇ شاھمۇ جەڭگاھتا قۇربان بولدى. بىز ئەمدى بۇنداق تۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ، سىز ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى جەڭچى، سىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، لېكىن مەن سىزنىڭ نېمىشقا جەنجەننى تىرىك تۇتالمىغىنىڭىزنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدى.

— نەندى، — دېدى دېرونا، — مەن سىزگە بۇرۇنلا پەقەت ئاجۇنالا جەنجەننى قوغدىسا بىز ئۇنى تىرىك تۇتالمايمىز دېگەنىدىم. پەقەت بىر ئامال قىلىپ ئاجۇنانى ئۇ يەردىن چەتلەشتۈرەلە-

سەكلا ئاندىن سىزنىڭ پىلانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر مەنمۇ شۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئامال ئىزدەۋاتىمەن دېدى.

ئون ئۈچىنچى كۈنى، پىدائىيلار ئاجۇناغا يەنە جەڭ ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاجۇنا يەنە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغىلى كېتىپ قالدى. ئۇلار جەڭگاھنى ئاساسلىق جەڭ مەيدانىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ھۇجۇم قىلدى. بۇجۇن، شەنجەن، شيەنگۋاڭ، مېنگان، گۇڭتى شاھى، مۇجۇ شاھى، پىڭشۇ، جەنفېن، شۇفا، جىيۇڭ، پىلوتو، شىكايى قوۋمى ۋە شىدلىنجى قوۋمىدىكىلەر ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر دېرونانى توسقىلى ئاتلاندى، لېكىن دېرونانىڭ ھۇجۇمى ئىنتايىن شىددەتلىك بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشقا زادى ئامال قىلالمىدى. ئاجۇنا بىلەن مەلىكە مياۋشيەندىن تۇغۇلغان ئوغۇل جىئان گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن باتۇرلۇقتا تاغنىسى قارا ئىلاھ ۋە دادىسى ئاجۇناغا ئوخشاش تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. جەنجەن خان جىئاننى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئوبدان بالام، ئۇستاز دېرونا قوشۇنلىرىمىزنى بەك دەپسەندە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاجۇنامۇ بۇ يەردە ئەمەس، ئەگەر بىز ئۇ يوق چاغدا مەغلۇپ بولساق، ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولىدۇ. ئارىمىزدىكى ھېچكىم دېرونانىڭ سېپىنى بۇزۇۋېتەلمىدى، سەنمۇ بۇنى ئۆزۈڭدىن باشقا ئادەمنىڭ بۇزۇۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن، مەن سېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى جىئان جاۋاب بېرىپ، — دادام بۇنداق سەپنى قانداق بۇزۇشنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغان، مېنىڭ بۆسۈپ كىرەلىشىمدە مەسىلە يوق. بىراق بەختكە قارشى مەن بۆسۈپ كىرگەندىن كېيىن، يەنە بۆسۈپ چىقىشىم كېرەك، لېكىن مەن قانداق بۆسۈپ چىقىشنى بىلمەيمەن، چۈنكى دادام ماڭا قانداق بۆسۈپ چىقىشنى ئۆگەتمىگەن.



— باتۇر ئوغلۇم، سەن بۇ بۇزۇۋش تەس بولغان سەپنى بۆسۇپ ئۆتۈپ، بىزگە بىر يول ئېچىپ بەرسەڭ، بىز ھەممىمىز ساڭا ئەگىشىپ بۆسۇپ كىرىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارغا سەن بىلەن بىللە تاقابىل تۇرىمىز، ھەرگىزمۇ چېكىنىپ چىقالمايدىغان ئىش بولمايدۇ، — دېدى.

بۇجۇنمۇ جەنجەن خاننىڭ پىكرىنى قوللاپ:

— سەن پەقەت دۈشمەننىڭ سېپىنى بۇزۇۋېتەلىسەڭلا، مەن دەرھال سېنىڭ ئارقاڭدىن كىرىمەن. مېنگان، شەنجەن، بەنگالورلۇقلار، شىكايېلىقلار ۋە موچا دۆلىتىنىڭ زور قوشۇنىمۇ ئارقىمىزدىن كىرىدۇ. شۇڭا سەپنى بۇزۇۋش ئىشىنى سەن ئۈستۈڭگە ئال، چۈنكى قانداق بۇزۇۋشنى پەقەت سەنلا بىلىسەن، باشقا ئىشلارنى بىزگە قويۇپ بەر، بىز جولۇ قوشۇننى چوقۇم مەغلۇپ قىلالايمىز، — دېدى.

جىئان دادىسى ۋە تاغىسى قارا ئىلاھنى ئويلىدى، يەنە كېلىپ جەنجەن خان ۋە بۇجۇننىڭ بايا دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تۇغما باتۇر بولغاچقا، بۇ خەتەرلىك ئىشنى زىممىسىگە ئالدى.

— بوپتۇ مەن ھەممىگە تونۇلغان دادام ۋە تاغامنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپە ئارقىلىق باتۇرلۇقۇمنى سىناپ باقاي — دېدى جىئان ھاياجانلىنىپ.

جەنجەن خان بۇ يىگىتكە بەخت تىلەپ:

— سېنىڭ باتۇرلۇقىڭنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن جىئان ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ مۇھاپىزەتچىسىگە:

— شەنيۇ قارا، دېرونانىڭ تۇغى ئاۋۇ يەردە لەپىلدەپ تۇرىدۇ، تېز بىز ئۇدۇل شۇ يەرگە بارايلى، — دېدى.

— تېز، تېز، تېز بولۇڭلار، — جىئان ۋارقىرىدى.

مۇھاپىزەتچىسى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:
جەنجەن خان سىنىڭ ئۇستۇڭگە بىر ئېغىر ۋەزىپىنى يۈكلى-گەن، دېرونانىڭ سېپىگە بۆسۈپ كىرىشتىن بۇرۇن ئوبدانراق ئويلىنىپ باق. دېرونانىڭ ماھارىتى يۇقىرى، تەجرىبىسىمۇ مول، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. سەن تېخى بەك ياش، سېنىڭ باتۇرلۇقىڭغا يۆلەنچۈك بولىدىغان ئۇنىڭدەك تەجرىبە سەن-دە يوق، — دېدى.
جىئان كۈلگىنىچە:
— دوستۇم، مەن قارا ئىلاھىنىڭ جىيەنى، ئاجۇنانىڭ ئوغلى-غۇ، كىمنىڭمۇ مۇشۇنداق ياخشى نەسەبى بولسۇن، ئۇلار ماڭا يېقىنلىششقا پېتىنالمايدۇ. بۇ يەردىكى تۆت توك ـ توك دۇشمەن-لەرنىڭ كۈچى مېنىڭ كۈچۈمنىڭ چارىكىنىڭ چارىكىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ! بولدى ئىككىلەنمە، دېروناغا تېز يېتىشىۋالايلى، — دېدى.
مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭغا بويسۇندى.
ياش ئارغىماق ئالتۇن رەڭ جەڭ ھارۋىسىنى سۆرەپ دۇشمەن-نىڭ سېپىگە يېقىنلاشقاندا، جولۇ قوشۇندىكىلەر:
— جىئان كەلدى، ئۇ كەلدى، — دەپ چۇقان سېلىشتى. بەندۇ قوۋمىدىكى باشقا سەركەردىلەرمۇ جىئاننىڭ ئارقىسى-دىن ئەگەشتى.
جولۇ قوۋمىنىڭ جەڭچىلىرى جىئاننىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇشۇپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى «بۇ ئاجۇناندىنمۇ باتۇر ئىكەن» دەپ ئويلىغاچقا، جولۇ قوۋمىدىكىلەرنىڭ ئىرادىسى تەۋرىنىشكە باشلى-دى.
جىئان ئۇچقاندەك باستۇرۇپ كېلىپ خۇددى بىر ئارسلان بىر توپ پىلغا تاشلانغاندەك ئېتىلدى. ئۇنىڭ ھۇجۇمى بىلەن جولۇ قوشۇنىنىڭ سېپى تەۋرىنىپ قالدى، تەۋرىنىش نەتىجىسىدە

چوڭ بىر يوچۇق ئېچىلدى. دېرونا جىنئاننىڭ سەپنى بۇزۇپ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. لېكىن شىنـ دۇ دۆلىتىنىڭ شاھى شېگچېنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا سەپ يەنە ئەسلىگە كەلدى. بەندۇ قوۋمىدىكى باشقا سەركەردىلەر پىلان



بويچە باستۇرۇپ كىرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەچكە، جىنئان ئۆزى يالـ-
غۇز قالدى.

فولۇ قوشۇنىدىكى جەڭچىلەر ئالدىغا چىقىپ جىنئاننى توسـ-
ماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغان
پەرۋانىلەردەك ئۆلدى. جىنئاننىڭ ئاتقان ئوقى مەخسۇس دۈشمەنـ-
لەرنىڭ ساۋۇتىنىڭ ئوچۇق يېرىگە تېگەتتى. دۈشمەنلەرنىڭ جەـ-
سەتلىرى جەڭگاھتا خۇددى نەزىر مېھرابىدىكى مۇقەددەس ئوت
- چۆپلەرگە ئوخشاش يېتىشىپ كەتكەنىدى. جەڭگاھنىڭ ھەممە
يېرىدە يا، ئوق، قىلىچ - قالقان، نەيزە، يۇگەن، ھارۋا ياپقۇچ،
پالتا، بولقا، ئۇزۇن نەيزە، قامچا قاتارلىق نەرسىلەر ئۆلۈپ
كەتكەن بولۇپ جەڭچىلەرنىڭ كاللىسى ۋە ئۇزۇلۇپ كەتكەن پۇت
- قوللىرى بىلەن ئارىلاش ياتاتتى.

نەندى جىنئاننىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى قاتتىق قىرغىن قىلغانـ-
لىقىنى كۆرۈپ غەزىپىنى باسالماي، شەخسەن ئۆزى بۇ باتۇر
يىگىتكە قارشى جەڭگە ئاتلاندى. دېرونا نەندىنىڭ شەخسەن ئۆزى
جىنئانغا قارشى جەڭگە ئاتلانغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى ئەنسىرەپ
دەرھال پېشقەدەم ئەسكەرلەرنى بۇ شاھزادىنى قوغداشقا ئەۋەتتى.
ئۇلار بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ مالىمانچىلىق ئارىسىدىن بۇ
شاھزادىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. جىنئان نەندىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىـ-
كىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئاچچىقىنى نەندىنى
قۇتقۇزغىلى كەلگەن جەڭچىلەردىن چىقىرىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن
قىلىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىر تۈركۈم ناھايىتى كۆپ جەڭلەرنى
باشتىن كەچۈرگەن پېشقەدەم سەركەردىلەر، نومۇسنى بىر چەتكە
قايرىپ قويۇپ، جەڭچىلەرنىڭ شان - شەرىپىنى ئۇنتۇغان ھالدا،
بىرلىشىپ بۇ يالغۇز قەھرىمانغا ھۇجۇم قىلىشىپ ئۇنى ئوتتۇرىغا
ئېلىۋېلىشتى. لېكىن ئاجۇناننىڭ ئوغلى خۇددى قىيا تاش دېڭىز
دولقۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى ئارقىغا چېكىندۇرگەندەك، ئۇلارنىڭ ھۇـ-

جۇمغا تاقابىل تۇردى. دېرونا، مايۇك، مېھرىبان ئۇستاز، كارنا، ساھۇنى، سالىيې ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر جەڭچىلەر ھارۋىلىرىنى ھەيدىشىپ، قوللىرىغا خىلمۇخىل قوراللارنى ئېلىشىپ، بۇ قەھرىمان يىگىتكە ھۇجۇم قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئاسمىكا ھارۋىسىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ جىئانغا ھۇجۇم قىلىۋىدى، جىئان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، بىر ئوق بىلەنلا ئۇنى بارار يېرىگە يولغا سېلىپ قويدى. كارنانىڭ ساۋۇتىنىمۇ جىئان ئوق ئېتىپ تېشىۋەتتى، سالىيېمۇ ئېغىر يارىلىنىپ، قىمىر قىلالماي ھارۋىسىدا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىنىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ ئاكىسى ئۇچۇن قىساس ئېلىشقا ئاتلانغان ئىدى، ئەمما جىئان تەرىپىدىن ھارۋىسىدىن موللاق ئاتقۇزۇلۇپ، ھارۋىسى پاچاقلاندى.

شۇنداق قىلىپ، جىئان ئۆزى يالغۇز بىر توپ سەركەردىلەرنى توسۇپ نامى مەشھۇر ئاتىسى ۋە تاغىسى قارا ئىلاھتىن ئۆگەنگەن ماھارەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى. قەسىدىچىلەر بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقنى تەسۋىرلەپ، ئۇستاز دېرونا بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنى چاقناپ، قايىللىق ياشلىرى تۆكۈلدى، دەپ يېزىشقان.

— قەدىمدىن ھازىرغىچە جىئانغا تەڭ كېلەلىگۇدەك جەڭچى ئۆتكەن بولغىيمىتى، — دەپ سورىدى دېرونا مېھرىبان ئۇستازدىن.

نەندى بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە:

— بۇ ئۇستاز ئاجۇنانى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا جىئاننى ئۆلتۈرگۈسى كەلمەپتۇ ـ دە، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلماي يەنە ئۇنى ماختاۋاتقىنىنى كۆرۈڭ، شۇنداق ئەگەر ئۇستازنىڭ ئۇنى راستتىنلا ئۆلتۈرگۈسى بولسا بۇ قانچىلىك ئىشتى، ـ دېدى.

نەندى داۋاملىق ھالدا ۋىسىۋەكەرمە ۋە دېرونادىن مۇشۇنداق گۇمانلىناتتى. بۇ ھەققانىيەتسىز ئۇرۇشنى قوزغىغاندىن كېيىنمۇ ئۇ دائىم مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ، بۇ ئىككى دانا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىۋاتقان ئۇستاز-لارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتاتتى.

جىئان بىلەن نەنجاڭ جەڭ ھارۋىلىرىنى ئۇياق - بۇياققا ھەيدىشىپ ناھايىتى ئۇزاق جەڭ قىلىشتى. كېيىن جىئان يارىلى-نىپ ھارۋىسىغا يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى، تەلىيىگە مۇھاپىزەت-چىسى ھارۋىنى ھەيدەپ جەڭ مەيدانىدىن ۋاقتىدا ئەپچىقىپ كې-تىپ، جىئاننىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

كارنا جىئانغا شىددەت بىلەن ئوق ئۈزۈپ ئۇنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن جىئان ئاخىر بىر پاي ئوق ئۈزۈپ كارنانىڭ ياسىغا تەگكۈزدى. بۇ جەڭچى يىگىت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆ-تۈپ، كارنا بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. جولۇ قوشۇنىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى.

پۈتۈن قوشۇن قالايمىقانلىشىپ لەشكەرلەر ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپ، دېرونانىڭ يۇقىرى ئاۋازدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقىغا قۇ-لاق سالمىدى. جىئان تېخى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنى خۇددى ياز پەسلىدىكى ئۇلۇغ ئوت قۇرۇپ كەتكەن ئورمانلىقلارنى ئۆرتەپ كۆيدۈرگەندەك قىرىپ تاشلىدى.

بەندۇ قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى پىلان بويىچە جىئان جولۇ قوشۇنىنىڭ سېپىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئەگىشىپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن شاھنىڭ كۈيئوغلى، شىندۇ دۆلىتىنىڭ باتۇر پادىشاھى شېڭچې ئۆزىنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بەندۇ قوشۇنىغا ئېتىلىپ

كېلىپ، سەپىنىڭ بۆسۇلۇپ كەتكەن يېرىنى قاتتىق تۇسۇۋېلىپ، بەندۇ قوشۇننى كىرگىلى قويمىدى. جەنجەن خان بىر نەيزە ئېتىپ شېڭچىنىڭ ياسىنى سۇندۇرۇۋەتتى. لېكىن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا، شېڭچى يادىن يەنە بىرنى ئېلىپ، جەنجەن خانغا قارىتىپ ئوق ياغدۇردى. بۇجۇننىڭ ئوق ئېتىش ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، شېڭچى شاھنىڭ ھارۋا يوپۇقى ۋە تۇغ خادىسىنى ئۆرۈۋەتتى. لېكىن، شېڭچى خان ناھايىتى چېۋەر بولغاچقا، ھەر قېتىم بىر قورالدىن ئايرىلىپ قالسا دەرھال يەنە بىر قورال ئالاتتى. ئۇ بۇجۇننىڭ ھارۋا ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە، بۇجۇن ئامالسىز جەنجەننىڭ جەڭ ھارۋىسىغا چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

شېڭچى خان مۇشۇنداق قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ بەندۇ قوشۇننىڭ جىئانغا ئەگىشىپ كىرىپ جەڭ قىلىشىنى توسۇپ قالدى. ئۇ قەھرىمان يىگىت يەككە - يېگانە ھالدا جولۇ قوشۇن-نىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاپسىلىپ قالدى.

مەلىكە مياۋشيەننىڭ ئوغلى جىئان ئىنتايىن يۈرەكلىك بول-غاچقا، قىلچىمۇ قورقۇپ قالمىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى سەر-كەردە - سەرۋازلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىنتايىن نۇرغۇن دۈشمەن-لەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان لەشكەرلەر خۇددى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا دېڭىزغا قوشۇلۇپ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغاندەك ئۇنىڭ ئوقى ئاستىدا غايىب بولۇۋاتات-تى. جولۇ قوشۇننىڭ سېپى جىئاننىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئارقى-سىدا تەۋرىنىپ قالدى. نەندىنىڭ ئوغلى لەكشمەنە بىر باتۇر جەڭچى يىگىت بولۇپ، ئۇ جىئانغا قاراپ ئېتىلدى. چېكىنگەن لەشكەرلەر بۇنى كۆرۈپ لەكشمەنەگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالدى-راپ كەينىگە ياندى، ئۇلار تاغ چوققىسىغا قارا يامغۇر ياغقاندەك جىئانغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشتى. ئاجۇنانىڭ ئوغلى چىرايىنى-مۇ ئۆزگەرتمەستىن خۇددى قاسراق تاشلىغان يىلاندىن چاقنىغان

نۇردەك ئوق ئېتىپ لەكشمەنەگە تەگكۈزدى. قاڭشارلىق، قوشۇما قاش، چاچلىرى چىرايلىق بۇ يىگىت جەڭگاھتا يىقىلىپ ئۆلگەن-دە، جولۇ قوشۇنىدا بۇنىڭغا ئېچىنمىغان ھېچكىم قالمىدى.

نەندى:

— بۇ قەبىھ ئەبلەخنى دوزاختا تاشلاڭلار، — دەپ ۋارقىر-دى. ئالتە چوڭ سانغۇن، دېرونا، مېھرىبان ئۇستاز، كارنا، مايۇڭ، ۋېيلى ۋە چېمكام قاتارلىقلار جىئاننى ئورىۋالدى.

دېرونا كارناغا:

— بۇ يىگىتنىڭ تۆمۈر ساۋۇتىنى تېشىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ يۇگىنىگە قارىتىپ ئېتىپ، يۇگەننى ئۈزۈۋەتسەك، ئۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلايلى، — دېدى.

قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. جىئان-نىڭ ياسى كەينىدىن ئېتىلغان ئوق بىلەن سۇندۇرۇۋېتىلدى، ئېتى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. جەڭچى يىگىت بۇلار-نىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئامالسىز بىر قولىدا شەمشىرىنى، بىر قولىدا قالقىنىنى تۇتۇپ جەڭگاھتا دۈش-مىنىگە قاراپ تۇرسىمۇ ھېچنېمىدىن قورقمىدى. ئۇنىڭ خۇددى كىشەترىيىدەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەتراپتىكى لەشكەرنىڭ ھەم-مىسى ھەيران قېلىشتى، ئۇ شەمشىرىنى ئوينىتىپ ئەتراپتىكى ئۇنى دوراپ تۇرغان لەشكەرنىڭ ھەممىسىگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇ-نىڭ شەمشەرۋازلىق ماھارىتى ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزىنى ئالىچەك-مەن قىلىۋەتتى. دۈشمەنلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ خۇددى يەردە تۇرماي قانات چىقىپ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈندى.

دېرونا بىر پاي ئوق ئېتىپ جىئاننىڭ قولىدىكى شەمشەرنى سۇندۇرۇۋەتتى، كارنانىڭ ئۆتكۈر ئوقى يەنە ئۇنىڭ قالقىنىنى تېشىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن جىئان ئېغىشىپ ھارۋىسىنىڭ بىر پاي چاقىنى

ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، هارۋىنىڭ چاقىنى خۇددى بىر دېسكى-
نى پىرقىراتقاندەك پىرقىرىتىپ، ئەتراپتىكى بارلىق دۈشمەنلەر-
گە تاقابىل تۇردى. چاقنىڭ ئۈستىدىكى توپا ـ تۇمانلار ئۇنىڭ
ئۈستىگە چۈشتى. شائىرلارنىڭ يېزىشىچە، بۇ هالەت بۇ قەهرى-
مان يىگىتنى تېخىمۇ سۈباتلىق كۆرسەتكەنمىش. ئۇ قولىدىكى
«دېسكا» نى تېخىمۇ شىددەت بىلەن پىرقىرىتىپ، خۇددى مۇقەد-
دەس چەمبەرنى پىرقىرىتىدىغان مۇقەددەس ئىلاھ ۋىشنۇغا ئوخشاپ
قالغانىدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
سەركەردە ـ سەرۋازلار بىرلىشىپ هۇجۇم قىلىپ ئۇنى بېسىپ
چۈشۈشكە باشلىدى. هارۋا چاقى زەربىگە ئۇچراپ پارچىلىنىپ
كەتتى. نەنجاڭنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن
جان تىكىپ ئېلىشتى، ئىككىلىسى ئېلىشىپ يەردە دومىلىشىپ
كەتتى. نەنجاڭنىڭ ئوغلى ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ، جىئان ئور-
نىدىن تۇرۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۆمۈر كالتەك بىلەن
ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
چەنشىن چىگو خانىغا:
— مەلىكە مياۋشيەننىڭ ئوغلى بىر پىل نېلۇپەر كۆلچىكىگە
كىرىپ قالغاندەك، ئۆزى يالغۇز جولۇ قوشۇنىغا باستۇرۇپ كى-
رىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىغا
بارغاندا ئۆزى يالغۇز بولغاچقا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق
هالدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن سىلەر جولۇ
قوشۇنىدىكىلەر ياۋايى ئوۋچىلار ياۋايى هايۋانلارنى ئوۋلىغاندا خۇ-
شاللىقىدىن قىنىغا پاتمىغاندەك، ئۇنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئوينىش-
تىڭلار. قوشۇندىكى بارلىق ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۇنىڭ ئۈچۈن
كۆڭلى يېرىم بولۇپ ياش تۆكۈشتى، هەتتا بېشىڭلاردا ئۇچۇپ
يۈرگەن قاغا ـ قۇزغۇنلارمۇ خۇددى 〈ئۇنداق قىلماڭلار〉،
〈ئۇنداق قىلماڭلار〉 دېگەندەك قاقىلدىشىپ كەتتى، — دېدى.
جولۇ قوشۇنىدىكىلەر بۇرغا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ غە-



لىبىنى تەبرىكلەۋاتقان چاغدا، چىگو دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى لې-
جەننىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلدى. ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا:
— بۇ نومۇسسىزلارچە تىل بىرىكتۈرگەنلىك. جەڭچىلەر!
سىلەر چەۋەنداز كارنانىڭ قائىدىسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلار. سىلەر
بۇنىڭدىن نومۇس قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى، لېكىن سىلەر ئەك-
سىچە خۇشال بولۇشۇپ غەلىبىنى تەبرىكلىشىۋاتىسىلەر. مۇشۇن-
داق رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان ئىشنى قىلىپ تۇرۇپمۇ شادلى-
نىشنىڭ ئۆزى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىك، كۆزۈڭلار تورلىشىپ
كۆز ئالدىڭلاردىكى خەتەرنى كۆرمەيۋاتىسىلەر، — دېدى.
لېجەن بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، غەزەپلەنگەن ھالدا قو-
راللىرىنى تاشلاپ جەڭ مەيدانىدىن كەتتى. چىگو دۆلىتىنىڭ
ئوغلى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن قورققاچقا، ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرى
جولۇ قوشۇنىغا نىسبەتەن قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلدى.
لېكىن ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا كۆڭلىدىكى گەپنى دېگەن-
دى.
جىئاننىڭ قۇربان بولۇشى جەنجەن خاننى چەكسىز قايغۇغا
مۇپتىلا قىلدى. ئۇ يىغلىغىنىچە :
— جىئان، سەن دېرونا، مايۇڭ ۋە نەندى ئۈستىدىن غالىب
كەلدىڭ، سەن دۈشمەنلەرنىڭ نەزەرىدە بارلىق نەرسىلەرنى ئۆر-
تەپ تاشلايدىغان بىر ياۋا ئۇچقۇن ئىدىڭ. ئەمدى ھازىر سەن
ئۆلۈپ كەتتىڭ. ئاھ! نەندىنى قورقۇتۇپ تۈت پۇتلاپ قاچۇرۇۋەت-
كەن جەڭچى، سەن راستتىنلا ئۆلۈپ كەتكەنسەنمۇ، مەن ئەمدى
قانداق جەڭ قىلىپ، نېمە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەرمەن؟ بىزگە
ئەمدى بۇ دۆلەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئەمدى ئاجۇناغا قانداق گەپ
بىلەن تەسەللى بېرەرمەن؟ موزىيىدىن ئايرىلغان ئىنەكتەك تىت-
رەپ تۇرغان مەلىكە مىياۋشىيەنگە قانداقمۇ گەپ قىلارمەن؟ ھېچ-
نېمىگە ئەرزىمەيدىغان تەسەللى سۆزلىرىنى ئېغىزىمدىن قانداق
چىقىرارمەن؟ ھەقىقەتەنمۇ خۇددى ھەسەل ئوغرىلىماقچى بولغان

ئەخمەق، ھەرە كۆنگىسىنىڭ ئاستىدىكى تۈۋى يوق ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەندەك، قارا نىيەت، ئادەمنى ئەقلىدىن ئايرىپ قويىدىكەن، مەن غەلىبە قىلىشنى ئويلاپ، بۇ ياش بالىنى جەڭگە ئەۋەتىپتىمەن، ئۇ تېخى نۇرغۇنلىغان مۇھەببەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتنى سۈرمىگەنىدىغۇ. دۇنيادا مەندىنمۇ ئەخمەق ئادەم يوق بولسا كېرەك، ئاجۇنا بۇ يەردە يوق چاغدا مەن ئۇنىڭ ئوغلىنى قوغدىيالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويدۇم — دېدى.

جەنجەن خان بارگاھتا مۇشۇنداق ئازابلىنىپ ئولتۇردى. سەركەردىلەر بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىدا تىنچ سۈكۈت ئىچىدە ئۇ ياش قەھرىمانىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى.

بۇرۇن بۇنداق ئەھۋالدا، يەنى بەندۇ قوۋمىدا بىرەر چوڭ كېلىشمەسلىك بولسا، ئەۋلىيا ۋياسە كېلىپ ئۇلارغا تەسەللى بېرەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئەجدادى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. بۇ قېتىممۇ ئۇ جەنجەن خاننىڭ ئالدىغا ھازىر بولدى. جەنجەن خان ئۇنى داغدۇغىلىق قارشى ئېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئەۋلىيا مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالالمايۋاتىمەن، — دېدى.

ئەۋلىيا ۋياسە ئۇنىڭغا:

— سەن ئەقىللىق ئادەم، شۇڭا ئىنسىنىڭ يولىنى بىلىسەن. سەن ئۆزۈڭنى بۇنچە ئازابلىماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. ئۆلۈمنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنداق ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ئادەملەردەك ئازابلانساڭ بولمايدۇ، — دېدى.

ئەۋلىيا ۋياسە جەنجەن خانغا داۋاملىق تەسەللى بېرىپ:

— ئۇلۇغ براھمان جانلىقلارنى ياراتقان چاغدا كۆڭلىدە ئىك-

كىلىنىپ 〈جانلىقلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى، يەر بەرداشلىق بېرەلمىسە قانداق قىلارمەن〉 دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلۇغ برەھماننىڭ بۇ ئويى بىر پارچە ئوت يالقۇنىغا ئايلىنىپتۇ، بۇ ئوت يالقۇنى بارغانسېرى كۈچىيىپ ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈۋاتىدىغاندەك كۆ- يۈپتۇ. بۇ چاغدا ئىلاھ رودرە كېلىپ ئۇلۇغ براھماندىن بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ برەھمان بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى بىر قائىدىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. بۇ قائىدى-



نى ئىنسانلار ئۆلۈم دەپ ئاتايدۇ. بۇ قائىدە خىلمۇخىل تەرىزدە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، جەڭدە ئۆلۈش، كېسەل بولۇپ ئۆلۈش ياكى ۋەقەگە ئۇچراپ ئۆلۈش، تىنچ ياشاپ تىنچ ئۆلۈش. ئۆلۈم هاياتلىقنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان قانۇنىيىتى، بۇ پۈتۈن دۇنيا-نىڭ مەنپەئىتى ئۇچۇن شۇنداق قىلىنغان. ئۆلۈمگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ياكى ئۆلگۇچى ئۇچۇن هەددىدىن ئارتۇق قايغۇرۇپ كەتكەن ئادەم هەقىقىي ئەقىللىق ئادەم هېسابلانمايدۇ. ئۆلگەن ئادەم ئۇچۇن كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئورنى يوق، پەقەت ئاۋۇ تىرىك تۇرغانلارغىلا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك، — دېدى.

بۇ تەسەللى سۆزلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن ئەۋلىيا ۋياسە كېتىپ قالدى.

ئاجۇنا بىلەن قارا ئىلاھ پىدائىيلار قوشۇنىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن ئۆز بارگاهىغا قايتىپ كەلدى.

يولدا ئاجۇنا قارا ئىلاهقا:

— قارا ئىلاھ، نېمىشقىكىن بىلمەيۋاتىمەن، كۆڭلۈم بىر قىسىملا ئېغىپ تۇرۇۋاتىدۇ. تاماقلىرىم قۇرۇپ ئېيتقۇسىز بىر خىل ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن، ئەجەبا جەنجەن خانغا بىرەر ئىش بولغانمىدۇ؟ قارا ئىلاھ، مەن راستتىنلا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى.

— جەنجەندىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى قارا ئىلاھ جاۋاب بېرىپ:

— ئۇ ۋە سېنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىڭ ساق - سالامەت، - دېدى.

ئۇلار يولدا توختاپ كەچلىك دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى. دۇئا - تىلاۋەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن هارۋىسىغا چىقىپ، بارگاهقا مېڭىشتى. ئۇلار بارگاهقا يېقىنلاشقان چاغدا ئاجۇنادىكى ئۇ خىل تۇيغۇ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

— قارا ئىلاھ، بارگاهتىكى هېچقانداق بىرەر سازنىڭ ئاۋا-

زى ئاڭلانمايدىغۇ، لەشكەرلەرمۇ مېنى يىراقتىن كۆرۈپلا ماڭا قاراشنى خالىمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى ئېمىدېگەن غەلىتە. قارا ئىلاھ، مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. سېنىڭچە، مېنىڭ قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئامانمىدۇ؟ مەن بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن، جېنىم ئېمىشقا باشقا كۆڭۈلدىكىدەك قېرىنداشلىرىنى باشلاپ ئالدىمغا چىقمايدىغاندۇ.

ئۇلار ئەنسىرەشكەن ھالدا بارگاھقا كىرىپ كەلدى.

— سىلەر ئېمىشقا بۇنچە پەرىشان؟ جېنىم نەگە كەتتى؟ ماڭا ئېمىشقا كۆلۈپ تۇرغان ئادەمدىن بىرەسىمۇ ئۇچرىمايدۇ؟ مەن دېرونانىڭ ئېلۇپەر شەكىللىك سەپ تۈزگەنلىكىنى بىلدىم، مېنىڭ بىلىشىمچە، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ھېچقايسىڭلار بۇ خىل سەپنى بۇزالمايسىلەر. جېنىم بىسىپ كىردىمۇ يا؟ ئەگەر ئۇ بىسىپ كىرگەن بولسا، ئۇ چوقۇم بۇ سەپنىڭ ئىچىدە قاپسىلىپ قالىدۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا بۇنداق سەپتىن بۆسۈپ چىقىشنى ئۆگەتمىگەن. ئۇ راستتىنلا قۇربان بولدىما.

ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق چىرايى ۋە بېشىنى سىلىپ ئاجۇناغا قارىيالمايۋاتقان كۆزلىرى ئاجۇنا ئەڭ قورقۇۋاتقان ئىشنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئاتا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— تەڭرىم، مېنىڭ ئۇ ئامراق ئوغلۇم راستتىنلا دوزخ ئىلاھىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كەتتىمۇ؟ جەنجەن، بۇجۇن، مىنگان ۋە ئالەمگە مەشھۇر شەنجەن سىلەر راستتىنلا مەلىكە مياۋشەننىڭ ئوغلىنى دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە قاراپ تۇردۇڭلارمۇ؟ تەڭرىم، مەن ئەمدى مياۋشيەنگە قانداق تەسەللى بېرەرمەن؟ قارا مەلىكىگە قانداق دەرمەن، جېشاڭ مەلىكىگە قانداق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرەرمەن؟ ئۇنىڭغا كىممۇ تەسەللى بېرەلەر.

قارا ئىلاھ ئازابلىنىپ كېتىۋاتقان بۇ دوستىغا:

— قەدىرلىك ئاجۇنا، سەن بۇنداق ئازابلىنىپ كەتسەڭ بولمايدۇ. كىشەترىيە بولۇش سۇپىتىمىز، بىزنىڭ قورال بىلەن تۇغۇلۇپ قورال بىلەن ئۆلۈشىمىزنى ۋە لەشكەرلىكنى كەسىپ قىلىشىمىزنى بەلگىلىگەن. كىشەترىيەلەر جەڭگە چىققاندا ھەرگىزمۇ قاچاق لەشكەر بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۆلۈم ئىلاھى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. جەڭچى دېگەن ئۆلۈمگە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى كېرەك. جېئان ياپياش تۇرۇپ ئاپئاق چاچلىق جەڭچىلەر جەڭ ئارقىلىق كىرمەكچى بولغان جەننەتكە كىرىپ بوپتۇ. جېئاننىڭ ئاقىۋىتى بارلىق كىشەترىيەلەرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئاقىۋەت ھەم شۇنداقلا ئۇلار ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپمۇ يېتەلمەيدىغان نىشان. ئەگەر سەن بۇ دەرىجىدە قاتتىق ئازابلىنىپ كەتسەڭ، سېنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرىڭ ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ خانلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا رايى بارمايدۇ. بولدى يىغلىما، قەددىڭنى رۇسلاپ باشقىلارنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەر، — دېدى.

ئاجۇنانىڭ بۇ قەھرىمان ئوغلىنىڭ قۇربان بولۇشىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى بىلگۈسى كەلدى. جەنجەن خان ئۇنىڭغا:

— مەن جېئاننى دۈشمەنلەرنىڭ سېپىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم، چۈنكى مەن بۇ خىل سەپنى پەقەتلا ئۇنىڭلا بۇزالايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئۇنىڭغا: 《سەن نېلۇپەر شەكىللىك سەپكە بۆسۈپ كىر، بىز ئارقاڭدىن ئەگىشىپلا كىرىمىز، ئەگەر سەن بۇنداق زور تۆھپە ياراتساڭ، داداڭ بىلەن تاغاڭ بەك خۇشال بولىدۇ》 دېدىم. بۇ قەھرىمان يىگىت سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كىرىپ كەتتى. بىز پىلان بويىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۇق. لېكىن، دەل مۇشۇ چاغدا ياۋۇز شېڭچى كېلىپ بىزنى توسۇۋېلىپ، بۆسۈپ ئۆتۈلگەن يەرنى ناھايىتى تېزلا تولۇقلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىز جېئانغا ئەگىشىپ دۈشمەن سېپىگە كىرىشكە ئامالسىز قالدۇق. شىندۇ دۆلىتىنىڭ شاھى بىزنى سەپنىڭ سىرتىدا توسۇۋالغاچقا،



كېيىن بىر توپ سەركەردىلەر كىشەترىيىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش قائىدىسىگە نومۇسسىزلارچە خىلاپلىق قىلىپ، دۇشمەن سېپىگە يەككە ـ يېگانە هالدا باستۇرۇپ كىرگەن بۇ قەهرىمانغا بىرلىشىپ هۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئاجۇنا بارلىق گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ بەك ئازابلىنىپ هوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى.

هوشىغا كەلگەندىن كېيىن قەسەم قىلىپ:

— ئەتە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن، ئوغلۇمنى قىستاپ ئۆلۈم گىردابىغا ئەكىلىپ قويغان شېگچېنى چوقۇم جېنىدىن جۇدا قىلىمەن. ناۋادا دېرۇنا ۋە مېهرىبان ئۇستازلار توسقان تەقدىردىمۇ بۇ ئىككى ئۇستازنىمۇ ئۆلتۈرىمەن، — دېگەندىن كېيىن، ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتتى، قارا ئىلاهمۇ بۇرغىسىنى چېلىشقا باشلىدى. بۇچۇن: «ئاجۇنانىڭ كىرىچىنىڭ ئاۋازى بىلەن قارا ئىلاهىنىڭ بۇرغىسىنىڭ ئاۋازى چىگو خانىنىڭ ئوغۇللىرىغا نىسبەتەن، ئەزرائىلنى چىللاپ كەلگەنلىك» دېدى.

ئاجۇنانىڭ قەسەم ئىچكەنلىكىنى دۇشمەنلەرمۇ بىلدى. ئايغاقچىلار نەندىنىڭ دوستىغا مەلۇم قىلىپ:

— ئاجۇنا شېگچى خانىنىڭ جىئانىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەتە ئۇنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە قەسەميات قىلدى، — دېدى.

شېگچې بولسا شىندۇ دۆلىتىنىڭ ئاتاقلىق خانى زېڭۋۇنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ شاهزادە تۇغۇلغان چاغدا كۆكتىن بىر ئاۋاز كېلىپ:

— بۇ شاهزادە ناهايىتى شەۋكەتلىك بولىدۇ، ئۇ جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ، تارىختىكى ئەڭ مەشهۇر بىر جەڭچى جەڭ مەيدانىدا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ، — دېگەنىكەن.

بارلىق جانلىقلارنىڭ هەممىسى ئۆلىدۇ، لېكىن ئۇ مەيلى

قانچىلىك ئەقىللىق ۋە باتۇر ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچ-كىم ئۆلۈمنى قارشى ئالمايدۇ. زېڭۋۇ ئوغلىنىڭ تەقدىرىگە مۇنا-سىۋەتلىك بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولالماي ئىن-تايىن ئەنسىرەپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئەپسۇن ئوقۇپ:

— ئوغلۇمنىڭ كاللىسىنى يەرگە دومىلاتقان ئۇ ئادەمنىڭ كاللىسى پارە - پارە بولۇپ كەتكەي، — دېگەن.

شېڭچې بارغانسېرى چوڭ بولۇپ، قۇرامىغا يەتكەندىن كې-يىن، زېڭۋۇ خانلىق تەختىنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزى پىنھان تاغلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆتكۈ-زۈۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇۋاتقان ئىبادەتخانا كېيىن جولۇ ئۇرۇشى بول-غان جولۇكشىتلا تۇزلەڭلىكىگە يېقىن ئىدى. شېڭچې ئاجۇنانىڭ قەسەم قىلغانلىقىنى بىلىپلا، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى بېشا-رەتنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مەھشەر كۈنىنىڭ كەلگەنلىكىد-دىن قورقۇپ كەتتى. ئۇ نەندىگە:

— مېنىڭ ئەمدى جەڭ قىلغۇم يوق، مېنى دۆلىتىمگە قايتقىلى قوي، — دېدى.

— شېڭچې قورقما، — دېدى نەندى جاۋاب بېرىپ — بۇ يەردىكى سەركەردىلەر ۋە جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى سېنى قوغداي-دۇ. كارنا، خۇاجۇن، فېينيەن، گۇاڭشېڭ، سارىيە، نيۇجۇن، دۇيۇ، چىڭشېڭ، بوجې خانى، كانپۇساي خانى، شەنچياۋ، جېن-شى، چىئېر، ئېيەن، نەجياڭ، مياۋبى، شىلىنكا دۆلىتىنىڭ خانى، ئەپەندى دۆلىتىنىڭ شاھزادىلىرى، دېرونا، دېرونانىڭ ئوغۇللىرى، يەنە ساخۇنى ۋە بارلىق جەڭچىلەر، ھەتتا مەن ئۆ-زۈممۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېتىمەن، سەن ھېچقانداق خەتەرگە ئۇچرى-مايسەن. مەن بارلىق سەركەردىلەرگە ئەتە سېنى ئاجۇنانىڭ ھۇ-جۇمىدىن سېنى قوغداشنىڭ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئى-كەنلىكى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىمەن، — دېدى.

شېڭچې ئامالسىزلىقتىن قېلىپ قېلىشقا ماقۇل بولدى ۋە

دېرونانى ئىزدەپ تېپىپ:

— ئۇستاز، سىز ماڭا تەلىم بەرگەن، يەنە ئاجۇناغىمۇ تەلىم بەرگەن، ئىككىلىمىزنىڭ ماھارىتى سىزگە ئايان، سىز بۇ ئىككىمىزگە قانداق باھا بېرىسىز، — دېدى.

— ئوغلۇم، مەن ئۇستازلىق مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ، ئىككىڭلارنىڭ ھېچقايسىڭلارغا يان باسمىدىم، ئىككىڭلارغا ئۆگەتكىنىم ئوپمۇئوخشاش، لېكىن ئاجۇنانىڭ ماھارىتى سېنىڭدىن ئۇستۇن. چۈنكى، ئۇ جاپاغا چىداپ مەشىق قىلغان، لېكىن سەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇمىدسىزلىنىپ كەتمە، بىز سېنى كۈچلۈك مۇداپىئە سېپىنىڭ ئارقىسىغا قويىمىز، بۇ مۇداپىئە سېپىنى ئاجۇنا ئاسانلىقچە بۆسۈپ ئۆتەلمەيدۇ. جەڭ قىلغىنى، ئەجدادلىرىڭنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمە. مەيلى قورقۇنچاق ياكى باتۇر بولايلى ھېچقايسىمىز ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز. جەڭچى جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولسا ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، لېكىن باشقىلار بولسا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتتىن كېيىنلا ئاندىن جەننەتكە كىرەلەيدۇ. قورقما، جەڭ قىل، - دېدى.

دېرونا شىگچىغا بۇ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئەتىكى جەڭ سەپلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يۈرۈپ كەتتى.

دېرونا شىگچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مۇداپىئەسى زىچ بىر ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ ئورنى ئاساسىي قوشۇندىن 12 مىل يىراقلىقتا ئىدى. شىگچىنىڭ ئەتراپىغا يەنە گۇاڭشىڭ، كارنا، مايۇڭ، مالىيە، نيۇجۇن، مېھرىبان ئۇستاز قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇردى، ھەممەيلەن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ بۇ سەردىلەر بىلەن بەندۇ قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقاندىن كېيىن دېرونا ئۈچ خىل سەپ تۈزدى. ئۇ جولۇ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يۇمىلاق سەپ قىلىپ، يۇمىلاق سەپنىڭ ئارقىسىغا نىلۇپەر شەكىللىك سەپ، نىلۇپەر شەكىللىك سەپنىڭ ئارقىسىغا مىخ شەكىللىك سەپ تۈزدى. بۇ ئۈچ سەپ بىر - بىرىگە ھەمدەم



بولىدىغان بولۇپ، شېڭچې ئۇلارنىڭمۇ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇل-
غانىدى. دېرونا يۇمىلاق سەپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئۇ ناھايى-
تى ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئۇچىسىغا ئاق دۇبۇلغا ۋە ئاق ساۋۇتىنى
كىيىپ، تورۇق ئېتى قوشۇلغان مەشھۇر جەڭ ھارۋىسىدا ئولتۇ-
راتتى. ئۇنىڭ نەزىر ـ چىراغ مېھرابى ۋە بۇغا تېرىسى سىزىلغان
تۇغى شامالدا لەپىلدەپ، جولۇ قوشۇنىدىكىلەرنى ئۆلۈمدىن قورق-
ماي جەڭگە ئېتىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى.

نەندى بۇ جەڭ سېپىنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى رازى
بولدى.

چىگـو دۆلىتىنىـڭ شـاھزادىسـى نەنجـى بىر زور قوشۇن-
نى باشلاپ ماڭدى، قوشۇندا مىڭ جەڭ ھارۋىسى، يۈز تۇياق جەڭ
پىلى، ئۈچ مىڭ چەۋەنداز، 1500 نەپەر ئوقياچى، بىر تۈمەن
پىيادە لەشكەر بولۇپ قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ، بۇرغىلىرد-
نى چالغىنىچە بەندۇ قوشۇنىغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ:

— كىشىلەر ئاجۇنانىڭ ماھارىتىنى بەك ماختىشىدىكەن،
يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى بەك غەزەپلەندۈرۈۋې-
تىپمىشمىز. ئاجۇنا نەدە؟ ئۇ چىقىپ سېپىمىزنى بۇزۇپ باقسۇن-
چۇ قېنى. بىز ئۇنـى خـۇددى كاھـىش قورام تاشـقا سوقـۇ-
لۇپ كۇكۇم ـ تالقان بولغاندەك، كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋاتىمىز،
— دەپ ۋارقىرىدى.

ئاجۇنا دۇشمەندىن ئىككى ئوق ئېتىم يىراقلىقتا توختاپ،
ھارۋىسىدىن چۈشۈپ بۇرغىسىنى چېلىپ جەڭگە چىقتى. ئۇنىڭغا
ئۇلاپلا جولۇ قوشۇنىدىكى ھەممەيلەن بۇرغىلىرىنى چېلىشقا باش-
لىدى.

— قارا ئىلاھ، نەنجى تەرەپكە قاراپ ئاتلان، بىز بۇ پىل
سېپىنى بۆسۈپ ئۆتەيلى، ـ دېدى ئاجۇنا قەيسەرلىك بىلەن.

نەنجىنىڭ قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولدى، خۇددى كۈچلۈك
بوران ئىس ـ تۈتەكنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك، جولۇ قوشۇنى

تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئەنجاڭ بۇنى كۆرۈپ غەزىپى تېشىپ، قۇدرەتلىك پىل قوشۇنىنى باشلاپ ئاجۇنانى قورشىۋالدى. ئەنجاڭ ناھايىتى ئەسكى ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن باتۇر ئىدى. ئۇ ۋەھشىيلىك بىلەن ئاجۇنا بىلەن جەڭ قىلىپ، جەڭ مەيدانىنىڭ ھەممە يېرىنى جەسەتكە تولدۇرۇۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يېڭىلىپ جەڭدىن قېچىپ دېرونانىڭ چوڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى.

ئاجۇنانىڭ جەڭ ھارۋىسى ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن ئالدىغا ئېتىلىپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز دېرونا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ ئۇستازى دېروناغا:

— نامى ئۇلۇغ ئادەم، مەن ئامراق ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم، شۇڭا قىساس ئېلىش ئۈچۈن شىندۇ خانىنى ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى.

بۇ ئۇستاز كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاجۇنا ئەگەر، سەن سېڭچې خانىنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ، چوقۇم ئالدى بىلەن مېنى يېڭىشىڭ كېرەك، — دېدى.

ئۇ سۆزلىگەچ ئاجۇنانىڭ ھارۋىسىغا ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئاتتى. ئاجۇنامۇ قايتۇرۇپ ئوق ئاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنى دېرونا قېقىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن دېرونا ئوق ئېتىپ ئاجۇنا بىلەن قارا ئىلاھقا تەگكۈزدى. بەندۇنىڭ ئوغلى شۇندىلا قەتئىينديەتكە كېلىپ ئوق ئېتىپ دېرونانىڭ ئوقياسىنى سۇندۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ئۇ مۇقەددەس ئوقياسىنى راسا كېرىپ تۇرغاندا ئېيتماق ئاستا، قىلماق تېز دېگەندەك، دېرونانىڭ ئوقى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ياسىنىڭ كىرىچىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇستاز شۇنداقتىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاجۇنا ۋە ئۇنىڭ ھارۋا ئېتىغا قارىتىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى.

ئاجۇنا ئۇنىڭغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. لېكىن، ئۇستاز دېرونانىڭ يامغۇردەك ئاتقان ئوقلىرى ئاجۇنا ۋە ئۇنىڭ

ھارۋىسىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قاپساپ قويدى.
قارا ئىلاھ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ:
— ئاجۇنا، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي داۋاملىق ئالدىمىزغا مېڭىۋېرەيلى، ئۇ براھمان بىلەن ئۇرۇش قىلغاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. قارىغاندا ئۇ مەڭگۇ ھارمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى. قارا ئىلاھ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، بىر تەرەپتىن ھارۋىسىنى ھەيدىگىنىچە ئۇستازىنىڭ سول تەرىپىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى.
— توختا! دۈشمىنىڭنى يەڭمەي تۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ خام - خىيال قىلما.
— ئۇستاز، سىز مېنىڭ ئۇستازىم، ھەرگىزمۇ مېنىڭ دۈشمىنىم ئەمەس. سىزنىڭ شاگىرتىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەنمۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزغا ئوخشاش. يەر يۈزىدە سىزنى يېڭەلەيدىغان ئادەم يوق، — ئاجۇنا سۆزلىگىنىچە، قارا ئىلاھ ئىككىسى دېرونانى تاشلىۋېتىپ ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.
يول بويى ئاجۇنا بوجې قوۋمىنىڭ قوشۇنلىرى ۋە كەمپۇساي خانىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، سانسىز باتۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا شېڭچې خان تۇرۇشلۇق يەرگە كەلدى.
ئەندى ئاجۇنانىڭ ھارۋىلىق كۆرەڭلىگىنىچە ئۇدۇل شىندۇ دۆلىتىنىڭ خانى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دېرونانىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئاغرىنغان ھالدا:
— ئاجۇنانىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لېكىن ئەھۋال ئىشنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىن ئۆتۈپ، ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماپتۇ. قارىغاندا سىز باشتىن - ئاخىر بەندۇ قوۋمىدىكىلەرگە ياردەم بېرىشنى ياخشى

كۆرىدىغان ئوخشايسىز. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇستاز ئېيتىڭچۇ، مەن قايسى ئىشتا سىزنى رەنجىتتىم؟ سىز نېمىشقا ھە دېسىلا مېنى مەغلۇبىيەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويىسىز؟ ئەگەر مەن سىزنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى باللدۇرراق بىلگەن بولسام، شېڭچېنى بۇ يەردە ئېپقالماي دۆلىتىگە قايتقىلى قوياتتىم، ئۇ دۆلىتىگە قايتماقچى بولىۋىدى مەن ئۇنى قايتقىلى قويمىغانىدىم، بۇ ھەقىقەتەن چوڭ بىر خاتالىق بوپتۇ. ئەگەر ئاجۇنا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز ئۆلىدۇ، ھەرگىزمۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ. مېنى كەچۈرۈڭ. مەن... مەن بەك جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، ئەخمىقانە سۆزلەپ قويۇپتىمەن. شەخسەن ئۆزىڭىز بېرىپ شېڭچېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — دېدى.

دېرونا جىددىيلىشىپ كەتكەن نەندىدىن كەچۈرۈم سوراپ:

— مەن بۇ يەردىن ئايرىلسام بولمايدۇ، قارا ئوق خۇددى قارا بۇلۇتتەك بۇ يەرگە قاراپ ئېتىلىۋاتىدۇ. بەندۇ قوشۇنى شىددەت بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇ جەنجەن ئەمەسمۇ؟ ئاجۇنا ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنى قوغدىماپتۇ. بۇ بىز ئۆزۈڭدىن كۈتۈۋاتقان ئوبدان پۇرسەت ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ پىلانىمىز ئىشقا ئاشىدىغان بولدى، مەن ھازىر جەنجەننى ساڭا تىرىك تۇتۇپ بېرىمەن، مەن ھەرگىز بۇ نىشاننى تاشلاپ ئاجۇنانى قوغلاپ كەتسەم بولمايدۇ. ئەگەر مەن ئاساسىي قوشۇنغا سەل قاراپ ئاجۇنانى قوغلاپ بارسام، قوشۇنىمىزنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ، بىز مەغلۇپ بولىمىز. گېپىمنى ئاڭلا بۇ ساۋۇتنى ئال، ئۇنى كىيىپ بېرىپ ئاجۇنانى توسقىن.

نەندى ئىشەنچكە تولۇپ، ئۇستازىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە ساۋۇتنى كىيىپ، بىر قۇدرەتلىك قوشۇننى باشلاپ ئاجۇنانى توسۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

— ئاجۇنا، ئارقاڭغا قارا، نەندى دېگەن ئەبلەخ كەلدى. بۇ نېمىدېگەن ئامەتلىك — ھە، ئۇز ۋۇندىن بۇيان كۆڭلۈڭدىكى غەزەپ ئوتىنى بېسىپ كەلگەنىدىڭ، ئەمدى دەردىڭنى ئالىدىغان پەيت كەلدى. بارلىق قىيىنچىلىقلارنى مۇشۇ ئادەم كەلتۈرۈپ چىقار-غان. مانا ئەمدى ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمىزغا كەپتۇ. لېكىن، ئېسىڭدە بولسۇن ئۇ ئۇستا مەرگەن، ئوق ئېتىش ماھارىتى بەك يۇقىرى، يەنە كېلىپ ناھايىتى چېۋەر ۋە كۈچلۈك جەڭچى، — قارا ئىلاھ شۇنداق دېگىنىچە ھارۋىسىنى توختىتىپ، ئاجۇنانى نەندى بىلەن ئېلىشىشقا سالماقچى بولدى.

نەندى قىلىچىلىكمۇ قورقۇپ قالماستىن ئاجۇنا يېنىغا كې-لىپ:

— ئاجۇنا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ماھارىتىڭنى بەك قالتىس دېيىشىدىكەن، لېكىن مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆ-رۈپ باقمىدىم. ئەمدى ماڭا سېنىڭ ماھارىتىڭ ۋە يۈرىكىڭنىڭ چوڭلۇقىنىڭ بىكارغا تارقالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوي، — دېدى. نەندى ئاجۇناغا يېتىشىپ تېخى تۇتۇشۇش باشلانمىغان چاغدا.

بۇ جەڭ ھەقىقەتەنمۇ قارا ئىلاھنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ شىددەت-لىك بولدى.

— ئاجۇنا، مەن سەل غەلىتە ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى قارا ئىلاھ — سېنىڭ ئوقۇڭ نەندىنى زەخىملەندۈرەلمەيۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ قانداق ئىشتۇ؟ مۇقەددەس ئوقيادىن ئېتىلغان ئوق-نىڭ ئادەمنى زەخىملەندۈرەلمىگەنلىكىنى مېنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم. بۇ ھەقىقەتەن سەل غەلىتە، ئەجەبا سېنىڭ بىلەكلى-رىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ قالغانمىدۇ؟ ياكى مۇقەددەس ئوقيا ئۆزى-نىڭ خىسلىتىنى يوقىتىپ قويغانمىدۇ؟ نېمىشقا سەن ئاتقان ئوق نەندىغا تەگىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا سانجىلماي يەرگە چۈشۈپ كېتى-ۋاتىدىغاندۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن بەك غەلىتە ئىشقۇ!

ئاجۇنا كۆلۈپ تۇرۇپ:
— مەن چۈشەندىم، دېرونا بۇ بۆرادەرگە سېھىرلىك ساۋۇتنى كىيدۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ. سېھىرلىك ساۋۇتنىڭ سىرىنى مەن بىلىمەن، ئۇستاز ماڭا ئۆگىتىپ قويغان. بۇ سولتەك ئۇنى كىيىۋېلىپ خۇددى بۇقىدەك بەك كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ، سەن ئەمدى كۆلكىلىك ئىشنى كۆر — دېدى.
ئاجۇنا سۆزىنى تۈگىتىپلا ئوق ئاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن نەندىنىڭ ئېتى، مۇھاپىزەتچىسىنى موللاق ئاتقۇزۇپ ۋە جەڭ ھارۋىسىنى پاچاقلىدى. ئارقىدىن ئوق ئېتىپ نەندىنىڭ ئوقياسىنى سۇندۇرۇۋېتىپ، نەندىنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يىڭنىدەك كىچىك ئوقلارنى ئاتتى. بۇ كىچىك ئوقلار دەل سېھىرلىك ساۋۇت ياپالمايدىغان يەرلەرگە تېگىپ، نەندىنىڭ تېنىگە سانجىلدى. كېيىن نەندى بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.
نەندى ئالاقزادىلىك بىلەن قورقۇپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، قارا ئىلاھ بۇرغىسىنى چالدى. شىكچي خاننىڭ قوشۇندىكىلەر بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قورققىنىدىن يۈرەكلىرى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كەتتى. شىكچي خاننىڭ ئەتراپىدىكى سەركەردىلەرنىڭمۇ قورققىنىدىن ئۆڭى ئۆچۈپ جەڭ ھارۋىلىرىغا چىقىشىپ جەڭگە تەييارلىنىشتى.
بەندۇ قوشۇنى نەندىنىڭ ئاجۇنا بار تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن جولۇ قوشۇنىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دېرونانى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ئۇنىڭ شىكچىغا ياردەم قىلىشىغا يول قويمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مىڭگۇاڭ قوشۇنىنى باشلاپ دېروناغا ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە جولۇ قوشۇنى ئۈچ مۇداپىئە لىنىيىسىدىلا جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئەسكىرىي كۈچى زور دەرىجىدە خوراپ كەتتى.
مېنگان ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۇدۇل دېروناغا قاراپ باستۇ-

رۇپ كېلىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. دېرونانىڭ تورۇق
ئېتى بىلەن مېنگاننىڭ بوز ئېتى ئۆزئارا ئارىلىشىپ گۆگۈم
مەزگىلىدىكى تۇمانغا ئوخشاپ قالدى. مېنگان ئوقياسىنى تاش-
لاپ، بىر قولىغا شەمشەر، بىر قولىغا قالقان ئېلىپ دېرونانىڭ
ھارۋىسىغا سەكرەپ چىقتى. ئۇ بىردەم ھارۋىنىڭ شوتىسىدا تۇ-
رۇۋالسا، بىردەم ئاتقا مىنىۋېلىپ، يەنە بىردەم بولسا ھارۋىنىڭ
بالدىقىغا چىقىۋېلىپ، دېروناغا توختىماستىن ھۇجۇم قىلدى.
ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە قان تولۇپ، ياۋۇزلۇق ئۇچقۇنى چاقناپ،
ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبىنى خۇددى غەزەپ ئوتى بىلەن كۆيدۈ-
رۇپ ئۆرتىۋەتمەكچى بولغاندەك قارايتتى. دېرونا بۇنىڭدىن قاتتىق
غەزەپلىنىپ، كىرىچنى تارتىپ ئوق ئۈزدى، ئەگەر بۇ ئوقنى
تاسادىپىي ھالدا شەنجەننىڭ ئاتقان ئوقى توسۇۋېلىپ بىر چەتكە
قايرىپ تاشلىمىغان بولسا، مېنگاننىڭ جېنىنى ئالغان بولاتتى.
دېرونا قايرىلىپلا شەنجەن بىلەن جەڭ قىلىشىپ كەتتى.

ئۇلار ئۆزئارا ئوق ئېتىشتى، ئوقنىڭ قويۇقلۇقىدىن قۇياش
نۇرىمۇ توسۇلۇپ قېلىپ، جەڭگاھ زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە
قالدى. پولات ئوقلار ھاۋادا ۋىژىلداپ ئۇچۇپ، خۇددى يېڭىدىن
قاسراق تاشلىغان ئىلان قالايمىقان ئۆمىلەپ يۈرگەندەك نۇر چا-
چاتتى.

شەنجەننىڭ نىشانغا توغرىلاپ ئاتقان بىر تال ئوقى دېرونانىڭ
ئوقياسىنى سۇندۇرۇۋەتتى. دېرونا ئامالسىز يەنە بىر تال ئوقيا
ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ياغا كىرىچنى بېكىتىۋاتقان شۇ پەيتتە
بۇ يېڭى ئوقياسىمۇ شەنجەن ئاتقان ئوق بىلەن سۇندۇرۇۋېتىلدى.
دېرونا يەنە بىر تال ئوقيانى ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا يەرگە چۈشۈ-
رۈۋېتىلدى. شۇنداق قىلىپ دېرونا بىرنى ئالسا بىرسى چۈشۈرۈ-
لۈپ، بىر يۈز بىر دانە ئوقيادىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ،
يەنىلا بىرەر پاي ئوق ئاتالمىدى. بۇ ئۇستاز ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ
شەنجەنمۇ، چېڭيۇڭزى، ئاجۇنا ۋە ۋىسىۋەركەرمە بىلەن تەڭ قا-

تاردا تۇرالايدىغان سەركەردە ئىكەن» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە تەڭ كېلەلەيدىغان بىر رەقىبكە دۇچ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. بۇ ھۇنەرۋەنىڭ ئۆز كەسپىدىن بىرەر ماھىر چىقسا ھېس قىلىدىغان كەسپىي خۇشاللىقى ئىدى. دېرونا ھەر قېتىم بىرسىمۇ زايا كەتمەيدىغان ئوقىنى ئاتقاندا، شەنجەن ھېچقانداق تەمتىرىمەستىن ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇراتتى.

ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەڭ كېلىشىپ قېلىپ ناھايىتى ئۇزاق جەڭ قىلىشتى. شۇندىلا تەڭداشسىز مەرگەن دېرونا شەنجەننىڭ جېنىنى ئېلىش نىيىتىگە كېلىپ، ئاتەش ئىلاھىنىڭ ئېتىش ئۇسۇلى بويىچە ئاتتى، لېكىن شەنجەن بۇنى كۆرۈپ قالغاچقا ئالدىراپ - تېنەپ ئاتەش ئىلاھىنىڭ ئېتىش ئۇسۇلى بويىچە توستى.

كېيىن شەنجەننىڭ دىققىتى بارا - بارا چېچىلىپ كەتكەچكە جەنجەن خان يېڭىدىكى سەركەردىلەرنى ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. شەنجەننى ناھايىتى تەستە قۇتقۇزۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن دەل شۇ ۋاقىتتا يىراقتىن ئاجۇنا جەڭ قىلىۋاتقان يەردىن قارا ئىلاھنىڭ بۇرغا ساداسى ئاڭلاندى. جەنجەن خان:

— شەنجەن، مەن قارا ئىلاھنىڭ بۇرغىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئاجۇنانىڭ مۇقەددەس ئوقياسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايۋاتىمەن. ئەجەبا ئاجۇنا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟ شەنجەن سەن ئۇنىڭغا ياردەمگە بار، — دېدى.

شەنجەن دېرونا بىلەن جەڭ قىلىپ ناھايىتى ھېرىپ كەتكەندى. ئۇ جەنجەن خانغا جاۋاب قايتۇرۇپ:

— پەزىلەتلىك شاھىم، مېنىڭ سېنىڭ پەرمانىڭنى شۇنداق ئاڭلىغۇم بار، لېكىن مەن كېتىپ قالسام سېنى قوغداش ۋەزىپىسىنى كىمگىمۇ تاپشۇرارمەن — دېدى. جەنجەن خان:

— بۇ يەردە مېنىڭ بەختەرلىكىمنى قەھرىمان سەردار بۇجۇن قوغدىسا بولدى، مېنگانمۇ بۇ يەردە، بۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردە

يەنە نۇرغۇنلىغان سەركەردىلەر بار، مەندىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بو-
لىدۇ، — دېدى.
سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپلا، جەنجەن خان لىق بىر ساداق ئوق
ۋە باشقا قوراللارنى شەنجەننىڭ هارۋىسىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا يەنە
چاپچىپ تۇرغان ئارغىماقتىن بىرنى بېرىپ ئۇنىڭغا بەخت تىلى-
گەندىن كېيىن، ئۇنى تېز بېرىشقا بۇيرۇدى.
— بوجۇن، جەنجەن خاننى ساڭا تاپشۇردۇم، كۆپرەك ئېھ-
تىيات قىل، — شەنجەن بوجۇنگە شۇنداق دېگەندىن كېيىن
ئاجۇنانى ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى.
دېرونا شەنجەننىڭ جەنجەندىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بەن-
دۇ قوشۇنىغا جىددىيلىك بىلەن هۇجۇم قىلدى، ئۇ ئارامىمۇ
ئالماي، توختىماي هۇجۇم قىلىپ ئاخىر مۇداپىئە سېپىدىن بۆ-
سۈپ ئۆتۈپ، بەندۇ قوشۇنىنى چېكىندۈردى. جەنجەن خان قور-
قۇپ خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى.
جەنجەن خان ئىنتايىن ئەنسىرىگەن هالدا بوجۇنگە:
— ئاجۇنا قايتىپ كەلمىدى، ئۇنىڭغا يارەدەمگە ئەۋەتكەن
شەنجەنمۇ قايتىپ كەلمىدى. بوجۇن مەن بارغانسېرى ئەنسىرەپ
كېتىۋاتىمەن — دېدى.
— مەن ئەزەلدىن بۇنداق جىددىيلىشىپ باقمىغان، — دېدى
بوجۇن جاۋاب قايتۇرۇپ «جاسارىتىڭنى سۇندۇرما، قانداق قىلى-
شىم كېرەكلىكى توغرىسىدا ماڭا پەرمان چۈشۈر. كاللاڭنى ئۇن-
داق تايىنى يوق ئىشلارغا قاتۇرۇپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما.
— قەدىرلىك بوجۇن، ئەگەر گېپىمنى ئاڭلاشنى خالىساڭ،
تېز بېرىپ ئاجۇنانى تېپىپ كەل، ئەگەر ئۇلارنىڭ هاياتلىقىنى
كۆرسەڭلا نەرە تارتىپ ماڭا بەلگە بەر، شۇندىلا مېنىڭ كۆڭلۈم
ئارامىغا چۈشىدۇ، — دېدى.
— شاهىم ئەنسىرىمەڭ، مەن هازىرلا باراي، مەن چوقۇم
سىزگە ئۇلارنىڭ سالامەتچىلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىمەن، —

دېدى بۇجۇن جاۋاب بېرىپ. ئۇ دەرھال ئۆرۈلۈپ مېنگانغا دېدى.

— مېنگان، سەن دېرونانىڭ جەنجەن خاننى تىرىك تۇتماقچى بولغانلىقىنى ئەلۋەتتە چۈشىنىسەن. مەن ھازىر كېتىمەن، ئۇنى سەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغدا.

— بۇجۇن، ئەنسىرىمەي بېرىۋەرگىن دېرونا ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي تۇرۇپ، جەنجەننى تىرىك تۇتالمايدۇ، — مۇجۇ خاننىڭ بۇ قەھرىمان ئوغلى دېرونانىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى مېنگان مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇجۇن تېز سۇرئەتتە يۈرۈپ كەتتى.

بۇجۇن قانلىق قىرغىن قىلىپ، قاتمۇقات توساقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاخىر ئاجۇنا بىلەن شېگچې جەڭ قىلىۋاتقان يەرگە كەلدى.

بۇجۇن يىراقتىن ئاجۇنانى كۆرۈپ، شىردەك ھۆركىرىدى. قارا ئىلاھ بىلەن ئاجۇنا ئۇنىڭ ھۆركىرىشىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى ۋە ئارقىدىنلا جاۋابەن ھۆركىرەشتى. جەنجەن خان بۇ ھۆركىرەشلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدىكى ئەنسىرەش يوقاپ، خۇشاللىق بىلەن ئاجۇناغا بەخت تىلىدى. ئۇ جىمجىت ھالدا: «ئاجۇنانىڭ قەسىمى بۈگۈن كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئورۇنلىنىشى كېرەك. ئۇ جىنئاننى ئۆلۈم گىردابىغا ئەپكېلىپ قويغان شېگچېنى ئۆلتۈرۈپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىشى كېرەك. شېگچې ئۆلسىلا نەندى سۈلھى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. شۇنچە كۆپ قېرىنداشلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، ئەخمەق نەندىمۇ پۇشايمان قىلىپ قالار. نۇرغۇنلىغان خانلار ۋە ئۇلۇغ جەڭچىلەر جەڭگاھتا قۇربان بولدى، مىجەزى ئوسال ھەم كۆزى كىچىك نەندىمۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ سۈلھى تەلەپ قىلار. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشارمۇ؟ ئاقساقال ۋىسىۋەكەرمە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت شۇنىڭ بىلەن يۇيۇلۇپ، بۇ ۋەھشىي ئۇرۇشتىن

قوتولالارمىزمۇ» دەپ ئويلىدى.
جەنجەن خان چىن كۆڭلى بىلەن تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىپ، تىنچ مەزگىللەرنى ئويلىدى، بوجون، شەنجەن ۋە ئاجونالار دۈش-مەنلەر بىلەن ئەسەبىيلەرچە جەڭ قىلدى.
ئاجونانىڭ ھوجومىغا قارىتا نەندى كارناغا:
— ھەل قىلغۇچ پەيت يېتىپ كەلدى، ئەگەر قاراڭغۇ چۈ-شۈشتىن بۇرۇن، شىڭچى خان يەنىلا خەتەرگە يولۇقمىسا، بۇ ئاجونا ئۈچۈن ئەڭ زور نومۇس بولىدۇ. شۇڭا ئۇ قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى كې-رەك. ئاجونا ئۆلسىلا بەندۇ قوۋمى تۈگىشىپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتى-نى بىزنىڭ سورىشىمىز شۈبھىسىز. ئىلاھلار بۇرۇنلا ئاجونا ئۆزىنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك ئۆلىدۇ دەپ پۈتۈۋەتكەن، شۇڭا ئۇ بىر مەھەللىلىك ئاچچىقنى دەپ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىشقا قەسەم قىلدى. قارىغاندا مېنىڭ تەلىيىم كەلگەن ئوخشاي-دۇ، شۇڭا بىز بۇ پۇرسەتنى قەتئىي قولدىن بەرمەسلىكىمىز كېرەك. بىز قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭ قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرماسلىقىمىز كېرەك، بۇ ئىشنى ساڭا تاپشۇردۇم. بۈگۈن ئۆزۈڭنىڭ بارلىق ماھارىتىڭنى كۆرسەتكىن. قارا، قۇياش غەرب-كە قىيسىيىشقا باشلىدى، مەن ئاجونانىڭ كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن شىڭچى خاننىڭ يېنىغا بارالىشىغا ئىشەنمەيمەن. سەن، مايۇڭ، سارىيە، مېھرىبان ئۇستاز ۋە مەن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن شىڭچى خاننى قوغدىشىمىز كېرەك، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنقى نەچچە سائەت ئىچىدە ئۇ ئاجونانىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا بولمايدۇ.
كارنا:
— ھەي شاھىم، مەن بوجون بىلەن جەڭ قىلىپ ھەممە يېرىم يارىلاندى، ھېرىپ ھالىمدىن كېتىپ، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر قالمىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ

بارلىق كۈچىنى چىقىرىمەن».

قارا ئىلاھ بۇرغىسىنى لېۋىگە قويۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن چالدى. بۇ كۈي ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى دارۇكانى يېنىغا چاقىرىش بەلگىسى ئىدى. قارا ئىلاھنىڭ ھارۋىسى كەلگەن چاغدا شەنجەن بۇ ھارۋىغا چىقىپ كارناغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ناھايىتى شىددەتلىك ۋە چېۋەرلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ، ئۇنى زادىلا كەتكىلى قويمىدى.

دارۇكانىڭ ھارۋا ھەيدەش تېخنىكىسى ۋە شەنجەننىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ئىلاھلارنى قىزىقتۇرغاچقا ئۇلار بەس - بەس بىلەن پەسكە چۈشۈپ جەڭنى تاماشا قىلىشتى. كارنانىڭ ھارۋىسىدىكى تۆت ئاتنىڭ ھەممىسى يارىلانغاچقا مۇھاپىزەتچىلەر ھارۋىدا تۇرالماي قېلىشتى، ئارقىدىنلا تۇغ خادىسى سۇنۇپ، ھارۋىسىمۇ يېرىلىپ كەتتى. ھارۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كارنا ئامالسىز نەندىنىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئاجۇنا ئالدىنى توسۇۋالغان جولۇ قوشۇنىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، شېڭچى خان تۇرۇشلۇق يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا جىنئاننى مۇشۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن دېگەن ئوي كېلىشى بىلەنلا، يەنە جولۇ قوۋمىنىڭ خىلمۇ خىل جىنايەتلىرى ئېسىگە كېلىپ، غەزىپى ئۆرلەپ، ئەسەبىيلەرچە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئوڭ - سول ئىككىلا تەرەپكە ئوق ئاتالىغاچقا، ئۆزىنىڭ خىسلەتلىك ئوقياسىنى ئېلىپ، گاھ ئوڭ قولى بىلەن، گاھ سول قولى بىلەن ھەر تەرەپكە ئوق ئېتىپ، دۈشمەنلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ، خۇددى ئۆلۈم ئىلاھى قورقۇنچلۇق ئاغزىنى ئېچىپ جەڭگاھقا كەلگەندىكىدەك ئۇلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

ئاجۇنا شېڭچى بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلىدى. بۇ جەڭ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ھەر ئىككىيلەن توختىماستىن غەربكە قارايتتى، چۈنكى قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغانىدى. شىندۇ خانى ئادەتتىكى رەقىب ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاجۇنا كۈچىنى

بۇرۇنلا ئىشلىتىپ بولغان بولغاچقا ئۇنى يېڭەلمەيۋاتاتتى. قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا يېقىنلىشىپ غەرب تەرەپ قان رەڭگىگە كىردى. لېكىن، جەڭ ئاخىرلاشماستىن داۋاملىشىۋاتاتتى.

— يەنە ئازراقلا ۋاقىت قالدى، قارىغاندا ئاجۇنا مەغلۇپ بولۇپ شېگچې خان قۇتۇلۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر قەسىدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا ئاجۇنانىڭ ئابرۇيى تۆكۈلىدۇ — دەندى ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېگىنىچە خۇشاللىقىغا چۆمدى.

— قاراڭغۇ چۈشتى» ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى شۇنداق دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى، — كۈن ئولتۇردى، شېگچې خان ئۆلمىدى، ئاجۇنا مەغلۇپ بولدى» بەندۇ قوشۇننىڭ روھى چۈشۈپ جولۇ قوشۇنى يۇقىرى ئاۋازدا چۇقان كۆتۈردى.

شېگچې خان كەينىدىكى غەربتىكى ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ، كۆڭلىدە: «ئەمدى قۇتۇلدۇم» دەپ ئويلىدى. ئۇ شۇ چاغدا قۇياشنى كۆرەلمىگەچكە، خەتەرلىك پەيت ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئاجۇنا مېنى ئۆلتۈرەلمەيدىغان بولدى دەپ قالغانىدى.

لېكىن بۇ چاغدا قارا ئىلاھ ئاجۇناغا:

— ئاجۇنا، شېگچې خانى ئۇپۇق سىزىقىغا قاراۋاتىدۇ. ئاسماننى مەن قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەن، ئەمەلىيەتتە قۇياش تېخى بار، ئولتۇرغىنى يوق، تېز قول سال، بۇ ئەڭ ياخشى پەيت، چۈنكى شېگچې خان مۇداپىئەنى بوشاشتۇردى — دېدى.

خىسلەتلىك ئوق ئېتىلىشى بىلەنلا خۇددى بۇركۈت چۈجىنى قاماللىغاندەك، ئوق شېگچې خاننىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋەتتى.

— ئاڭلا ئاجۇنا، — دېدى قارا ئىلاھ ۋارقىراپ، — تېز ئۇلاپ ئوق ئۈزگىن، ئۇنىڭ كاللىسى يەرگە چۈشۈپ كەتمىسۇن، ئۇنىڭ كاللىسىنى زېڭۇغا ئاپىرىپ بېرەيلى.

شۇنىڭ بىلەن ئاجۇنا ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزۈپ، كاللىنى ھاۋادىلا يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر كارامەت مەنزىرە ئىدى.

بۇ چاغدا زېڭۋۇ ئىبادەتخانىدا كۆزنى يۇمغىنىچە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كەچلىك ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئوغ- لىنىڭ گۈزەل قارا چاچلىق، ئالتۇن ھالقا سېلىنغان بېشى ئاستا- غىنا ئۇنىڭ قوينىغا چۈشتى. قېرى خان ئىبادىتىنى ئاخىرلاشتۇ- رۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى كاللا دومىلاپ چۈشتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەپسۇنى كارغا كەلمەي، ئەك- سىچە ئۆزىنىڭ كاللىسى نەچچە يۈز پارچە بولۇپ، ئاتا - بالا ئىككىلىسى باتۇرلار ئۆلگەندىن كېيىن باردىغان يەرگە كەتتى.

قارا ئىلاھ، ئاجۇنا، بۇجۇن، شەنجەن، جەنفېن ۋە جيۇڭ قاتارلىقلار بۇرغىلىرنى يۇقىرى ئاۋازدا چېلىشتى. جەنجەن خان غەلىبىنى تەبرىكلەپ چېلىنغان بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاجۇنانىڭ قەسىمىنىڭ ئىشقا ئېشىپ، شىندۇ خانىنىڭ ئۆلگەنلى- كىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ دېروناغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا تۈن پەردىسى يېيىلدى، لېكىن بۇ ئۇرۇشنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى بولغاچقا كۈن ئولتۇرغاندا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىجرا قىلىنمىدى. جەڭ ئەسەبىيلەرچە ئېلىپ بېرىلىپ تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. كې- لىشىم ۋە چەكلەش بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسى بۇزۇۋېتىلدى.

كۆپچىلىك ئوتقاشلارنى ياقتۇرۇپ، ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا جەڭنى داۋاملاشتۇردى. جولۇقلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئېچىنىشلىق ئەھۋال كۆرۈلدى، بۇ خىل كۆرۈنۈش بوردو قوۋمىنىڭ زېمىنىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئىككى تەرەپنىڭ سەركەردىلە- رى نەچچە مىڭلىغان ئوتقاشنىڭ يورۇقى، كېچىلىك جەڭنىڭ ئالاھىدە سىگناللىرىنى ئىشلىتىپ، خۇددى كېچىدە ساناقسىز ئوت ئەجدىرھاسى ئۇچۇپ يۈرگەندەك داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشتى.

پىڭشۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى كېچىدە ئۇرۇش قىلىش- قا ماھىر بولغاچقا، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ جولۇ قوشۇنىغا تېخىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. نەندى قوشۇنىدىكى نەچچە مىڭلە-



غان سەركەردە ـ سارۋازلىرىنىڭ پىگىشۇ ۋە ئۇنىڭ سىپىرلىك
قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۇرۇلگەنلىكىنى كۆرۇپ، قورققىنىدىن
يۇرەكلىرى يېرىلىپ كەتكۇدەك بولدى، چۇنكى بۇ قوشۇن ھاۋادا
ئۇچۇپ يۇرۇپ شەيتاندەكلا ھەرىكەت قىلغاچقا ئۇنىڭغا تاقابىل
تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— كارنا بۇ ئەبلەخنى تېز ئۆلتۇرۇۋەت، بولمىسا پۇتۇن
قوشۇنىمىز تۇگىشىدىغان ئوخشايدۇ، بولدى باشقىسى بىلەن كا-
رىڭ بولمىسۇن، ئۇنى تېز ئۆلتۇرۇۋەت — جولۇ قوشۇنىدىكىلەر-
دىن زەرىبىگە ئۇچرىغانلارنىڭ ھەممىسى كارنادىن مۇشۇنداق ئۆتۇ-
نۇشتى.

بۇ چاغدا كارنا ئاشىلولۇق بىر جەڭچى ئاتقان ئوقتا يارىلانغان
بولغاچقا ناھايىتى غەزەپلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاتىسىلا قەتئىي
زايە كەتمەيدىغان بىر تال نەيزىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلاھ ئىندىرا
بەرگەنىدى، بىراق بۇنى پەقەت بىر قېتىملا ئىشلەتكىلى بولىدى-
غان بولغاچقا، ئۇ ھازىرغىچە ساقلاپ ئەزەلدىن ئىشلىتىپ باقمى-
غانىدى. چۇنكى ئۇ ئۆزى بىلەن ئاجۇنا ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان
ئۆلۇم - كۆرۇم جېڭى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ بۇ
نەيزىنى مەخسۇس ئاجۇناغا ئاتاپ ئېلىپ قويغانىدى. ئەمدىلىكتە
ئۇ جەڭ مەيدانىدىكى غەزىپى تۇپەيلىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي،
نەيزىسىنى بۇ ياش گىگانت ئادەمگە قارىتىپ ئاتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئاجۇنا قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئې-
غىر بەدەل تۆلىدى. بۇجۇنىنىڭ ئامراق ئوغلى پىگىشۇ بوشلۇقتا
تۇرۇپ جولۇ قوشۇنىغا ئەجەللىك ئوق ياغدۇرۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز
دومىلاپ چۇشتى، بەندۇ قوۋمىدىكى جەڭچىلەر بىر مەھەل چەك-
سىز ئازابتا قالدى.

ئۇرۇش يەنىلا توختىماي داۋاملىشىۋاتاتتى، دېرونا دۇشمەن-
لىرىگە رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلدى، ئۇ بارغانلا يەردە بەندۇ
قوشۇنىدىكىلەر خەشەكتەك يىقىلىپ، ئىنتايىن ساراسىمىگە چۇ-

شۇپ قالدى.

— ئاجۇنا، — دېدى قارا ئىلاھ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئۇرۇشنىڭ قاتتىق بولغان جەڭ قىلىش قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا، دېروناني ھېچكىممۇ يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر رەسمىي قائىدىنى بۇزمىساق ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالىمىز، دېروناني بۇ جەڭدىن پەقەت بىرلا ئىشلا توختىتالايدۇ. ئەگەر ئۇ مايۇڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىسىلا ھاياتىدىكى بارلىق خۇشاللىقلىرىدىن مەھرۇم قېلىپ، قورالىنى تاشلايدۇ. شۇڭا، ھازىر بىرەرسى دېروناغا مايۇڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلسۇن.

ئاجۇنا ئۆزى ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ پىكىرنى ئاڭلاپلا قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بۇنداق يالغانچىلىققا ماسلىشىشنى خالىمىدى.

جەنجەن خان بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:

بۇ گۇناھنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي — دەپ ئاردىكى قاتماللىقنى بوشاتتى.

كۆپچىلىك ھەيرانلىق ۋە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن جەنجەن خانغا قارىشىپ قالدى، ھېچكىممۇ ئۇنى مۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىدى.

ھەقىقەتەن ئويلىغاندەك ئىش بولدى. لېكىن ئالەم بىنا قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە دېڭىزنى ئارىلاشتۇرغاندا، قورقۇنچلۇق بىر خىل زەھەر قوچۇپ چىقىرىلىپ، ئىلاھلارغا خەۋپ كەلتۈرگەندە، زېمىن ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنى يۇتۇۋېلىپ، ئىلاھلارنى قۇتقۇزۇۋالغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا جەنجەن خان ھەققانىيەت ۋە ئادالەت، شۇنداقلا يولدىن چىققان نەندىنى جازالاش ئۈچۈن يامان نامنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى قارار قىلدى، چۈنكى بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى.

بۇجۇن تۆمۈر كالتىكىنى كۆتۈرۈپ، مايۇڭنىڭ چوڭ پىلد-

نىڭ كاللىسىغا كۆچەپ تۇرۇپ بىرنى قويۇۋىدى، چوڭ پىل گۈلدۈرلەپ يىقىلدى. بۇجۇن مايۇڭنىڭ چوڭ پىلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، دېرونا قوماندانلىق قىلىۋاتقان قوشۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇ:

— مەن مايۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم — دەپ توۋلىدى. بۇجۇن بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق ئىشنى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان، ھەتتا بۇنداق نومۇس ئىشنى قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ بۇ گەپنى دېگەندىن كېيىن خىجىللىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

دېرونا براھمانلارنىڭ چوڭ نەزىر مېھرابىنى قۇرۇۋاتقانىدى، بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ گەپ ئۇنىڭغا ئېغىر زەربە بولدى. لېكىن بۇ گەپ راستمىدۇ؟ ئۇ جەنجەننى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:

— جەنجەن ئوغلۇم راستىنلا قۇربان بولدىمۇ، — دەپ سورىدى. بۇ ئۇلۇغ ئۇستاز جەنجەنگە ئۈچ ئالەمنىڭ خانىدانلىقىدەك يۇقىرى ئورۇننى پارا بەرگەن تەقدىردىمۇ جەنجەن بىر ئېغىز يالغان سۆزلىمەيدۇ، دەپ قارايتتى.

دېرونانىڭ بۇ سوئالى قارا ئىلاھنى ناھايىتى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر جەنجەن يالغان سۆزلەشنى خالىماي بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا دەخلى يەتكۈزسە بىز تۈگىشىمىز. دېرونانىڭ بۇ براھمان گۆھىرىنىڭ قۇدرىتى بەك يۇقىرى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا بەندۇ قوۋمى پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ» دەپ ئويلىدى.

جەنجەن خان ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خىجىللىق ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىن كۆڭلىدىن غەلىبە قىلىشنى ئويلايتتى. ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئۇ بۇ ئىشنى ناھايىتى نومۇس ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ پەس ھەم تىترەڭگۈ ئاۋازدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ:

— شۇنداق مايۇڭنىڭ پىلى، — دېدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىپ كەتكەچكە دېرونا ئاڭلىماي قالدى.

بۇ يالغان سۆز جەنجەننىڭ ئاغزىدىن چىقىشى بىلەن جەنجەن ئولتۇرغان هارۋىنىڭ چاقى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنىڭ هارۋىسىنىڭ چاقى دائىم يەردىن تۆت گەز يۇقىرى تۇرغاچقا، توپا قونۇپ باقمىغانىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن جەنجەن يالغانچىلىقتا تولغان دۇنيادىن مەلۇم دەرىجىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. يالغان گەپنى قىلغان هامان، ئۇمۇ ئادەتتىكى ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ پۈتۈن نىيەت - ئىقبالى بىلەن غەلىبە قىلىشنى ئويلىغاچقا يالغانچىلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ هارۋىسىمۇ كىشىلەر ماڭىدىغان يولدا ماڭىدىغان بولدى.

دېرونا ئامراق ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، هاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ ناهايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ، ئەزەلدىنلا ياشاشنى ئويلاپ باقمىغاندەك بولۇپ قالدى. بۇ پېشقەدەم سەركەردە مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرغاندا، بۇجۇن ئۇنىڭغا قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— دەل سىلەر براهمانلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئۆتىمەي، كشەترىيلەر قىلىشقا تېگىشلىك جەڭگە قاتنىشىۋالغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ھەرقايسى قوۋملار ئوتتۇرىسىدا بالايىئاپەت تېرىلدى. ئەگەر سىلەر براهمانلار بۇرۇندىن بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئادا قىلىپ خاتا يولدا ماڭمىغان بولساڭلار، قوۋملارمۇ بۇنداق هالاكەتلىك يولغا ماڭمىغان بولاتتى. سىلەر كىشىلەرگە تەلىم بەرگەندە جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ئەڭ چوڭ قائىدە دەيسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە براهمانلار بۇ قائىدىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە يېتەكچىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، سىلەر ئۆزۈڭلار بەرپا قىلغان قائىدىنى بۇزۇۋېتىسىلەر، نومۇسسىزلىق بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىش ئۇ-

چۈن تىل بىرىكتۈرۈۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ پەسكەشلىشىپ بۇ
خىل جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھالىغا كېلىپ قالغانلىقىڭلارنىڭ ئۆزى
بىز ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى، — دەپ ئەيىبلىدى.
دېروناننىڭ ئەسلىدىلا تۈرمىشقا نىسبەتەن ھېچقانداق تارتىش-
قۇچىلىكى قالمىغانىدى. بۇجۈننىڭ تىل - ئاھانىتىنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئازابلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورا-
لىنى تاشلاپ، جەڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ قېلىپ روھى ناھايىتى
تېزلا تېنىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا مېنگان ئۆتكۈر شەمشىر-
نى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چىقتى. گەرچە جەڭگاھنىڭ ئەت-
راپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى توسۇغان بولسىمۇ، لې-
كىن دېروناننىڭ بۇ رەقىبى شەمشىرنى بىر شىلتىپلا بۇ پېشقەدەم
سەركەردىنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، تەقدىر ئۇنىڭغا تاپشۇر-
غان ۋەزىپىنى ئادا قىلدى.
دېروناننىڭ ئۆلۈشى بىلەن جولۇ قوشۇنى دەرھال كارنانى
ئالىي قوماندانلىققا تەيىنلىدى. كارنا سارىيى ھەيدىگەن ھەشەمەت-
لىك جەڭ ھارۋىسىغا چىقتى، ئۇنىڭ شۆھرەتلىك نامى، ھېچنې-
مىدىن قورقماس ۋە ئىشەنچكە تولغان قىياپىتى جولۇ قوشۇنىغا
باشقىدىن كۈچ ئاتا قىلغاچقا ئۇرۇش يەنە باشلاندى.
بەندۇ قوشۇنىدىكىلەر مۇنەججىملەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەن-
دىن كېيىن، بىر قۇتلۇق كۈننى تاللاپ ئۇرۇش قىلماقچى بو-
لۇشتى.
ئۇرۇش قىلىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى. ئاجۇنا روھلۇق
ھالدا قوشۇنلىرىنى باشلاپ كارناغا ھۇجۇم قىلدى، بۇجۇنمۇ
سۇر - ھەيۋىسىنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ ھارۋىسىغا ئەگىشىپ
جەڭگە ياردەملەشتى. نەنجاڭ پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ،
بۇجۇنگە قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى.
بۇجۇن زورىغا كۈلۈمسىرەپ، ئۆز - ئۆزىگە: «ئەبلەخ سەن
مېنىڭ ئالىقىنىمدىنمۇ ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن. مەن بۈگۈن قارا

مەلىكىگە بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇنلايمەن، مەن بۇ ۋەدەمنى ئورۇنداش ئۈچۈن ساقلاۋاتقىلى بەك ئۇزۇن بولدى» دېدى.

بۇجۇن نەنجاڭنىڭ ئەينى چاغدا قارا مەلىكىگە قىلغانلىرىنى ئويلاپ غەزىپى تېخىمۇ تېشىپ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى. ئۇ قورالىرىنى تاشلاپ هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاچ قالغان يولۋاس ئوۋغا ئېتىلغاندەك نەنجاڭغا ئېتىلدى. ئۇ نەنجاڭنى يىقىتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلىكىنى قايرىپ تۇرۇپ:

— هۇ نەپرەتلىك هايۋان، قارا مەلىكىنىڭ چېچىنى تارتقان ئىپلاس قولۇڭ مۇشۇ شۇمۇ؟ ياخشى، مەن ئۇنى تېنىڭدىن يۇلۇپ چىقمايدىغان بولسام. ئەگەر بۇ يەردە ساڭا ياردەم بېرىدىغان ئادەم بولسا قېنى سىناپ باقسۇن، — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئەتراپقا قاراپ نەندىنى كۆرۈپ يۇقىرى ئاۋازدا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ نەنجاڭنىڭ بىلىكىنى يۇلۇۋېلىپ، قان ئېقىپ تۇرغان بۇ بىلەكنى جەڭ مەيدانىغا تاشلىۋەتتى.

ئارقىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ 30 يىل بۇرۇن قىلغان قورقۇنچلۇق قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خۇددى بىر ياۋايى هايۋانغا ئوخشاش بۇ دۈشمەنىنىڭ قېنىنى سۈمۈرۈپ ئىچتى ھەمدە خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ھەممە يەر قانغا بويالغان جەڭگاھتا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇ هۆركىرەپ:

— مەن قىلدىم، مەن بۇ گۇناھقا پاتقان ئەبلەخ توغرىسىدا قىلغان قەسىمىمنى ئورۇنلىدىم. ئەمدى نۆۋەت نەندىگە كەلدى. نەزىر ئوتى تۇتاشتۇرۇلۇپ بولدى، ئەمدى ئىلاھلارغا نەزىر قىلىدىغان نەرسىلەرنى تەييارلاڭلار، — دېدى.

بۇ مەنزىرە ھەممە كىشىنىڭ يۈرەكلىرىنى جىغىلدىتىۋەتتى، ھەتتا قورقماس باتۇر كارنامۇ بۇجۇننىڭ بۇ ئەسەبىيلىكىنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى.

— قورقما، — دېدى سارىپى كارناغا، — سەن قورقۇنچىڭنى ئاشكارىلاپ قويما. بولمىسا كىشىلەردە قورقۇنچ تۇغۇلىدۇ. نەندى

قورقۇپ پۇتۇن بەدىنى جاقىلداپ تىترەپ كەتسىمۇ، سەن قورقۇپ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالساڭ بولمايدۇ. نەنجاڭ ئۆلۈشى بىلەن پۈتۈن قوشۇنىنىڭ ئۈمىدى سەندە قالدى، شۇڭا بۇ يۈكنى سەن يەلكەڭگە ئالمىساڭ بولمايدۇ. سەن ئەسلىدىنلا بىر قەھرىمان جەڭچى، شۇڭا ئاجۇنا بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىپ، يەر يۈزىدىكى مەڭگۈلۈك شەرەپ ياكى جەڭچىلەرنىڭ جەننىتىگە ئېرىشىشىڭ كېرەك.

كارنا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جاسارىتى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى. غەزەپتىن ئۇنىڭ ئىككى كۆزى قىزىرىپ، ياش-لىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن ھالدا سارىيىگە ھارۋىنى ئاجۇناغا قارد-تىپ ھەيدەشنى بۇيرۇدى.

— ئەمدى بولدى قىلساقمىكىن، — دېدى مايۇڭ سەمىمىي-لىك بىلەن نەندىگە — بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ ئۆچمەن-لىكنى ئاخىرلاشتۇرايلى. قەدىرلىك دوستۇم، بەندۇ قوۋمى بى-لەن يارىشىپ، ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرايلى.

— نېمە؟ ئاۋۇ ۋەھشىي يالماۋۇز بۇجۇن ئاچ قالغان ھايۋان-لاردەك ئادەملەرنىڭ قېنىنى ئىچمەكتە، ئىنىمنىڭ جەستى ئۈس-تىدە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلىمىدىڭ-مۇ؟ ھازىر تىنچلىق سۇلھىسى قىلغىلى بولامدۇ؟ سەن يەنە نېمىشقا بۇنداق قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيسەن، - دېدى نەندى ئۇنىڭغا.

نەندى گېپىنى تۈگىتىپلا سەپنى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇ-رۇشنى جېكىلەپ ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇنىڭغا ئەگىشىپلا بىر مەيدان قانلىق جەڭ بولدى. قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرغان ئوقتىن بىرنى ئاتتى. ئۇ ئوق ئوت چاچقىنىچە خۇددى زەھەرلىك ئىلان نۇر چېچىپ تۇرغان ئاچماق تىللىرىنى چىقارغاندەك ئاجۇناغا قاراپ ئۇچتى. ئاجۇنانىڭ مۇھاپىزەتچىسى قارا ئىلاھ بۇ ھەل قىلغۇچ

پەيتتە جەڭ هارۋىسىنى جىددىي هالدا توختاتتى، هارۋا توپىغا بەش ئىلىك پېتىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاجۇناغا ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسى ئامان قالدى. ئاجۇنا بۇنىڭدىن ھەم خىجىل بولدى، ھەم غەزەپ-لەندى، غەزەپتىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، ئوقنى كىرىچقا سېلىپ كارنانىڭ جېنىنى ئالماقچى بولدى. بۇ چاغدا كارنانىڭ ئەجىلى توشقاچقا، خۇددى مۇنەججىملەر بۇرۇنلا ئېيتقاندەك، ئۇ-نىڭ ھارۋىسىنىڭ سول چاقى توساتتىن قانغا پېتىپ كەتتى. ئۇ ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ھارۋا چاقىنى قانلىق يەردىن كۆتۈردى.

— توختاپ تۇر، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ھارۋام توپىغا پېتىپ قالدى، سەن بىر مەشھۇر جەڭچى ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن قائىدىنى بىلىسەن، سەن ئەلۋەتتە بۇ خىل تەڭسىز ھالەتتە پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلمايسەنغۇ دەيمەن. مەن ھارۋامنى تېزلا ئوڭشاپ بولىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ قانداق ئېلىش-قۇڭ بولسا مانا مەن تەييار.

ئاجۇنا توختىدى. كارنا بۇ بەختسىزلىكتىن كۆڭلى ئازدۇر - كۆپتۇر پاراكەندە بولدى، ئۇ ئەينى چاغدىكى قارغىشنى ئويلاپ ئاجۇنادىن ئۆزىنىڭ شەرىپىنى ساقلاشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى.

قارا ئىلاھ گەپ قىستۇرۇپ.

— ئاھاي كارنا، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ — ناھايىتى ياخشى، ئادالەت ۋە ياساۋۇللار ئەخلاقى سېنىڭمۇ ئېسىڭگە كېلىدىكەن ھە! ھازىر قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ بۇ توغرىلىق سۆزلەۋاتامسەن، لې-كىن ئەينى چاغدا سەن نەندى، نەنجاڭ، ساھۇنى قاتارلىقلار قارا مەلىكىنى سارايغا سۆرەپ كىرىپ ھاقارەتلىگەن چاغدا بۇنى نې-مىشقا ئۇنتۇپ قالغانىدىڭ، سەن ھېلىقى قىمارۋاز ۋە پەسكەشنىڭ جەنجەڭگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم قىلىپ، ئۇنى ئالدىغاندا سەندى-

كى ئادىللىق نەگە كەتكەندى؟ جەنجەن قەسىمىگە رىئايە قىلىپ
ئورمانلىقتا 12 يىل تۇرۇپ، 13 ـ يىلى نامىشەرىپىنى يوشۇرۇپ
يۇرگەندە، سىلەر ئۇنىڭ دۆلىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلى-
دىڭلار، شۇمۇ ئادىللىقمۇ؟ ئۇ چاغدا سەن هازىر تەلەپ قىلىۋاتقان
قائىدىگە نېمە بولغان؟ ئەسكى ئادەملەر بۇجۇننى زەھەرلەپ ئۆل-
تۇرمەكچى بولغاندا، سەن ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۇردۇڭ. بەندۇ
قوۋمىدىكى بەش شاهزادە ئالدىنىپ شام سارىيىدا تۇرغان چاغدا،
سەن ئۇلارنى تىرىك پېتى كۆيدۇرۇپ ئۆلتۇرۇش پىلانىغا قاتناشقا-
نىدىڭ، ئۇ چاغدا سېنىڭ بۇ قائىدىلىرىڭ نەگە كەتكەندى؟ زورا-
ۋان قول قارا مەلىكىگە سوزۇلغاندا سەن ئۇنىڭغا ئارىلاشماي،
بىر چەتتە تاماشا كۆرۇپ تۇردۇڭ. ئۇ چاغدا بۇ قائىدىلەر ساڭا
يۇقمىغانمىدى؟ سەن شۇ چاغدىمۇ ئۇنى ئەخمەق قىلمىغانمىدىڭ؟
سەن ئۇنىڭغا ‹سېنىڭ ئېرىڭ سېنى قوغدىيالمايدۇ، سەن باشقى-
دىن بىر ئەرگە تەگ› دېگەنىدىڭغۇ. ئەينى چاغدا شۇ تىلىڭ
مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشتىن نومۇس قىلمىغان تۇرۇقلۇق، مانا
ئەمدى ياساۋۇللار ئەخلاقىدىن گەپ سېتىۋاتىسىنا، نېمىدېگەن
ياخشى ئەخلاق ھە بۇ! سىلەر بىر توپ زوراۋانلار ياش جىئاننى
ئاراڭلارغا ئېلىۋېلىپ ئۇنى نومۇسسىزلارچە ئۆلتۇرۇۋەتتىڭلار،
ئەجەبا مۇشۇمۇ ياساۋۇللار ئەخلاقىمۇ؟ ھۇ ئەبلەخ ئەمدى يەنە
ياساۋۇللار ئەخلاقى ۋە ئادىللىق توغرىسىدا گەپ ساتما، چۇنكى
سەن ئەزەلدىن بۇلارغا پىسەنت قىلىپ باقمىدىڭ.

قارا ئىلاھ ئاجۇنانى قول سېلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ، كارنانى
ئەيىبلەۋاتقان چاغدا، كارنا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۇرمەي، خىد-
جىللىق ئىچىدە بېشىنى ساڭگىلاتتى. ئۇ جىمجىت هالدا هارۋى-
سىغا چىقتى، هارۋىنىڭ چاقى يەنىلا قانلىق يەرگە پېتىپ تۇرات-
تى. ئۇ ئوقياسىنى ئېلىپ ئاجۇناغا قارىتىپ دەل تېگىدىغان
ئوقتىن بىرنى ئاتتى، ئۇ ئوقنى ناهايىتى كۇچەپ ئاتقاچقا ئوقنىڭ
تەۋرىنىشى ئاجۇنانى هوشىدىن كەتكۇزۇۋەتتى. كارنا بۇ پۇرسەت-

تىن پايدىلىنىپ، هارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئالدىراپ ـ تېنەپ هارۋا چاقىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن، ئەپسۇننىڭ كۈچى بەكلا زور بولغاچقا، تەقدىر بۇ ئۇلۇغ جەڭچىگە ئۇلۇغ كۆزىدە قارىماي قويدى. هارۋىنىڭ چاقى قانلىق يەرگە پاتقىنىچە تۇرۇۋەردى، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۈچىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، لېكىن هارۋا چاقى مىدىراپمۇ قويمىدى. بۇ چاغدا ئۇ براهماندىن ئۆگەنگەن ئەپسۇننى ئىشلەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جىددىي پەيتتە ئۇ ئەپسۇننى ئېسىگە ئالالمىدى. بۇمۇ براهماننىڭ بېشارىتىگە دەل كېلىپ قالدى.

— ئاجۇنا، بولدى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلما، — قارا ئىلاھ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ، — ئوقۇڭنى ئېتىپ بۇ هىيلىگەر دۈشمىنىڭنى ئۆلتۈرۈۋەت.

ئاجۇنانىڭ كۆڭلى ئارىسالدا بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ياساۋۇللار ئەخلاقىغا خىلاپ ئىشنى قىلىشقا قولى بارمايۋاتاتتى. لېكىن، قارا ئىلاھ بۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن ئاجۇنا بۇ ئۇلۇغ ئىلاهنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، بىر تال ئوق ئاتتى، بۇ ئوق غۇيۇلداپ ئۇچقىنىچە بېرىپ كارنانىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋەتتى. ئاجۇنا ئەسلىدىنلا ئالىيجاناب ئادەم بولغاچقا بۇ خىل جىنايەتلىك قىلمىشقا ئۇ مەسئۇل بولمىسىمۇ بولاتتى. كارنا پۈتۈن كۈچى بىلەن قانلىق يەردىن هارۋىسىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندا، ئۇلۇغ قارا ئىلاھ ئۇنى كارنانى ئۆلتۈرۈشكە دەي ـ دەيگە سالدى. ئەينى چاغدىكى ياساۋۇللار ئەخلاقى ۋە ئۇرۇش قىلىش قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا بۇنداق قىلىش تامامەن خاتا ئىدى. قارا ئىلاھتىن باشقا قائىدىنى بۇزىدىغان بۇنداق مەسئۇلىيەتنى هېچكىم ئۈستىگە ئالالمايتتى.

نەندى كارنانىڭ قۇربان بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئازابلانغانلىقىدىن ساراڭ بولايلا دەپ قالدى. مېھرىبان ئۇستاز نەندىنىڭ ئازابىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا:



— پەقەت قارا نىيەت ۋە نەپسانىيەتچىلىك سەۋەبىدىن، بىز تولىمۇ ئېغىر بولغان يۈكنى دوستلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويدۇق. ئۇلار قىلچىلىكمۇ ئاغرىنماستىن بۇ يۈكنى ئۈستىگە ئېلىپ، جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولۇپ خۇشال هالدا جەننەتكە سەپەر قىلدى. ساڭا هازىر پەقەت بىرلا يول قالدى، ئۇ بولسىمۇ بەندۇ قوۋمى بىلەن يارىشىش، شاهزادە، بۇ هەممىنى ۋەيران قىلىدىغان ئۇرۇشنى ئەمدى يەنە داۋاملاشتۇرساق بولمايدۇ — دېدى.

هەتتا هېچقانداق ئۈمىد قالمىغان ئەهۋالدىمۇ نەندىنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. ئۇ:

— بەلكىم بۇرۇن سۈلهى تۈزۈشكە پۇرسەت بار بولغىيتتى، لېكىن هازىر پۇرسەت كەتتى. بەندۇ نەسەبىدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى قان قەرز تۆلەپ بولغۇسىز دەرىجىدە بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە قانداق قىلىپ سۈلهى تۈزىمىز. ئەگەر مەن ئۆلۈمىدىن قورقۇپ تەسلىم بولسام، ئۇنداقتا مەن بۇ ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ مېنى كەمسىتىشىدىن قانداق قۇتۇلالايمەن؟ بۇنداق نومۇسسىزلىق بىلەن ئېرىشكەن هاياتتا بەختتىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ يەنە كېلىپ مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ۋە دوستلىرىمنىڭ هەممىسى ئۆلۈپ كەتتى، مەن سۈلهى ئارقىلىق زېمىننى ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ، يەنە قانداقمۇ خۇشال بولالايمەن.

نەندىنىڭ بۇ سۆزى كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۇنى قوللىدى. ئۇلار سارىيېنى ئالىي باش قوماندانلىققا سايلاپ، ئەڭ ئالىي قوماندانلىق هوقۇقىنى ئۇنىڭغا بەردى. سارىيې ناهايىتى بەستلىك بولۇپ، جەڭگاهتا قۇربان بولغان سەركەردىلەرگە ئوخشاشلا باتۇر ئىدى. قوشۇن ئۇنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا سەپلىرىنى رەسلىشىپ يەنە شىددەت بىلەن جەڭگە كىرىشىپ كەتتى.

بەندۇ قوشۇنى تەرەپتە بولسا، جەنجەن خان شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ سارىيېگە قارشى يۈرۈش قىلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، تاكى مۇشۇ كەمگىچە باشقىلار تەردىپىدىن «مېھرىبانلىقنىڭ ئۆلگىسى» دەپ ئاتالغان ئادەمنىڭ بۇ قاتارلىق غالجىرلىشىپ كېتىشى ئىدى.

ئىككى تەرەپ تەڭ كېلىپ قالغاچقا جەڭ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى. كېيىن جەنجەن خان نەيزىسىنى سارىيېگە قارىتىپ ئېتىپ ئۇنىڭغا تەگكۈزدى. سارىيېنىڭ جەسىتى خۇددى نەزىردىن كېيىنكى بايراق خادىسىدەك قانغا بويالغان ھالدا يىقىلدى.

جولۇ قوۋمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەپەر ئۇلۇغ سەركەردىسى سارىيې ئۆلگەندىن كېيىن، جولۇ قوشۇنىنىڭ بارلىق ئۈمىدى ئۈزۈلدى. چىگۇ خانىنىڭ تېخى ھايات تۇرۇۋاتقان ئوغۇللىرى بىرلىشىپ بۇجۇنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بۇجۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى بۇجۇن قارا مەلىكە قەسىرىدە خورلۇققا ئۇچرىغاندىن باشلاپلا مۇشۇنداق غەزەپلىنىپ يۈرۈۋاتقىنىغا 13 يىل بولغانىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىگە: «ھەر ھالدا بىكار ياشىمىدىم، لېكىن نەندى ھازىرغىچە تىرىكتە،» دېگىنىچە ئەپسۇسلۇق بىلەن كۈلۈپ قويىدى.

نەندى پۈتۈن كۈچى بىلەن قالدۇق قوشۇنلىرىنى يىغقان بولسىمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. ئۇ ئەمدى يالغۇز دېگۇدەكلا ڤالغانىدى. ئۇ قولىغا بىر چوڭ خادىنى ئېلىپ بىر كۆلگە قاراپ ماڭدى، بەدىنى ئوت كەتكەندەك قىزىپ كېتىۋاتقاچقا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى سۇغا چۈشۈپ سەگىدىۋېلىشتىلا قالغانىدى. ئۇ سۇغا چۈشۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەقىللىق ۋېدىرا نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن، ئۇ بىزگە دېگەنىدى» دېدى. ئىشتىن كېيىن كەلگەن ئەقىلنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟ ئادەم قانداق ئەسكى ئىش قىلسا شۇنداق جاۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت.

جەنجەن خانىنىڭ قېرىنداشلىرى دۈشمىنىگە قىلچىلىكمۇ ئا-

رامچىلىق بەرمەي مۈشۈ يەرگىچە قوغلاپ كەلدى.
— نەندى — دېدى جەنجەن ۋارقىراپ — سەن ئائىلەڭنى ۋەيران قىلىپ، قوۋمىڭنى هالاك قىلدىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭ ئۆلۈم-
دىن قېچىپ بۇ كۆلچەككە كىرىۋالدىڭمۇ؟ سېنىڭ هاكاۋۇرلۇقىڭ نەگە كەتتى؟ ئەجەبا سەن بۇ قىلىقىڭدىن نومۇس قىلمامسەن؟
چىقىپ ئېلىشمامسەن؟ كىشەترىيە بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئۆلۈم-
دىن قورقۇپ ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتامسەن.
بۇ گەپلەر نەندىنىڭ جېنىغا تەگدى. نەندى جاۋابەن دېدى:
— جەنجەن، مەن بۇ يەرگە جېنىمنى ئېپقېچىش ياكى قورق-
قانلىقىم ئۈچۈن كېلىۋالغىنىم يوق، مېنىڭ كۆلچەككە كىرىۋې-
لىپ يۈرىكىمدە كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن. مەن ئۆ-
لۈمدىن قورقمايمەن هەم ياشىغۇممۇ يوق، لېكىن مەن نېمىشقا يەنە ئۇرۇش قىلغۇدەكمەن؟ هازىر دۇنيادا مەن ئۇرۇش قىلغۇدەك يەنە نېمە نەرسە بار دەيسەن! يېنىمدىكى ئادەملەرنىڭ هەممىسى ئۆلۈپ كەتتى، مېنىڭ ئەمدى يەنە خان بولغۇم يوق، بۇ دۇنيانى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرەي، ئۆزۈڭ يالغۇز هۇزۇر سۈرۈپ يەككە-
يېگانە هالدا خان بولغىن.
— ياخشى، ئوبدان گەپ قىلدىڭ، بولۇپمۇ سەن يىگىنىنىڭ كۆزىچىلىك يەرنىمۇ بىزگە بەرمەيدىغانلىقىڭنى ئېيتقىنىڭدىن كې-
يىن، ئەينى چاغدا بىز سۈلهى تەلەپ قىلىپ، سەندىن يەر سورى-
غىنىمىزدا سەن بىزنىڭ تەكلىپىمىزگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمىغا-
نىدى، لېكىن مانا ئەمدى خانلىق تەخت ياكى زېمىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتمايمىز، ساڭا يەنە سېنىڭ بارلىق جىنايىتىڭنى سۆزلەپ بېرىشىم كېرەكمۇ؟ سېنىڭ بىزگە قىلغان قىلمىش-
ئەتمىشلىرىڭنى ۋە قارا مەلىكىگە قىلغان زوراۋانلىقىڭنى پەقەت جېنىڭ ئارقىلىقلا تۆلىيەلەيسەن، — دېدى.
نەندى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قولىدىكى خادىنى تۇتقان پېتى سۇدىن چىقىپ دېدى:

— كېلە، قېنى بىردىن — بىردىن كېلىڭلار! مەن ئۆزۈم يالغۇز بولغاندىكىن دۈبۈلغا ـ ساۋۇتسىز، ھېرىپ ھالىدىن كەتـ كەن، پۈتۈن بەدىنى يارىلانغان يالغۇز بىر ئادەمگە بەشىڭلار بىر- لىشىپ قارشى تۇرمايدىغانسىلەر.

جەنجەن كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ:

ئەگەر نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بىرلىشىپ بىر ئادەمگە قارشى چىقىش خاتا بولسا، ئۇنداقتا سەندىن سوراپ باقاي، جىئان قانداق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ھەم قانداق ئۆلتۈرۈلگەن؟ ئۇ بالا ئۆزى يالغۇز ھالدا نۇرغۇن كىشلەرنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان چاغدا، ئۇلار سېنىڭ ماقۇللۇقىڭنى ئالمىغانمۇ؟ شۇنـ داق، كىشلەر بەختسىزلىككە دۇچ كەلگەن چاغلاردىلا قائىدە ۋە ياساۋۇللار ئەخلاقىنى ئېسىگە ئېلىشىپ، باشقىلاردىن بۇنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بولدى قىل، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتىڭنى كىيىپ ئارىمىزـ دىكى بەشىيلەندىن بىرنى تالLAP يەكمۇيەك ئېلىشقىن. غەلىبە قىلساڭ تەختتە سەن ئولتۇر، ئۆلسەڭ جەننەتكە كىر — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇجۇن نەندىن بىلەن ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ تۆمۈر توقماقلىرى بىر ـ بىرسىگە تېگىشكەندە چىققان ئوت ئۇچـ قۇنلىرى ھەر تەرەپكە چاچرايتتى. نەندى بىلەن بۇجۇننىڭ ماھارـ تى ئوخشاش، كۈچى تەڭ بولغاچقا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئېلىشـ قان بولسىمۇ يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايرىلمىدى.

جەڭنى كۆرۈۋاتقان كىشلەر كىمنىڭ يېڭىشى توغرىسىدا بەس مۇنازىرىگە چۈشۈشۈپ كەتتى. قارا ئىلاھ ئاجۇناغا، بۇجۇن ئەينى چاغدا قەسىردە قىلغان قەسىمىنى ئورۇنلاپ نەندىنىڭ پاچىـ قىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، دېدى. بۇجۇن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەينى چاغدىكى چېكىدىن ئاشقان زورلاۋانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئېسىگە ئالدى. ئۇ خۇددى شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ قولـ دىكى تۆمۈر توقمىقىنى نەندىنىڭ كاسىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇـ رۇپ، ئۇنىڭ ئىككى پاچىقىنى سۇندۇرۇۋەتتى. نەندى ئەجەللىك

زەربىگە ئۇچراپ، ئېغىر هالدا يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. بۇجۇن يەنە نەندىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، ئۇنىڭ كالىلىسىغا دەسسەپ تۇرۇپ ساراڭلارچە ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.

— بۇجۇن ئۇنداق قىلما، — دېدى جەنجەن ۋارقىراپ — سەن ئۆزۈڭنىڭ قەسىمىڭنى ئورۇنلاپ بولدۇڭ، نەندى بىر شاھزادە، يەنە كېلىپ بىز قان - قېرىنداش، سەن ئۇنىڭ كالىلىسىغا دەسسىمەسلىكىڭ كېرەك». قارا ئىلاھ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— بۇ ئەبلەخنىڭ روهى تېنىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. بەندۇنىڭ ئوغۇللىرى نەندى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلدى، سىلەر يەنە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ تېزدىن هارۋىغا چىقىڭلار — دېدى.

قارا ئىلاھ گەپ قىلىۋاتقان چاغدا يەردە يىقىلىپ ياتقان نەندىنىڭ هەم غەزىپى، هەم ئۆچمەنلىكى كېلىپ يۈزلىرى چوغدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى بۇراپ، قارا ئىلاھقا قاراپ تۇرۇپ:

— سەن هىيلە ئىشلىتىپ قائىدە بويىچە جەڭ قىلىۋاتقان بىر قىسىم جەڭچىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ. ئەگەر ھەقىقىي ماهارەتكە تايىنىپ ئوچۇق - ئاشكارا جەڭ قىلغان بولساڭ، كارنا، ۋىسىۋەكەرمە ياكى دېرونانى يېڭەلىشىڭ مۇمكىنمىتى. ئەجەبا سەن بۇنىڭدىن قىلچىلىك خىجىللىق هېس قىلمامسەن، — دېدى.

— نەندى — دېدى قارا ئىلاھ ئۇنىڭغا — سېنىڭ باشقىلارنى ئەيىبلىگىنىڭ بىكار. سەن هوقۇق ۋە شۆهرەتنى دەپ نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلدىڭ، بۇگۈنكىسى سېنىڭ جىنايىتىڭگە بېرىلگەن جازا ئۆزۈڭنىڭ تارتقۇلىقى.

— نومۇسسىز، — دېدى نەندى جاۋاب بېرىپ — سەن ياشاۋەر، مەن دېگەن هۆرمەتكە سازاۋەر شاهزادە، ئوچۇق - يورۇق دوست، قورقۇنچلۇق دۇشمەن. يەر يۈزىدىكى بارلىق خۇشاللىق-

لار، شاھلارمۇ بەھرىمەن بولالمايدىغان خۇشاللىقلاردىن، ھەتتا ئىلاھلارمۇ ئاسانلىقچە بەھرىلىنەلمەيدىغان خۇشاللىقلارنىڭ ھەمـ-مىسىدىن مەن بەھرىلەنگەن. بۇنداق تۇرمۇشنى جەڭچىنىڭ ئۆلۈ-مى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئۆلسەم مەغ-رۇر ھالدا جەننەتكە بېرىپ، دوستلىرىم ۋە قېرىنداشلىرىم بىلەن جەم بولىمەن، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە مېنى كۈتۈۋاتقانلىقىغا ئۈزۈن بولدى. سىلەر بۇ ئىپلاس دۇنيادا قېلىپ، مەقسىتىڭلارغا يېتەل-مەيسىلەر، يەنە كېلىپ بارلىق كىشەترىيىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايسىلەر. مېنىڭ پۈتۈم سۇنۇپ ھېچنېمىگە قۇدرىتىم يەتمەي-دىغان چاغدا بۇجۇننىڭ كاللامغا دەسسىگەنلىكىنى قىرىمغا ئېلىپ قويمايمەن. مەن بۇنى نېمىشقا ئالغۇدەكمەن؟ يەنە نەچچە دەقىقى-دىن كېيىن قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ پەنجىلىرى بېشىمغا دەسسىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

— نەندى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىلاھلار كۆكتىن گۈل يامغۇرى ياغدۇردى. ناتوغرا ئارزۇ نەندىنى مۇشۇنداق خى-يالغا كەلتۈرۈپ، مۇشۇنداق باشباشتاق قىلىۋەتكەن بولۇپ، شۇ-ڭا ئۇ قائىدىگە خىلاپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىگو دۆلىتىنىڭ بۇ شاھزادىسىنىڭ كىشىلەر بېسىپ بولالمايدى-غان قەھرىمانلىق خىسلىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى.

مايۇڭ نەندىنىڭ يارىلىنىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە بۇجۇن بىلەن ئېلىشقانلىقىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەزىپى خۇددى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دېڭىز تاشقىنىدەك ئۆرلىدى. بەندۇ نەسەبدىكىلەرنىڭ دادىسىنى ئالداپ ئۆلتۈرگەنلىك ئىشى ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ ئەمدى بىلدىكى نەندىمۇ دۈشمەنلەرنىڭ ياساۋۇللارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھېچقايسىسىغا رىئايە قىلمىغانلىقتىن ئەجەللىك زەر-بىگە ئۇچرىغانىدى. شۇڭا ئۇ نەندى ياتقان يەرگە كېلىپ، ئۇ يەردە بۇ كۆنى ئاخشىملا بەندۇ قوۋمىدىكىلەرنى دوزاخ ئىلاھىنىڭ

يېنىغا ئەۋەتىشكە قەسەم قىلدى.

نەندى ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋېتىپ، مايۇگىنىڭ بۇ قەسەمىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ دەرھال ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن مايۇگىنى ئېھتىرام بىلەن جولۇ قوشۇنىنىڭ ئالىي قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى بۇيرۇق قىلدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ مايۇگىغا:

— مېنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىم سەندە قالدى، — دېدى.

بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرغان بولۇپ ئورمانلىقنى بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. مېھرىبان ئۇستاز، چېمكام ۋە مايۇگىلار بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىدا توختاپ ئارام ئېلىشتى. ئۇلار ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەچكە، مېھرىبان ئۇستاز بىلەن چېمكام بېشىنى قويۇشى بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن مايوگىنىڭ كۆڭلى يېرىم ھەم ناھايىتى غەزەپلىنىپ تۇرغاچقا، يەنە كېلىپ قىساس ئوتى لاۋۇلداپ تۇرغاچقا زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كېچە قاراڭغۇسىدا ھەر خىل ئاۋازدا سايرىشىۋاتقان ۋە ھۆركىرەۋاتقان قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە، نەندىگە بەرگەن قەسىمىنى قانداق ئورۇنلاش ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

دەرەخنىڭ ئاستىدا ئۈچ جەڭچى ئارام ئېلىۋاتاتتى، دەرەخنىڭ ئۇستىدە نەچچە يۈزلىگەن قاغىلار ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بارلىق قاغىلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ كەتكەن بولۇپ ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. تۇيۇقسىز بىر چوڭ ھۇۋقۇش ئۇچۇپ كېلىپ قاغىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. مايۇگ ھۇۋقۇشنىڭ بۇ بىچارە قاغىلارنى بايقىغاندا، قاغىلار كېچىسى بىر نەرسىلەرنى كۆرەلمىگەچكە، ھودۇقۇپ ئۇياق - بۇياققا پالاقشىپ ئۇچاتتى، ئاخىر ھۇۋقۇش ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كېلىپ، بىر ئامال تېپىپ چىقتى:



— بىز قەبىھ بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنى، ئاتامنى ئۆلتۈرگەن
بەنگالور قوۋمىنى ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا
يوقىتالايدىكەنمىز. ئەگەر بىز ھۇۋقۇشتەك كېچىسى كۆرەلمەيدى-
غان قاغىغا ھۇجۇم قىلغانغا ئوخشاش، كېچىدە ئۇلار بارگاھلىرىدا
خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان چاغدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلساق، ئۇ چاغدا
مەن ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان خىلمۇخىل پەسكەش ۋاستىلىرىدىن
قىساس ئالالىغۇدەكمەن.

مايۇڭ بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال مېھرىبان
ئۇستازنى ئويغىتىپ بۇ پىلاننى ئۇنىڭغا ئېيتتى: مېھرىبان ئۇس-
تاز ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ:

— بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بۇ كىشەترىيىلەر
ھەرىكىتىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان جىنايەت. مايۇڭ، بىز
كىم ئۇچۇن كۈرەش قىلىمىز؟ بىزنى بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان
ئادەم ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراپ سەكراتقا چۈشۈپ ياتىدۇ، بىز
ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنىڭ
ھەممىسىنى ئۆتەپ بولدۇق. بىز بارلىق سەۋرچانلىقىمىزنى ئىش-
قا سېلىپ بۇ تويماس، كۆڭلى قارا نەندى ئۇچۇن جەڭ قىلىپ
مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق، بىزنىڭ
داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ھەم
بۇ بىر ئەخمەقلىق. بىز چىگو خانى ۋە پاك ھىندىرا بىلەن
كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىزنى ئۇلار بىر تەرەپ قىلسۇن، بىز
بېرىپ دانا ۋېدرادىن تەلىم ئېلىپ باقايلى، ئۇ بىزگە بۇنىڭدىن
كېيىن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ — دېدى.

مېھرىبان ئۇستاز بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا مايۇڭ بارغانسې-
رى ئۈمىدسىزلىنىپ، تېخىمۇ غەزەپلەندى. ئۇ ئازابلانغان ھالدا:

— كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى توغرا دەپ
قارىشىدۇ، بىر ئادەمنىڭ كۆرگەن - بىلگىنى تەبىئىي ھالدا
ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بەندۇ

نەسەبىدىكىلەر ئىپلاسلارچە گۇناھ ئۆتكۈزدى، ئۇلار يالغان گەپ بىلەن باشقىلارنىڭ گېپىگە ئاسانلىقچە ئىشىنىدىغان، ئۇلۇغۋار پەزىلەتكە ئىگە دادامنى ئۆلتۈردى. ئۇلار ياساۋۇللار ئەخلاقىغا خىلاپلىق قىلىپ نەندىگە زىيانكەشلىك قىلدى. مەن ئۆزۈم ئويلىغان بۇ چارىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىپلاسلارچە قىلمىشىدىن ھېساب ئالىدىغان توغرا چارە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن. پەقەت بۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، مەن ئاندىن ئىللاھلار ۋە دادامغا يۈز كېلەلەيمەن. مەن قارار قىلىپ بولدۇم، قارارىمنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيمەن. مەن كېچىلەپ قوراللىنىپ ئۇلار ئۇخلاۋاتقان پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ بارگاھىغا تىگىش قىلىپ، بەندۇ نەسەبىدىكىلەر ۋە مېنىگان ئۇخلاۋاتقان چاغدىلا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن.

مېھرىبان ئۇستاز مايۇكنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى. ئۇ ئۆتۈنگەن ھالدا:

— سەن نام — ئابرۇيلۇق ئادەم، بۇنداق قىلساڭ خۇددى ئاپئاق رەختكە قان چاچرىغاندەك، سېنىڭ پاك نامىڭغا داغ چۈشىدۇ. ئۇخلاۋاتقان دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ھەرگىزمۇ توغرا ھەرىكەت سانالمايدۇ، بۇنداق قىلما، — دېدى.

لېكىن مايۇك قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغان بولۇپ، ئۇ:

— ئۇخلاۋاتقان دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرىدىغان ئىش بولسىمۇ، يەنىلا مېنىڭ نامى مەشھۇر دادامنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ئۆلتۈرىمىز، مەن بەلكىم كېيىنكى يارىلىشىمدا ناھايىتى پەسكەش بىر قۇش ياكى بىر تال قۇرۇت بولۇپ يارىتىلىشىم مۇمكىن، لېكىن بۇلار بىلەن پەرۋايىم پەلەك. مەن بۇنداق جازانى قوبۇل قىلىشقا رازى — دېدى. ئارقىدىن مايۇك ھارۋىسىغا چىقىپ، ئاتلىنىشقا تەييارلاندى. دەل ئۇ ماڭاي دەپ تۇرغان چاغدا مېھرىبان ئۇستاز بىلەن چېمكام تەڭلا:

— توختاپ تۇر، مايۇك سەن زادى قانداق قىلماقچى؟ بىز سېنىڭ ھەرىكىتىڭنى قوللىمىساقمۇ، لېكىن سېنىڭ

ئۆزۈڭ يالغۇز بىرىپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىڭنى خالىمايمىز. سەن مىڭىشنى قارار قىلغان يولدا بىزمۇ ماڭىمىز، سەن ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان گۇناھنى بىزمۇ تەڭ ئۈستىمىزگە ئالىمىز، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مايۇڭ بىلەن بىللە يولغا چىقتى.

ئۇلار بەندۇ نەسىبىدىكىلەرنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاپ كەلدى. مىنگان دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى يېشىۋېتىپ چېدىردا قاتتىق ئۇيـقۇغا كەتكەندى. مايۇڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى كۇتمەستىنلا ئۇنى ۋەھشىيلەرچە تېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۇلار ۋەھشىيلىك بىلەن ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، بارگاھتا ياتلىق ئۇخلاۋاتقان بەنگالور قوۋمى ۋە قارا مەلـكىنىڭ بارلىق ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈچە ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇردى. كىشەترىيىلەر ئارىسىدا ئەزەلدىن يۈز بىرىپ باقمىغان بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مېھرىبان ئۇستاز، چىمكام ۋە مايۇڭلار چېدىردىن چىقىپ، ئوت قويۇپ بارگاھنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، قاپقارا تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ ئۇخلاۋاتقان جەڭچىلەرنى چۆچۈتىۋەتتى. جەڭچىلەر خۇددى ھېلىقى دەرەختىكى قاغىلارغا ئوخشاش ھودۇقۇپ ئالاقزادە بولۇپ ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىشكە باشلىدى. بۇ جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىنى مايۇڭ رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى.

— بىز بارلىق كۈچىمىزنى چىقاردۇق — دېدى ئۇستاز دېرونانىڭ ئوغلى — ئەمدى بىز بۇ خۇش خەۋەرنى نەندىگە يەتكۈزەيلى، پەقەت بىز ئۇنىڭ تىنىقى توختاشتىن بۇرۇن بارالىغان بولساقلا ياخشى بولاتتىغۇ، ئىلاھىم ئۇنىڭغا خۇشال - خۇرام ئۆلۈشنى نېسىپ قىلغاي.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچىيلەن ئالدىراپ - تېنەپ نەندى بىلەن كۆرۈشكىلى باردى.

— نەندى سەن تىرىكمۇ؟ خۇش خەۋەر ئاڭلىغىن، خۇشال

بول، بىز بەنگالور قوۋمىدىكىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق.
بەندۇنىڭ بەش ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن
قوشۇنى ھالاك بولدى. بىز ئۇلار ئۇخلاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ ئۇلارغا كېچىلىك ھۇجۇم قىلدۇق. ھازىر بەندۇ نەسەبىدى-
كىلەردىن پەقەت يەتتىلا ئادەم قېپقالدى. بىز تەرەپتىن بولسا
مېھرىبان ئۇستاز، چىمكام ۋە مەن قالدۇق، — دېدى.

سەكراتتا ياتقان نەندى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ ھاسىرىغان ھالدا:

— مايۇڭ، ئۇلۇغ ۋىسىۋەكەرمە ۋە دېرونامۇ قىلالمىغان
ئىشنى سەن قىلالاپسەن. سەن مېنى ئىنتايىن خۇش قىلدىڭ،
ئەمدى ئۆلسەممۇ خاتىرجەم كېتىدىغان بولدۇم، — دىدى - دە،
تىنىقتىن قالدى.

جەنجەن تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ بالا - قازانى قوشۇنىنىڭ ئۇخلا-
ۋاتقاندا پۈتۈنلەي يوقىتىلغانلىقىنى سېزىپ ئىنتايىن ئازابلىنىپ
بار ئاۋازى بىلەن يىغلاپ:

— ئەمدى غەلىبە قىلاي دېگەن چېغىمىزدا پۈتۈن قوشۇنىمىز
ھالاك بوپتۇ، مەغلۇپ بولغان تەرەپ غالىبلارغا ئايلىنىپتۇ. قارا
مەلىكىنىڭ بالىلىرى ماھارەتتە تەڭداشسىز كارنانىڭ قىرغىنچى-
لىقىدىن ئامان قېلىپ، مانا ئەمدى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن خۇددى
قۇرۇت - قوڭغۇزلاردەك دەسسىلىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بىزگە كەل-
گەن بۇ كەلگۈلۈك خۇددى بىر سودا كېمىسى دېڭىزدىن ئوڭۇش-
لۇق ئۆتۈپ، قايتىش سەپىرىدە كىچىككىنە ئېرىقتا چۆكۈپ كەت-
كەنگە ئوخشاش ئىش بولدى — دېدى.

قارا مەلىكە بۇ بەختسىزلىكنى ئاڭلاپ چەكسىز ئازابلاندى.
ئۇ يىغلىغىنىچە جەنجەن خانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەجەبا بالىلىرىمنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىدىغان، جى-
نايىتى چېكىدىن ئاشقان مايۇڭنى ئۆلتۈرىدىغان ئادەم يوقمۇ؟
دېدى.



بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئۇ قاتىلنى ئىزدەشكە ئاتلاندى. ئۇلار ھەر تەرەپتىن ئىزدەپ ئۇنى ئاخىر گانگى دەرياسىنىڭ بويىدىن تاپتى. ئۇ ئەۋلىيانىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۋالماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بەندۇنىڭ بەش ئوغلى بىلەن قارا ئىلاھنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەردىن ئاستاغىنا، بىر تال چۆپ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئاتتى ۋە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە: «ئىلاھىم بۇ يوپۇرماق بەندۇ نەسەبىدىكىلەرنى ھالاك قىلغاي» دەپ تىلىدى. يوپۇرماق جىشاڭ مەلىكىنىڭ بالىياتقۇسىغا كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن جىشاڭ مەلىكە جىنئاننىڭ ئوغلىغا ھامىلدار بولۇپ قالدى، ئەگەر قارا

ئىلاھىنىڭ تۇسۇپ بۇ ھامىلىنى قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا، بەندۇ نەسەبىدىكىلەر ھالاك بولغان بولاتتى، بۇ ھامىلە دەل كېيىنكى دەۋرلەردىكى خۇەنجۇ خان ئىدى.

مايۇڭ ئۆزىنىڭ يېگىلگىنىگە تەن بەردى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاندىسىنىڭ قورسىقىدىن ئۆزى بىلەن بىللە چۈشكەن، بېشىدىكى نۇر چاقناپ تۇرغان گۆھەرنى ئېلىپ بۇجۇنگە بەردى، ئارقىدىن يۇگۇرۇپ ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى. بۇجۇن بۇ باھاسىز گۆھەرنى ئېلىپ قارا مەلىكىگە بەردى ۋە:

— پاك تەڭرى قىزى، بۇ گۆھەر سىزگە مەنسۇپ بولدى. سىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغۇللىرىڭىزنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى بىز مەغلۇپ قىلدۇق، نەندىمۇ ئۆلدى. نەنجاڭنىڭ ئىسسىق قېنىنىمۇ ئىچتىم. مەن قىساس ئېلىپ ئۆزۈمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدۇم، — دېدى.

قارا مەلىكە گۆھەرنى ئېلىپ جەنجەن خانغا قاراپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— پەزىلەتلىك خان، بۇ گۆھەرنى تاجىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىڭ — دېدى.

## ئونىنچى قىسسە

# كىم تەسەللى بېرەلەيدۇ؟ پىل شەھىرى ھالاكەت شەھىرىگە ئايلاندى

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ پىل شەھىرى ھالاكەت شەھىرىگە ئايلاندى. شەھەردىكى بارلىق ئاياللار ۋە بالىلار يىغا ـ زارە قىلىشىپ، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھازا ئېچىشتى. چىگو خان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ھازىدار ئاياللارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ جولۇ جەڭ مەيدانىغا باردى. جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈم ۋە ھالاكەتتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق مەنزىرە ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمما خان ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى ئويلاپ ئىنتايىن ئازابلاندى، لېكىن ئازابىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟

— خان ئالىيلىرى، قانچىلىك گەپ قىلغان بىلەنمۇ قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىنىڭ ئازابىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. نۇرغۇنلىغان شاھزادىلەر سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولدى، ھازىر سىزنىڭ ئۆلگەنلەر ئۈچۈن نەزىر قىلىپ بېرىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى» دېدى چەشىن چىگو خانغا.

دانا ئەقىللىق ۋېدرو خاننىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. ئۇ:

— قۇربان بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماسلىقىڭىز كېرەك، روھ تەندىن ئايرىلغان ھامان، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى قالمايدۇ. ئۇلار ئەمدى سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز، ئوغۇللىرىڭىز ۋە تۇغقانلىرىڭىز ئەمەس. سىزنىڭ ئۇ ئوغۇللىرىڭىزنىڭ

سىز بىلەن مۇناسىۋىتى قالمىدى. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى، چۈنكى ئۇ بىر خىل تەن مۇناسىۋىتى، لېكىن مەڭگۈلۈك روھ بولسا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان تاسادىپىي بىر ئىش. ھاياتلىق يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئۆلۈم ئارقىلىق يوقىلىدۇ. بىز نېمىشقا ئۇلار ئۈچۈن يىغا - زارە قىلىمىز؟ جەڭ مەيدانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئۇ كىشىلەر ئىندىرە ئىلاھنىڭ يېنىغا مېھمان بولغىلى، ئىلاھلاردىن ئىنئام ئالغىلى كەتتى. ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇش ئەخمەقلىق، ئۇ ھەم بايلىقنى كۆپەيتەلمەيدۇ، ھەم كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلىيالمايدۇ.

ئەۋلىيا ۋياسەمۇ مېھرىبانلىق بىلەن چىگو خاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مېنىڭ ساڭا تەلىم بەرمەكچى بولغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سەن ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇڭ، ئەمدى ئۆگىنىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. سەن بارلىق جانلىقلارنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى چۈشىنىسەن. مەن ئىلاھ ۋىشۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن بۇ ئۇرۇش يەرنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. شۇڭا بۇ ئاپەتتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن جەنجەن سېنىڭ ئوغلۇڭ، سەن ئۇنى سۆيۈشۈڭ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەمدى ئازابلانماسلىقىڭ كېرەك — دېدى.

جەنجەن خان يىغا - زارە قىلىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، چىگو خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەجا كەلتۈردى. چىگو خان ئۇنى قۇچاقلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قۇچاقلاشتا ھېچقانداق مېھرى - مۇھەببەت يوق ئىدى.

ئارقىدىن بىرەيلەن بۇجۇننىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

— ئۇ كەلسۇن — دېدى، چىگو خان.

قارا ئىلاھ ناھايىتى ئەقىللىق بولغاچقا، چىگو خاننىڭ غەزد-



پىنىڭ قانچىلىك يامانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇ بۇجۇننى ئاستا ئىتتىرىۋېتىپ، بىر تۆمۈر ھەيكەلنى ئەما خاننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويىدى. چىڭگو خان ئۇ تۆمۈر ھەيكەلنى باغرىغا باستى. بۇ چاغدا چىڭگو خان قوچىقىدىكى بۇ كىشىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بارغانسېرى غەزەپلىنىپ، ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ ئاخىر بۇ تۆمۈر ئادەمنى مىجىپ تاشلىدى.

— ئاپلا، مەن ئۆزۈمنىڭ غەزىپىنى باسالماي قاپتىمەن، — دېدى چىڭگو خان، — مەن سۆيۈملۈك بۇجۇننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ.

قارا ئىلاھ:

— خان ئالىيلىرى، مەن مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەملەپ، بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغانىدىم. بۇجۇن ئۆلمىدى، سىزنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭىز پەقەت مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قويۇپ قويغان تۆمۈر ھەيكەل. مۇشۇ ئىش ئارقىلىق سىزنىڭ غەزىپىڭىزنىڭ بېسىلىشىنى تىلەيمەن. بۇجۇن تېخى ھايات ئۇ ئۆلمىدى— دېدى.

چىڭگو خان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەل تىنچلاندى ۋە بۇجۇن ھەم بەندۇنىڭ باشقا ئوغۇللىرىغا بەخت تىلىدى.

جەنجەن خان ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىنى ئويلاپ، كۆندىن - كۈنگە ئازابلىنىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئورمانلىقتا كىرىپ زاھىت بولۇپ گۇناھىنى يۇيۇش قارارىغا كەلدى.

ئۇ قېرىنداشلىرىغا:

— خانلىق تەختى ۋە باشقا بارلىق ھۇزۇر - ھالاۋەتلەر، مېنى خۇشال قىلالمىدى ھەم ھېچقانداق پايدا ئېپكېلەلمىدى. سىلەر دۆلەت ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، مېنى ئورمانلىققا بارغىلى قويۇڭلار، — دېدى.

ئاجۇنا بۇنىڭغا قوشۇلماي، ئۇنىڭغا ئائىلىدە ياشاشنىڭ خۇ-

شاللىقى ۋە زاھىت بولمىسىمۇ قىلغىلى بولىدىغان بارلىق ياخشى ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. بۇجۇنمۇ قارشى چىقىپ قوپاللىق بىلەن:

— ھەي، بۇ گېپىڭ ئەقىلسىز ئادەملەرنىڭ گېپى بولدى، بۇ خۇددى نوم يادلاپ نومنى چۈشەنمىگەندەكلا بىر ئىش. زاھىت-لىق يولىغا مېڭىش كىشەترىيىلەر ئىشى ئەمەس. كىشەترىيىلەر چوقۇم باتۇرلارچە ياشاپ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئورمانلىققا بېرىپ زاھىت بولسا بول-مايدۇ — دېدى.

ۋۇجۇڭمۇ جەنجەن خاننىڭ پىكرىگە قارشى چىقىپ بىر ئا-دەمنىڭ توغرا يولى ئۆيدە ياشاش، يەنە كېلىپ زاھىتلىق يولى ناھايىتى مۇشەققەتلىك يول دېدى. شېتەننىڭ پىكرىمۇ ئۇلارنىڭ-كى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ جەنجەن خانغا ئۆتۈنگەن ھالدا:

— سەن مېنىڭ ئاكام، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مېنىڭ دادام، ئاپام ھەم ئۇستازىم. بىزدىن ئايرىلماي بىز بىلەن بىللە ئۆتكىن، — دېدى.

قارا مەلىكىمۇ:

بىزنىڭ نەندى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈشىمىز يوللۇق تۇرسا، بىز يەنە نېمىشقا پۇشايمان قىلىمىز؟ مۇكاپات ۋە جازانى ئېنىق ئايرىش خان بولغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ھەم شۇنداقلا بىر تۇرلۇك ئاساسلىق ۋەزىپىسى، بۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرسىڭىز بولمايدۇ. سىز ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان كىشىلەرگە تېگىشلىك جازاسىنى بەردىڭىز، بۇنىڭ پۇشايمان قىلغۇدەك يېرى يوق. سىزنىڭ ھازىرقى مۇقەددەس ۋەزىپىڭىز قائىدە بويىچە، دۆلەتنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر يۈكنى زىممىڭىزگە ئېلىش، ئەمدى ئازابلىنىۋەرمەڭ — دېدى.

چىگو خانمۇ كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— سەن بۇنداق ئازابلانماسلىقىڭ كېرەك، دۆلەت ئىشلىرى

سىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىڭنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئورنۇڭدىن دەس
تۇرۇپ، قېرىنداشلىرىڭ ۋە دوستلىرىڭنىڭ ياردىمىدە دۆلەت
ئىشلىرىنى باشقۇر. سىنىڭ هازىر ئۆتەيدىغىنىڭ بىر خان ئۆتەش-
كە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت، ئازابلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى
مەن ۋە گاندىراغا قويۇپ قوي، سەن جەڭچىگە خاس سالاهىيىتىڭ
بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۈڭ. غالىبلار-
نىڭ مەسئۇلىيىتى سىنىڭ بېرىپ ئورۇندىشىڭنى كۈتۈپ تۇرۇپ-
تۇ. هەي، مەن بەك ئەخمەق ئىكەنمەن، مەن ۋېدرانىڭ سۆزىگە
قۇلاق سالماي ئىنتايىن چوڭ خاتالىق سادىر قىلدىم. مەن نەندى-
نىڭ قالايمىقان بىلجىرلاشلىرىغا ئىشىنىپ ئالدىنىپ قالدىم،
شان ـ شەرەپتىن خۇددى چۈشۈمدە كۆرگەن ئالتۇندەكلا مەهرۇم
قالدىم، مېنىڭ يۈز 100 ئوغلۇممۇ باقىيئالەمگە كېتىپ قالدى.
لېكىن مېنىڭ هازىر سەندەك بىر ئوغلۇم بار، سەن ئەمدى
ئازابلىنىۋەرمە — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن جەنجەن خان قائىدە بويىچە پىل شەهىرىدە
تەختكە چىقتى.

بەندۇ نەسەبىدىكىلەر دۆلەت ئىشلىرىنى ئەنئەنىۋى قائىدە
بويىچە باشقۇردى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇرۇندىن كۈتۈپ
كېلىۋاتقان غالىبلارچە خۇشاللىققا ئېرىشەلمىدى. ئۇلار چەكسىز
ئازابتا قالغان چىگو خانغا ناهايىتى ئېهتىرام بىلەن مۇئامىلە
قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرى-
شىپ، هېچقانداق ئۇۋالچىلىق تارتقۇزمىدى. جەنجەن خان هەر
قېتىم پەرمان جاكارلىغاندا ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى. يۈز ئوغ-
لىدىن ئايرىلىپ خۇددى قارا باسقاندەك بولۇپ قالغان كاندىرامۇ
گۇڭدى خانىشنىڭ ئۆز سىڭلىسىدەك غەمخورلۇق ۋە كۈتۈشكە
ئېرىشتى. قارا مەلىكىمۇ ئۇنى ئوخشاشلا قائىدە بويىچە هۆرمەت-
لەپ هېچقانداق يەكلىمىدى. جەنجەن خان چىگو خانىنىڭ ئۆيىگە
شاهانە كۇرسا، كارىۋات، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئۇ ئېهتىياجلىق

بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بەردى ھەم ئوردا باقاۋۇللى-
رىغا ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ھەم ئەڭ تېتىشلىق تائاملارنى ئېتىپ
بېرىشنى بۇيرىدى. مېھرىبان ئۇستاز چىگو خان بىلەن بىللە
ياشاپ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدى.
ئەۋلىيا ۋياسە ئەقىل - پاراسەتكە دائىر قەدىمكى ھېكايىلەرنى
ئېيتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى يېنىكلەتتى.
دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، جەنجەن خان ھەممە ئىشتا
دېگۇدەك ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ، خۇددى دۆلەتنى جەنجەن
خان ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ بېرىۋاتقاندەك، ئۆزى بولسا
دۆلەت ئاتىسى، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى يەنىلا تۇتۇپ
تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا ئىگە قىلدى. جەنجەن گەپ - سۆزدە ناھايى-
تى ئېھتىياتچان بولۇپ، بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ بوۋاينى
ھەسرەتكە سېلىپ قويغۇدەك ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلمىدى.
يىل شەھىرىگە كەلگەن شاھزادىلەر چىگو خانغا ئۇ يەنىلا خاندەك
بۇرۇنقىدەكلا ھۆرمەت بىلدۈردى. ھەرەمدىكىلەرمۇ گاندىراغا ئۆز
ئورنىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىنى سەزدۇرمىدى. جەنجەن خان قېرىن-
داشلىرىغا قاتتىق چەكلىمە قويۇپ، بارلىق ئوغۇللىرىدىن ئايرى-
لىپ قالغان تاغىسىنى ئازابقا سالىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قى-
لىشقا يول قويمىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ پەرمانىغا
قاتتىق بويسۇنغان بولسىمۇ، پەقەت بۇجۇنلا ئۇنداق قىلمىدى.
چىگو خانبەندۇنىڭ بەش ئوغلىغا ناھايىتى مېھرىبانلىق كۆرسەت-
تى. ئۇنىڭ ئۇلارغا، ئۇلار خۇددى ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامان
نىيىتى يوق بولغانغا ئوخشاش ھېچقانداق يامان نىيىتى يوق ئى-
دى.

ۋاقىت ئېقىۋاتقان سۇدەك ئۆتۈپ ھەش - پەش دېگۈچە ئوت-
تۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بەندۇنىڭ بەش ئوغلى جىئاننىڭ
ئوغلى خۇەنجۇنى خانلىق ئورنىغا چىقىرىپ، ئاكا - ئۇكا بەشى
قارا مەلىكىنى ئاستانىدىن ئېلىپ چىقىپ ئورمانلىقتا كىرىپ

زاھىت بولدى. ئۇلار يول بويى مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كۆككە تاقاشقان ھىمالايا تېغىغا يېتىپ باردى. ئارا يولدا بىر ئىت ئۇلارغا ئەگىشىۋالغاندىن كېيىن ئالتە ئادەم ۋە بىر ئىت تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئىبادىتىنى قىلدى. ئۇلار مېڭىبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، يول بويى ھېرىپ ـ چارچاپ بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كەتتى. يەنە كېلىپ ئەڭ ياش بولغىنى ئەڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى. قارا مەلىكە، شېتىيەن ۋە ۋۇجۇڭ ئۇچى بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجۇنا، ئارقىدىن چەكسىز كۈچلۈك بولغان بۇجۇنمۇ ئۆلۈپ كەتتى. جەنجەن خان ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا ئالدىغا قاراپ مېڭىپ ھېچقانداق ئازابلانماستىن مېڭىۋەردى، چۈنكى ھەقىقەتنىڭ نۇرى ئۇنىڭ ئالدىنى يورۇتۇپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇ نېمىنىڭ خىيال، نېمىنىڭ ھەقىقىي نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

ئۇ ئىت داۋاملىق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتاتتى، ھەقىقاندىيەت ئىتنىڭ سۈرىتىدە جەنجەن خانغا ئەگىشىپ ماڭدى.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyOTYyNzQuemlw",
  "filename_decoded": "40296274.zip",
  "filesize": 46857780,
  "md5": "eab8711597ecddf1a36111ae1abd3653",
  "header_md5": "d20b93b6aa46fc5070eec232e2faf087",
  "sha1": "ed1e89218544586b677921c3dddbfb97c8bdb7bd",
  "sha256": "52cad167e298cec9ae5261ee3be19332c39a5f39cd5c496178bcef07a2e83b12",
  "crc32": 522337452,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 52280797,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u2591\u2524\u2264\u2561\u2500\u255e\u253c\u252c\u2590\u2562\u03b1
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40296274",
  "pdg_main_pages_found": 241,
  "pdg_main_pages_max": 241,
  "total_pages": 249,
  "total_pixels": 897876160,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}